ISSN 1002-9044



1996 1

ISSN 1002-9044

# هۆرمەتلىك ئاپتور ھەم كىتابخانلار،
# يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

تەھرىر بۆلۈمىمىز قايىنام-تاشقىنلىق ئىسلاھات ھەم رىقابەت ئىچىدە 1996-يىلىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قەدەم تاشلاۋاتقان ئاپتور ۋە كىتابخانلار-ئەڭ قىزغىن سالام يوللايدۇ ھەمدە مول نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئۆزلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان تىرىشچان ئاپتورلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار 1995-يىلى ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئانا ژۇرنال — «تارىم» نىڭ سەھىپىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى، نوپۇزىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. يېڭى يىلدا يېڭىچە ئىجادىي روھقا تولۇپ-تاشقان بۇ قەدىناس ئىجادكارلىرىمىز 1996-يىلى بىزگە تېخىمۇ مول، تېخىمۇ ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئاپتورلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەۋزەل شارائىتىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ ھېچقاچان دەل بۈگۈنكىدەك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئەمەس. بىز ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ھازىر كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى كۆپ خىللىشىپ، «تارىم» سەھىپىلىرىدە تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ ئېسىل-نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئىشىنىمىزكى، «تارىم» نىڭ ئاپتورلىرى كىتابخانلارنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ كىتابخانلىرى بىزگە ئۈمىد ۋە شادلىق بېغىشلايدۇ. ئۇلار ژۇرنىلىمىزنى خېرىدارلىق، بازارلىق، ئابرويلۇق قىلدى. كىتابخانلىرىمىز-نىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق «تارىم» سەھىپىلىرىگە بېسىلغان ھەربىر ئەسەر خەلقىمىز ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. شۇڭا بىز 1996-يىلى مۇشۇنداق قىزغىن، مەسئۇلىيەتچان كىتابخانلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئاپتور ھەم كىتابخانلار، يېڭى يىل سىلەرگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن. مەنىۋى ھاياتىڭلار كۆڭۈللۈك، تېنىڭلار سالامەت بولسۇن!

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1996-يىل يانۋار

# تارىم


ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46 - يىل نەشرى

1

1996



باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇررۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| نۇرمەھەممەت توختى | خوتەندىن خەت (ئەدەبىي ئاخبارات) | 6 |
| مەتتاسىم ئابدۇراخمان | مىتە (ھېكايە) | 29 |
| تۇمۇر داۋامەت | ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە زىيارەت سەپەر خاتىرىسى) | 46 |
| مەتسېلىم مەتتاسىم | باھار يەنە كېلىدۇ (پوۋېست) | 103 |
| توختى سابىر | ئاچامنىڭ چېپى (ھېكايە) | 126 |
| ئا. ئابدۇقادىر | بۆرە ئىت (ھېكايە) | 134 |
| ئەخمەت خېۋىر | پەرىشتە (ھېكايە) | 140 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| ئابابەكرى توختى | گۈزەللىك ۋەسلىگە تويۇنغان جاھان | 33 |
| جۇمە ئابدۇغېنى | ئۈچ تەخمىس | 36 |
| قېيۇم سوپى | يۈرىكىمدە ئۇنىڭ يىلتىزى | 40 |
| ھوشۇر ئىبراھىم | غەزەللەر | 41 |
| ئىبراھىم ئىزاقى | ئۆچمەس چاقماقلار | 45 |
| ئادىل تۇنىياز | شائىرنىڭ ئىش كۈنلىرى | 93 |
| ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى | بۇ يوللاردا ياتار مىڭ سېھىر | 94 |
| تايىماس تاھىر | شائىرغا تەبىر | 95 |
| ئالىمجان ياسىن | بىر كۆزۈم تولۇن ئاي، بىر كۆزۈم قۇياش | 96 |
| ئىلھامجان ئابلىز | غەزەللەر | 96 |
| ئەسقەر ياسىن | ئىككى شېئىر | 98 |
| مۇھەممەت سالىم | سۆيگۈ ئىھراملىرى | 99 |
| ئەكبەر نىياز پەتتارى | سەھرايىم | 102 |

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەتئىمىن جاپپار.......... ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش.......... 144

## ئەسەر ۋە باھا

بارىجان زەپەر.......... «دەرۋازىۋەن» نىڭ خاسىيىتى.......... 149

## ماقالىلەر

«تارىم» نادىر ئەسەرلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىگە تېخمۇ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.......... 4

ۋېن لىپىڭ.......... «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» توغرىسىدا.......... 152

## ئەدەبىي ھابات ۋە ئۇچۇرلار

تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.......... 159

* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

مەسئۇل كوررېكتور: قىيۇم تۇرسۇن

# «تارىم» نادىر ئەسەرلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىگە تېخىمۇ كەڭ قىزغىن ئاچىدۇ

— ژۇرنىلىمىزنىڭ يېڭى يىل بېغىشلىمىسى

ئەدەبىياتىمىز يەنە بىر يىلنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ بىر يىلدا تىرىشچان ئاپتور-ئىجادكارلىرىمىز ئىجادىيەت مەنزىللىرىنىڭ يېڭى داۋانلىرىغا يۈرۈش قىلىپ، تىنىماي ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، «تارىم» گۈلزارلىقىغا تەقدىم قىلدى؛ ئۇلارنىڭ كۆپ خىل تېما، ئۇسلۇب، شەكىلدە يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى «تارىم» سەھىپىسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ۋە تەسىر كۈچىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاشۇردى. ژۇرنال خىزمىتىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجىلەر، ئالدى بىلەن ئاپتورلارنىڭ دەۋر ئالدىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە شەرەپلىك بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ، ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئاپتور مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنات يەتكۈزۈپ بەرگۈچى. كىتابخان — مۇشتەرى ئىستېمالچى. مۇھەررىر ئاپتور بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە. ئاپتورنىڭ كىتابخان — مۇشتەرىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تەمىناتى مەنىۋى ئوزۇق يەنى ئەدەبىي ئەسەر. ئەدەبىي ئەسەر ئاپتورنىڭ مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى قانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئىجادىيەت ساپاسى شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا ئوتتۇرىدا ۋاستە بولغان ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنىڭ ساپاسىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دېمەك، ئىجادىيەت ساپاسىنىڭ ئاچقۇچى ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ قولىدا. ئاپتورلار قوشۇنى ژۇرنالنىڭ ساپاسى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ژۇرنال ئاپتورلار قوشۇنىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ژۇرنال ئۈچۈن ئىنتايىن سۆيۈملۈك، بىز ئۇلارنى قانچە ئۇلۇغلىساق ئەرزىيدۇ! بىز ئۆزلىرىنىڭ بەباھا ئەمگەك مېۋىسىنى — ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى دەپ ھېسابلىغان ئەسەرلىرىنى ژۇرنىلىمىزغا تەقدىم قىلىپ، ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئىجادكار ۋە مەدەتكارلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلارغا «تارىم» گۈلزارىدىن گۈل دەستە تۇتىمىز.

بىز ھازىر ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە، ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز. دەۋرىمىز بىزگە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى راسا گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەۋزەل مۇھىتى ۋە پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. ھەممە تەرەپتە يېڭى يۈرۈش، تېخىمۇ كاتتا ئىشلار باشلىنىپ، ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. خەلقىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دولقۇنلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشىنى ياراتماقتا. ھەممىلا يەردە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان يېڭى مەنزىرە، يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلمەكتە. ئەدەبىياتىمىز جەزمەن دەۋرنىڭ تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىشى، دەۋرنىڭ ياڭراق ساداسىنى ياڭرىتىپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشى كېرەك.

ئەدەبىياتنى يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك تالانت ئىگىلىرى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىشىمىز كېرەك. بۇ، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى سەممىي ئۈمىدى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ماددىي تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى. شۇڭا كەڭ ئاپتورلىرىمىزدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتىنى تازا كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش تەقەززاسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى كېرەك.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ئاساسىي مەسىلە، مۇھىم مەسىلە. گەرچە ئەدەبىياتىمىزدا زور ئىلگىرىلەش، گۈللىنىش بولغان بولسىمۇ، ئىجادىيەتنىڭ ساپاسى، سەۋىيىسى دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىدىن تېخى كۆپ يىراق. بولۇپمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن، كۈچلۈك جەلپكارلىق ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، جەمئىيەت ۋە ئامما ئارىسىدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلغان نادىر ئەسەرلەر بەك ئاز.

نادىر ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن ئاپتورلىرىمىز نادىر ئەسەر ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى ئىجادىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە تالانت ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، نادىر ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

نادىر ئەسەر ۋە تالانت ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پائال خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ژۇرنىلىمىز ساپاسى يۇقىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە ئېتىبار بىلەن ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ. بۇ يىل 1-ساندىن باشلاپ 4-قېتىملىق «تارىم» ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنى يولغا قويۇپ، 1997-يىلى 12-سانغىچە بولغان ئىككى يىلدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن ھەر بىر ژانىر بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ مۇكاپاتلايدۇ. (بۇ مۇكاپاتقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر «〈تارىم〉 مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەر» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى لازىم) ژۇرنىلىمىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نەمۇنىلەرنى، يېڭى ئىجاد قىلىنغان رومانلارنىڭ ئېسىل باب-بۆلەكلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىللە ھازىرقى زاماندىكى يېڭى ئېقىم، يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى شەكىلگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قىسقا ھېكايە، مەسەل، يۇمۇر، ساتىرا، شېئىرلارنى تاللاپ بېرىپ، ژۇرنال سەھىپىسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، تالانت ئىگىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە يېتىلىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ. «تارىم» نادىر ئەسەرلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىگە تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

نۇر مۇھەممەت توختى



# خوتەندىن خەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## 1. كونا ئىشتىن يېڭى ئۇچۇر

1994-يىل 19-ئىيۇل قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزا × كەنتىدە چاچ-ساقاللىرىغا قىراۋ چۈشكەن، يېشى 60 لارغا ئۇلاشقان بىر مويسىپىت دېھقان بىلەن پىلە-ئۈجمىچىلىك ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدىم. دېھقان بېشىنى مەيۈسانە چايقاپ: «نېمىسىنى دەيلا، غوجام، پىلە قۇرتى بىر زۇلۇم بولدى، زۇلۇم...» دېدى. مەن ھەيران بولدۇم، ئىككى يىنىمغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قويدۇم. خۇداغا شۈكۈر، ئەتراپىمىزدا ھېچكىم يوق ئىكەن. «زۇلۇم» دېگەن ئاشۇ نامۇۋاپىق سۆزنى باشقىلار ئاڭلاپ قالماپتۇ...

كىشىلەر ئېھتىمال «ئىرقىي زۇلۇم»، «سىنىپىي زۇلۇم»، «مىللىي زۇلۇم»، «باي-پومېشچىكلارنىڭ زۇلۇمى»... دېگەندەك سۆزلەرنى گېزىت-ژۇرناللاردىن، كىتاب-دەرسلىكلەردىن ئوقۇغاندۇ. لېكىن، «پىلە قۇرتى زۇلۇمى»، «پىلە زۇلۇمى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. «مىللىي زۇلۇم»، «سىنىپىي زۇلۇم» يوق قىلىنغان جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، «زۇلۇم» سۆزىنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشى قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟ «ئوكيانۇس»قا قاراپ باقسام «زۇلۇم» دېگەن ئاتالغۇغا «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش» ۋە «ئېزىش» دەپ چۈشەنچە بېرىلىپتۇ. ھېلىقى دېھقان زادى نېمە دېمەكچى؟ ئۇ پىلە-ئۈجمىچىلىك زۇلۇمغا ئايلاندى، پىلە قۇرتى بېقىش زۇلۇم بولدى، پىلە بېقىشقا مەجبۇرلىغانلار زۇلۇم سالدى، پىلىچىلىك جاپا-مۇشەققەت ئېلىپ كەلدى، دەرد-ئەلەم ئېلىپ كەلدى، دېمەكچى. كىملەردۇر بىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، بىزنى ئەزدى، دېمەكچى...

ئۇنىڭ «پىلە قۇرتى زۇلۇم بولدى، زۇلۇم...» دېگەن سۆزى نامۇۋاپىق ئېيتىلغان سۆز. خوتەننىڭ ئىنسانىيەتكە پىلىنى، پىلە-يىپەكچىلىك مەدەنىيىتىنى تەقدىم قىلغانلىق تارىخىي تۆھپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي خاتا ئېيتىلغان سۆز.

ھېلىقى دېھقان ئالجىپ قالغانمىدۇ؟ ياق. ئالدىنقى 30 يىللىق سىياسىي بوران-چاپقۇنلار، ئۇچۇقداشلار، كۈرەش، پىيەن قىلىشلار، قالپاق كىيدۈرۈشلەر، يۈزگە قارا سۈۋاپ

سازايى قىلىشلاردىن يۈرەك يارىسى بولۇپ، قورقۇنچاقلىشىپ كەتكەن خوتەنلىكلەر بىردىن «زۇلۇم» ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇدەك دەرىجىدە باتۇرلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ ياق.

ئەمىسە بۇ دېھقانغا زادى نېمە بولدى؟

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىچارىگە دەرد بولدى. بۇ يەردە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر نەرسە بار. سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز پىغانلىق ھېكايە، بىر يىغلاپلا خالاس بولغىلى بولمايدىغان دەرد-ئەلەم بار. ھاقارەت، تاياق، ھەيۋە-دوق، بېسىم، جەرىمانە بار...

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە خوتەننى تېزرەك ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، خوتەننى شىنجاڭغا، پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇش؛ شىنجاڭنى، پۈتۈن مەملىكەتنى، دۇنيانى خوتەنگە جەلپ قىلىش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. خوتەننى شىنجاڭغا، پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك. خوتەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقۇدەك گۈزەل ۋە ئېسىل يۇرت. قەدىمكى شاھىنشاھلاردىن بىرىنىڭ ئەتىۋار قىزىنى ماكانلاشتۇرۇش ئۈچۈن «تۆت ئاپەت» تىن (يىلان-چايانىدىن، يەر تەۋرەشتىن، سۇ ئاپىتىدىن، قاتتىق ئىسسىق ۋە قاتتىق سوغۇقتىن) خالىي ماكان ئىزدەپ، ئاخىر خوتەننى تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە شۇنداقلا ھەزرىتى ناۋايى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل تەسۋىرلىرى بۇنىڭ دەلىلى. بۇ يەرنىڭ ئېلىنىڭكىدەك كۆپ ۋە ئېسىل ئالمىزارلىقلىرى، تۇرپانىڭكىدەك ئۈزۈمزارلىقلىرى، ئاتۇشنىڭكىدەك ئەنجۈرلۈكلىرى، قەشقەرنىڭكىدەك ئانارلىق باغلىرى، ئاقسۇنىڭكىدەك پايانسىز شالزارلىقلىرى، ئالتاينىڭ يايلاقلىرىدەك كەڭ ۋە پايانسىز يايلاقلىرى بار. نە شىپۇتى كورلىنىڭكىدەك، ئۆرۈكى كۇچانىڭكىدەك، قوغۇن-تاۋۇزى قۇمۇل ۋە پەيزاۋاتنىڭكىدەك شېرىن ۋە ئېسىل. شاپتۇلى، بولۇپمۇ كۆك شاپتۇلى سېلىشتۇرغىلى تەڭدىشى يوق. خوتەننى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك. خوتەننىڭ ئېسىل كىلىماتىنى، گۈزەل مۇھىتىنى، ياخشى شارائىتىنى، شېرىن نېمەتلىرىنى تونۇتۇپلا قالماي خوتەنلىكلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئىستەك-ئىنتىلىشلىرىنى، كۈلكە-شادلىقلىرىنى، دەرد-ئەلەملىرىنىمۇ تونۇتۇش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە خوتەنلىكلەرنىڭ ئىستەك-ئىنتىلىشلىرىنىڭ كىچىلىكلىكىگە تەڭداش تېپىلمايدۇ. بۈگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ خۇشاللىق-شادلىقلىرىغا ھېچكىمنىڭ شادلىقى يېتىشەلمەيدۇ. بۈگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگىمۇ ھېچكىمنىڭ دەرد-ئەلەملىرى يېتىشەلمەيدۇ...

گەرچە بۇ ئومۇمىي سىمپونىيە ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر قىستۇرما بولسىمۇ، ھېلىقى دېھقاننىڭ «پىلە قۇرتى زۇلۇم بولدى...» دېگەن ئاشۇ سۆزىگە خوتەنلىكلەرنىڭ دەرد-ئەلىمى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ يەردە ھەقىقەتەنمۇ ئۇرۇمچىلىكلەر ۋە ئېلىلىقلار بىلمەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، پۈتۈن شىنجاڭلىقلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلار، دۇنيا خەلقى بىلمەيدىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاجايىپ ئىشلار بار. ھاقارەت، تاياق، ھەيۋە-دوق، بېسىم، جەرىمانە بار...

ئاشۇ «زۇلۇم» سۆزىنى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ، ئادالەت تىكلىنىپ، يەنە 45

يىلدىن كېيىن ئېغىزغا ئالغان دېھقان زادى كىم؟ ئىسمى نېمە؟ مەن بۇنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. نېمە ئۈچۈن؟

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

بۇ يىل يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى X قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ. يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئۇدا ئاشقانلىقى، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى پالان پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپتۇ. ئارقىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ مەلۇم بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپتۇ. دېھقاننىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئىشلەپچىقىرىشىنى، كىرىم-چىقىمىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. دۆلەتكە قانچىلىك ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلىكىنى، ئاشقان ئاشلىقنىڭ يېتىدىغان-يەتمەيدىغانلىقىنى، نەچچىنچى ئايغىچە يېتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىق تارتىدىغان-تارتمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپتۇ... بەلكىم شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى تەڭقىسلىقتا قالغان بولۇشى مۇمكىن. نەق مەيداندا تۇرغان يېزا رەھبەرلىرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا، يەر تېگىدىن بىر قانچە قېتىم قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، يوقسۇزلۇقتىن قاتتىق نەرسە يوق. مۆلدۈرلەپ تۇرغان يالىڭاياق باللىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاچ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان دېھقان ئاخىر راست گەپنى دەپتۇ. يېزا رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىچىلا، دۆلەتكە سېتىشتىن كېيىن ئاشقان ئاشلىقنىڭ ئاران 11-ئايغىچە يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ... دېھقاننىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسىغا راست گەپ قىلغانلىقى توغرا، ئۇ دەردىنى، قىيىنچىلىقىنى پارتىيىنىڭ ۋەكىلىگە ئېيتماي، كىمگە ئېيتسا بولاتتى؟ بەلكىم دېھقان شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ چىرايىغا ئۈمىد ۋە ئىلتىجا بىلەن باققاندۇ، قارا كۆزلىرىگە ياش ئالغاندۇ. بەلكىم ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسىمۇ دېھقاننىڭ «ئاشلىقىم ئاران 11-ئايغىچە يېتەر» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، نېمىندۇر ئويلاپ جىمىپ قالغاندۇ. يېزا رەھبەرلىرىگە مەنىلىك ھالدا تىكىلىپ قارىغاندۇ... زىيارەت ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى دېھقانغا تەسەللى بېرىپ، ئاچ قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىكنى ئېيتىپتۇ. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى ئاچ قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ قايتىپتۇ...

ئەگەر ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ بىر قېتىملىق يېزىغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە مۇشۇ يەردىلا تۈگىگەن بولسا، بۇ پارتىيىمىز كادىرلىرىنىڭ بيۇكراتلىقتىن خالىيلىقى، ئاممىنى يوقلاپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغانلىقى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاياشى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىغا ئايلانغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ خاتىرە مۇشۇ يەردىلا تۈگىمەي قالدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن — توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ پاقلان كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، ئۇلار كاۋىپى، كەپتەر كاۋىپى، قۇشقاچ كاۋىپى ۋە

كەپتەر تۇخۇمى، قۇشقاچ تۇخۇمى، غاز تۇخۇمى بىلەن تەييارلانغان داستىخانغا قىيا كۆزىنىمۇ سالماي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن — ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆيىدە قىيامەت قايىم بولدى. بۇ قىيامەتنى ھېلىلا يۈزلىرىدىن خۇشامەت كۈلكىسى بالقىپ تۇرغان ئاشۇ يېزا رەھبەرلىرى قايىم قىلدى. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بىلەن يېزا باشلىقى قايىم قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىر مەھەللىدە، بىر يولدا مېڭىپ، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىر ناخشىنى تەڭ ئېيتىپ چوڭ بولغان يۇرتدىشى ئالدىدا ئەزرائىلغا ئايلاندى. چىرايىدىن قار-مۇز ياغدى. ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقتى.

— نېمىشقا ئاشلىقىم يىل بويى يېتىدۇ دېمەيسەن؟ سەن ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ. بىزنى يەرگە قاراتتىڭ. بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىزنى يوققا چىقاردىڭ، بىزنى ئوسال قىلدىڭ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

— سەن پارتىيىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈردۈڭ، پارتىيىگە قارشى چىقتىڭ! — دەپ پوپوزا قىلىشتى ئۇلار.

— يېزىمىزدا سېنىڭدەك گەدەنكەش ئەزا يوق، بۇ يەردىن دەرھال يوقال، كۆچۈپ كەت، ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆچۈپ كەت! — دەپ جارقىراشتى ئۇلار.

— سەن ئاشلىقىم يەتمەيدۇ، ئاچ قالىمەن دېگەنىدىڭ تايىنلىق ئاچ قال، ئاچ قېلىپ ئۆل... — دېيىشتى ئۇلار ۋە بىچارە دېھقاننىڭ دۆلەتكە سېتىشتىن ئېشىپ قالغان ئازراق بۇغدىيىنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى.

بىچارە دېھقاننىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى، تاغ ئۆرۈلدى. دېھقان ئۈچۈن ئاشلىقسىز قېلىشتىن، ئەزىز يۇرتىنى تاشلاپ چەت يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشتىن ئارتۇق قىيامەت بارمۇ؟ بىچارە ئاخىر بالا-چاقىلىرىنى يېتىلەپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى...

مېنىڭ ھېلىقى «پىلە زۇلۇمى» توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن دېھقاننىڭ ئىسمى-شەرىپىنى ئېيتىپ بېرەلمەسلىكىمدىكى، يازالماسلىقىمدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئۇنىڭ ماڭا پىلە-ئۈجمىچىلىك ھەققىدە، پىلە قۇرتىنىڭ زۇلۇمغا ئايلانغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى يېزا باشلىقلىرى ئۇقسا، ئۇنىڭ ھويلىسىدىمۇ قىيامەت قوپارماسمۇ؟ سايباغ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى تۇرسۇنتوختى ئابدۇراخمان بىلەن يېزا باشلىقى ئىمىننىياز ئابباسنىڭ ئاشۇ مويسىپىتقا ئاھانەت قىلماسلىقىغا، ئۇنى «زۇلۇم سۆزىنى تىلغا ئاپسەن» دەپ كۆچۈپ كېتىشكە زورلىماسلىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايمەن. يېزا باشلىقلىرى تەقدىرنامە ئېلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇرتداشلىرىغا نېمىلەرنى قىلمايدۇ دەيسىز؟ تۇرسۇنتوختى ئابدۇراخمان بىلەن ئىمىننىياز ئابباس ئۇنداق قىلمىغاندىمۇ يەنە باشقىلارنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن ماڭا پىلىچىلىك ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى دېھقاننىڭ ئىسمىنى ھېچكىمگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ

بىچارە دېھقانغا يەنە دەرد تېپىپ بېرىش خىيالىم يوق...

ۋەھالەنكى، ھېلىقى مويسىپىتنىڭ ماڭا: «نېمىسىنى دەيلا، غوجام، پىلە قۇرتى زۇلۇم بولدى، زۇلۇم...» دېگەنلىكى راست، مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلىمىغان «زۇلۇم» سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانلىقىممۇ راست. ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلىمىغان سۆزنى ئاڭلاش كىشىگە خېلى ئوبدانلا يېڭىلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىكەن. ئۇزاقتىن بېرى يۈز بەرمىگەن ئىشنىڭ قايتا يۈز بېرىشمۇ كىشىنى خېلى ئوبدانلا جەلپ قىلىدىكەن. مەن ئاشۇ مويسىپىت بىلەن پىلىچىلىك ھەققىدە پاراڭلاشقاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئايدا ئۇچرىشىشىم، سۆزلىشىشىم مۇمكىن بولغانلا دېھقانلارنىڭ ھەممىسىدىن پىلىچىلىك ھەققىدە سوراپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتايىتەن مېنى ئىزدەپ كەلدى، بىز سۆزلەشتۇق، مۇڭداشتۇق. ھەممە يەلەننىڭ يەتكۈچە قورساق كۆپۈكى، دەرد-ئەلىمى بار ئىكەن. پىلە قۇرتى ئۈستىدىن، پىلىچىلىك ئۈستىدىن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن شىكايەت قىلىشتى. ئاشۇ پاراڭلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ھېلىقى مويسىپىتنىڭ سۆزىگە يىغىنچاقلاندى.

— نېمىسىنى دەيلا، غوجام، پىلە قۇرتى زۇلۇم بولدى، زۇلۇم...

بىزدە دەردلىرىڭنى سۆزلەپ چىقىرىۋەتسەڭ يېنىكلەپ قالىسەن، دېگەن ئەقىدە بار. مەن بىلەن ھال-مۇڭ قىلىشقان ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ بەلكىم قورساق كۆپۈكى چىقىپ يەڭگىللەپ قالغاندۇ. ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلغاندۇ. ئەكسىچە ئاشۇ دەرد-ئەلەملەرنى ئاڭلىغانسېرى ئەمدى مېنىڭ قورسىقىم كۆپۈپ قالدى. ئۆزۈمنى كىمدىندۇر، نېمىدىندۇر ئاغرىنغاندەك، ئاللىقانداق بىر دەردكە گىرىپتار بولغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. كىمگىدۇر ھال-مۇڭ ئېيتقۇم كېلىپلا تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، «خوتەندىن خەت» نى يېزىشقا كىرىشتىم.

## 2. خوتەن — پىلىچىلىكنىڭ بۆشۈكى

خوتەننىڭ يىپەك، گىلەم، قاشتېشىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتىرى بار، بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەر ئىچىدە يىپەك بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ.

مەن خوتەن پىلە-يىپەكچىلىكىنىڭ مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ فوكۇس نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقى ھەققىدە بىر مۇنچە پاكىتلارنى يولۇقتۇرغان. بەزى ئالىملار قەدىمكى ياۋروپالىقلارنىڭ «سىرىس دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) دېگەن سۆزىنىڭ خوتەننى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ يۈرۈپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ نىيە قەدىمكى خارابىسى ۋە باشقا خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان پىلە غوزىكى، يىپەك رەختلەر ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارمۇ خوتەننىڭ پىلىچىلىكنىڭ بۆشۈكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىردىنلا خوتەن پادىشاھىغا ياتلىق قىلىنغان قايسىبىر مەلىكىنىڭ چېچىغا پىلە غوزىكى

قىستۇرۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى. پىلىچىلىكتىن خەۋىرى بار ھەر قانداق بىر ئادەم پىلە قۇرتى تورغا كىرىپ پىلە غوزىكى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئەگەر 8 — 10كۈن ئىچىدە پىلە غوزىكىنى بوسلاپ-پىشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پىلە قۇرتىنى ئۆلتۈرمىگەندە قۇرتنىڭ پىلە كېپىنىكىگە ئايلىنىپ پىلە غوزىكىنى تېشىپ چىقىدىغانلىقىنى، دەرھال تۇخۇملاشقا باشلايدىغانلىقىنى، مۇۋاپىق ساقلاش مۇھىتى بولمىسا (ساقلاش جەريانى سوغۇق ساقلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ئىسسىق ئايلاردا مۇزخانىدا ساقلىنىدۇ. سوغۇق ئايلاردا تەبىئىي ساقلىنىدۇ) پىلە غوزىكىنىڭمۇ، پىلە كېپىنىكىنىڭمۇ، پىلە لىچىنكىسىنىڭمۇ نابۇت بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنى چاچقا قىستۇرۇپ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىن يۆتكەپ كەلگىلى بولارمۇ؟ نەچچە ئايلاپ ئاتلىق يول يۈرۈپ خوتەنگە كېلىش جەريانىدا قۇرت پىلە غوزىكىنى تېشىپ چىقماسمۇ؟ مەلىكە چېچىغا قىستۇرۇۋالغان پىلە غوزىكى ئىچىدىكى پىلە قۇرتى ئۆلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئۆلۈك پىلە قۇرتى پىلە كېپىنىكىگىمۇ ئايلىنالمايدۇ. پىلە قۇرت لىچىنكىسىمۇ تۇغالمايدۇ. ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۈزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېسابسىز نېپىز ۋە يېپەك رەختلىرى بىلەن جاھانغا يېپەكتەك گۈزەللىك، يېپەكتەك ئەۋرىشىملىك، يېپەكتەك ئىللىقلىق بەخش ئەتتى. يۇرتلارنى بىر-بىرىگە چاتتى. قەلبلەرنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇردى...

خوتەننىڭ پىلىچىلىكى ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلدى. 50-يىللاردا خوتەنلىكلەر يىلىغا 500 توننا ئەتراپىدا پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقارغان بولسا، 60-يىللاردا 1200 تونىنغا يەتكۈزدى. 80-يىللارنىڭ دەسلىپىدە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىللىق پىلە غوزىكى مەھسۇلاتى 650 توننا ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، 1994-يىلىغا كەلگەندە بىراقلا بىر قانچە ھەسسە سەكرەپ 3700 توننا پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقاردى. خوتەن ۋىلايىتى ئىشلەپ چىقارغان پىلە غوزىكى مەھسۇلاتى پۈتۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقارغان پىلە غوزىكى مەھسۇلاتىنىڭ % 76نى تەشكىل قىلدى. 3700 توننا — ئۈچ مىليون 700 مىڭ كىلوگرام پىلە غوزىكى ئىشلەپچىقىرىش خوتەننىڭ پىلىچىلىك تارىخىدا ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەپسۇسكى، پىلىچىلىك ۋە يېپەكچىلىكنى كەشىپ قىلغان، شۇنچىۋالا نۇرغۇن پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقارغان خوتەنلىكلەر يەنىلا نامرات، ئالاھىدە نامرات! دۇنياغا قاتمۇقات پايانداز سېلىشقا مۇمكىن بولغۇدەك نۇرغۇن زىلچا-گىلەم ئىشلەپ چىقارغان خوتەنلىكلەر يەنىلا نامرات! جاھاندىكى بارلىق قىزلارنىڭ بوينىغا قاشتېشى زۇننار ئېسىشقا يەتكۈدەك نۇرغۇن قاشتېشى ئىشلەپچىقارغان خوتەنلىكلەر يەنىلا نامرات! «ئاشلىق مەھسۇلاتىنى، پاختا مەھسۇلاتىنى، مېۋە-چېۋە مەھسۇلاتىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ» كېلىۋاتقان خوتەنلىكلەر يەنىلا نامرات! «خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرمۇ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 300 يۈەنگە يەتمەيدىغان 806مىڭ نوپۇس بار، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 62نى تەشكىل قىلىدۇ،

بۇنىڭ ئىچىدە 208مىڭ كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 200يۈەندىن تۆۋەن...».

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟

1994-يىلى 3 مىليون 700مىڭ كىلوگىرام پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقارغان خوتەن دېھقانلىرى ھەر كىلوگىرام پىلىنى زاۋۇت تەرەپنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە 10يۈەندىن ساتتى دەپ ھېسابلىساق، شۇ يىلى 37 مىليون يۈەن كىرىم قىلغان بولىدۇ. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە بېقىلغان 175مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىر قۇتىسىنى پىلە ئۇرۇقچىلىق زاۋۇتىنىڭ توپ سېتىش باھاسى بويىچە 14 يۈەن 30 فوڭدىن ھېسابلىساق، خوتەن دېھقانلىرى شۇ يىلى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئوشۇقراق پۇلغا پىلە ئۇرۇقى (پىلە قۇرتى لىچىنكىسى) سېتىۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يەنە پىلە قۇرتى بېقىش ئۆيىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش دورىسى، پىلە قۇرتى قېتىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى، پىلە قۇرتى قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پاراشوكى سېتىۋېلىشى كېرەك. يەنە ھەر بىر ئائىلە پىلە قۇرتى باقىدىغان مەخسۇس ئۆي سېلىشى، ئۆي ئىچىگە تېمپېراتۇرا تەڭشىگۈچى ئوچاق سېلىشى، نۇرغۇن ياغاچ-بادىرا ئىشلىتىپ سۆچەك ياسىشى (كۆپ قەۋەتلىك، كەڭ يۈزلۈك جازا)، سۆچەك ئۈستىگە مەخسۇس پىلە بېقىش ئۈچۈن سىچۇەندە توقۇلغان چوڭ بامبۇك سېۋەت (بەزى كادىرلىرى بۇنى سامبا دەيدىكەن. بىر دانىسىنى 10يۈەندىن 15 يۈەنگىچە ئالىدىكەن)لەرنى قويۇشى، پىلە بېقىش ئۆيىنى قايتا-قايتا دېزىنفېكسىيە قىلىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل خەجلىشى كېرەك. پىلە قۇرتى باقماسلىققا يول قويۇلمايدۇ. مەخسۇس پىلە قۇرتى بېقىلىدىغان ئۆي سالماسلىققا، سۆچەك ياسىماسلىققا، دېزىنفېكسىيە قىلماسلىققا، ئوچاق سالماسلىققا يول قويۇلمايدۇ. سۆچەك ئۈستىگە ئادەتتىكى بورا سېلىشقا، يەرلىكتە تال چىۋىقتىن توقۇلغان سېۋەتلەرنى قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ. چوقۇم مەخسۇس سىچۇەندە توقۇلغان بامبۇك سېۋەت قويۇش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. بىز بۇلارغا خەجلەنگەن پۇلنى ھېسابقا ئالماي، پىلە غوزىكى سېتىشتىن كىرگەن ئومۇمىي كىرىمنى (پىلە قۇرتى سېتىۋالغان چىقىمنى چىقىرىۋېتىپ) خوتەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا چاچساق، ھەر بىر نوپۇسقا ئاران 23 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

بىز يەنە تۆۋەندىكى ھېسابقا قاراپ باقايلى.

قاراقاش ناھىيىسىدىكى پىلە ئۇرۇقچىلىق زاۋۇتىدىكى ياش تېخنىك يىگىتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەڭ ياخشى ئۇخشىغان بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن 25 كىلوگىرام غوزەك يىغىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇنى زاۋۇتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە 10 يۈەندىن ساتساق، 250 يۈەنگە ساتقان بولىمىز، بۇنىڭدىن 15 يۈەننى ئۇرۇق پۇلىغا، 15يۈەننى دورا پۇلىغا، 100 يۈەننى يوپۇرماق پۇلىغا (ئۈجمە يوپۇرمىقى يوق ياكى يوپۇرمىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەر يوپۇرماق سېتىۋېلىشقا مەجبۇر) چىقىرىۋەتسەك، پىلىكارغا 130 يۈەن ئاشىدۇ. پىلە قۇرتى غوزەككە ئايلىنىش ئۈچۈن 35-40 كۈن كېتىدۇ. بىر

قوتا پىلە قۇرتىنى ئىككى ئادەم ئاران باقالايدۇ. دېمەك، ھەر بىر پىلىكارغا 65يۇەندىن، ھەر بىر ئەمگەك كۈنىگە بىر يۇەن يەتمىش فوڭدىن توغرا كېلىدۇ...

تاڭدىن شامغىچە، شامدىن تاڭغىچە ئىشلەپ، ئاران بىر يۇەن 70فوڭغا ئېرىشكەن ئەمگەكچى نامرات بولماي، يەنە نېمە بولماقچىدى؟

ئاشۇ بىر يۇەن يەتمىش فوڭ (ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى دېمەيلا قويايلى) سەھەر تۇرۇپ ئۇجمە شېخىنى كېسىش، يوپۇرماق يۇتاش، ھەر بىر تال يوپۇرماقنى لۆڭگە ياكى ياغلىق بىلەن بىر-بىرلەپ سۈرتۈپ چىقىش (قۇرتقا يوپۇرماقنى پاكىز سۈرتمەي ياكى سۇدا يۇيۇپ بەرسە ئۆلۈپ قالىدۇ)، پىلە قۇرتى بېقىلىدىغان ئۆيگە ئوت قالاش (قۇرتخانىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 22℃تىن 28℃قىچە بولۇشى كېرەك)، كېچىسى ئىككى قېتىم، كۈندۈزى 3 — 4 قېتىم يوپۇرماق سېلىش، چۈمۈلە، چاشقان ۋە قۇشلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن قوغداش، قۇرتخانا تېمپېراتۇرىسىنى سائەتمۇ سائەت تەكشۈرۈپ تۇرۇش قاتارلىق بىر كۈنلۈك مېھنەتكە بەدەل بولالامدۇ؟ بىر كۈن سېسىقچىلىققا چىداش (قۇرتخانا بىر خىل سېسىق ھاۋاغا تولغان بولىدۇ. بۇ پىلە قۇرتىنىڭ بىر خىل سېسىق پۇراق چىقىرىشىدىن ياكى ئۇزلۇكسىز چېچىلغان دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنىڭ بۇلغىنىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن)قا، ماغدۇرسىزلىنىشقا چىداشقا (پىلە قۇرتىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولغاچقا، قۇرتخانىدا ئىشلىگەن ئادەمدە ماغدۇرسىزلىنىش، بېشى قېيىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ) بەدەل بولالامدۇ؟ 1994-يىلى خوتەن شەھرىدە بىر كىلوگرام گۆش 18 يۇەنگە، 40 جىڭلىق بىر خالتا ئۇن 43 يۇەنگە سېتىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بىر يۇەن 70 فوڭ بىلەن بىر پىلىكار بىر كۈن جان باقالامدۇ؟

پىلىچىلىكنىڭ بۆشۈكى نامراتلىققا پېتىپ قالدى. پىلىكارلار نامراتلىق ئىچىدە ئىڭرىماقتا. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

راست، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نامراتلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، نامراتلارغا ياردەم قىلىدۇ. نامراتلارنى يۆلەيدۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت ئالاھىدە نامرات رايون — خوتەن ۋىلايىتىگە ئىزچىل ياردەم بېرىپ كەلدى. ھەر يىلى نەچچە مىليون مەبلەغ ئاجرىتىپ نامراتلارنى يۆلەشكە چۈشۈرۈپ تۇردى. خوتەن ۋىلايىتى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر خوتەن خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تالاي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پىلىچىلىك-يىپەكچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تاللاپ، بەس-بەستە يىپەك زاۋۇتلىرىنى قۇردى. گۇما ۋە نىيە ناھىيىسىدىن باشقا ھەممە ناھىيىلەردە يىپەكچىلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى. نۇرغۇن كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى، كەڭ دېھقانلار ئاشۇ زاۋۇتلار ئۈچۈن خام ئەشيا تەييارلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى.

ئەپسۇسكى، خوتەنلىكلەر يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ئەكسىچە «زۇلۇم» ھېس قىلدى. خوتەنلىكلەر نېمە ئۈچۈن «زۇلۇم» ھېس قىلدى؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي.

مېھنەت مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالسا زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ. مېھنەت جەرىمانە، قورقۇتۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلسا زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ. مېھنەت ئۆزىگە لايىق قىممەتكە ئىگە بولالمىسا زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ. مېھنەت مېھنەت مېۋىسى مېھنەت قىلغۇچىغا تولۇق تەگمىگەندە زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ.

تۆۋەندە ئاشۇ زۇلۇم ھېس قىلدۇرغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى «تۆمۈر» ھەققىدە كىچىككىنە قىستۇرما بەرمەكچىمەن. بۇنىڭ كېيىنكى گەپلەرنى چۈشىنىدۇرۇشكە-چۈشىنىۋېلىشقا چوڭ ياردىمى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ «تۆمۈر چارۋا» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى بىلىدۇ. ئالدىنقى يىللاردا خوتەندە پېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ قارا قورۇمدىكى يايلاقتا «تۆمۈر قويى» بارلىقى توغرىسىدا پاراڭ تارقالغان. ئۇنىڭ «تۆمۈر قويلىرى» شامەخسۇت ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋىلىرى»دەك كۆپ ئەمەس ئىكەن، پەقەت 50 تۇياق ئىكەن. ئۇ ھەر يىلى خالىغان چاغدا تاغدىن 50 تۇياق قويىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، سويۇپ يەيدىكەن، ساتىدىكەن، باشقىلارغا سوۋغات قىلىدىكەن، لېكىن يەنە تاغدا 50 تۇياق قوي ئېشىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ 50 تۇياق قويى كېسەل بولمايدىكەن، ئاپەتكە ئۇچرىمايدىكەن، ئۆلمەيدىكەن، سوۋاي قالمايدىكەن، ئەكسىچە ھەر يىلى ھەر بىرى بىردىن يەنە ئەللىكنى قوزىلاپ تۇرىدىكەن، ھەتتا قوچقار-ئېركەكلىرىمۇ قوزىلايدىكەن، بۇ ئىش 1985-يىلدىن بېرى ئىزچىل شۇنداق بولۇپ كەپتۇ...

دېمەك كىشىلەر «تۆمۈر چارۋا»، «تۆمۈر قوي» توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان. ۋەھالەنكى، ئۇلار تا ھازىرغىچە «تۆمۈر قۇرت»، «تۆمۈر ئۈجمە»، «تۆمۈر مەھسۇلات»، «تۆمۈر ۋەزىپە»، «تۆمۈر باھا»... دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. پاكىت دېگەن پاكىت. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش-ئاڭلىماسلىقىغا، شۇنداق ئاتاش-ئاتىماسلىقىغا باقمايدۇ. خوتەن پىلىچىلىكىدە ئاشۇ «تۆمۈر»لەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاللىقاچان پاكىتقا ئايلاندى.

## 3. «تۆمۈر قۇرت» توغرىسىدا پاراڭ

بىرىنچى ھېكايە

1993-يىل يازدا لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىنىڭ باشلىقلىرى ھەيرانباغ كەنتىگە يازلىق پىلە قۇرتىنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇلار مەھەللىمۇمەھەللە، ئائىلىمۇئائىلە ئالا قويماي كىرىپ تەكشۈردى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ قۇرتخانىسىدىكى سۆچەكلەردە، مەخسۇس سېچۆەندە توقۇلغان بامبۇك سېۋەتلەرنىڭ ئۈستىدە ھەر يان

تولغىنىپ-ئۆمىلەپ، زومرەتتەك يېشىل ئۈجمە يوپۇرمىقىنى چىرىسلىتىپ يەۋاتقان پىلە قۇرتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، سېمىز-ئورۇقلۇقىنى سېلىشتۇردى. قۇرتلارغا كېسەل تەگكەن-تەگمىگەنلىكىنى، ئۆلگەن-ئۆلمىگەنلىكىنى، ئۆچەككە كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى سوراشتۇردى. قۇرتى ياخشى ئاينىۋاتقانلارنى ماختىدى. قۇرتى ياخشى ئۆسمىگەنلەرنى تەنقىد قىلدى. قۇرتى ئۆلگەنلەرگە نەق مەيداندا جەرىمانە قويۇشتى. ئۇلار دېھقان × ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ باققان پىلە قۇرتىدىن بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى × چالۋاقاپ كەتتى:

— هوي، ئېيتە، قۇرتلار نېمىشقا ئۆلدى؟

— ئەمدى، ئەمدى... ئۇقماي قالدۇق، كېسەل تەگكەن چېغى...

— سەن ساقمۇ؟

— ساق.

— بالا-چاقىلىرىڭ ساقمۇ؟

— ساق.

— سەن ۋە بالا-چاقىلىرىڭغا كېسەل تەگمەپتۇ، سەنلەر ئۆلۈشمەپسەن، نېمىشقا قۇرتقا كېسەل تېگىدۇ؟ نېمىشقا قۇرت ئۆلىدۇ؟

— شىاڭجاڭ... ئەمدى بۇ... قۇرت دېگەن ئادەم ئەمەسكەن، زۇۋانى يوقكەن...

× ئاخۇن دۇدۇقلاپ، ئاخىر ئاشۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ×خۇددى ياۋا مۇشۇكتەك سەكرەپ كېلىپ، دېھقاننىڭ ساقىلىدىن ئالدى.

— هۇ ئەبلەخ، يەنە ماڭا جاۋاب ياندۇرسەنا، قۇرتلارنى ئۆلتۈرگەن جىنايىتىڭ ئۈچۈن سەنمۇ ئۆل! — مۇئاۋىن يېزا باشلىقى شۇنداق دېدى-دە، ×ئاخۇننىڭ كاچىتىغا چاڭگىلدىتىپ ئىككى شاپىلاق ئۇردى. ئۇنى تاغدەك كۆرىدىغان پەرزەنتلىرى، بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرى، ياۋاش ئايالى، جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قېرى ئانىسى ئالدىدا ئىككى شاپىلاق ئۇردى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى چىرقىرىشىپ كەتتى. ×ئاخۇننىڭ قېرى ئانىسى ۋە ياۋاش ئايالى يىغلىغان پېتى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— ئۇرمىسىلا، ئۇرمىسىلا شىاڭجاڭ... ئوغلۇمنى ئۇرغۇچە مېنى ئۇرسىلا. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە شىاڭجاڭ...

— ئۇرمىسىلا شىاڭجاڭ، ئۇرمىسىلا، مېنى ئۇرسىلا، بىچارىنى ئۇرمىسىلا...

هويلىدا قىيا-چىيا، ئاھ-پەرياد كۆتۈرۈلدى. ×ئاخۇننىڭ جاۋغىيىدىن قىپقىزىل قان ساقىپ چۈشتى. يۇڭدالغان ساقاللىرى ئارىسىدىن قان تەپچىرەپ چىقتى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلدى. بىچارە دېھقان نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئاشۇ زومىگەرگە مۇشت ياندۇرالايتتىمۇ؟ مۇشت ياندۇرۇپ هۆددىسىدىن چىقالايتتىمۇ؟

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئۆلگەن قۇرتقا تۆلەيدىغان جەرىمانىنى بېكىتىپ، ×ئاخۇننى پۇخادىن چىققۇچە تىللاپ-هاقارەتلەپ، هەمراهلىرىنى باشلاپ كېتىپ قالدى. لېكىن،

×ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىكى يىغا-زار ئۈچ كۈنگىچە بېسىلمىدى. ×ئاخۇن تاياق، ھاقارەت ۋە نومۇس-ئەلەمدىن ئۈچ كۈنگىچە دۇم يېتىپ يىغلىدى. بالا-چاقىلىرىمۇ يىغلىدى...

بۇ ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن پىلە قۇرتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان ھازىمۇ؟ بۇ ئاشۇ ئۆلگەن پىلە قۇرتلىرى ئۈچۈن ھازا ئېچىشقا مەجبۇر قىلىشمۇ؟

يۇقىرىدىكىسى مەن توقۇغان ھېكايە ئەمەس. چاھارباغ يېزىسىنىڭ ئاشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كادىرى ×ماڭا مۇشۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى. مەنمۇ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالدىم. ئويلاپ باقايلى، بۈگۈنكى خوتەندە، ئاشۇ چاھارباغدا ئادەم قەدىرلىكمۇ ياكى پىلە قۇرتمۇ؟

بىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ ئۆز يۇرتدىشىغا، ئۆزىنى سايلىغان بىر مۆمىن دېھقانغا ئاشۇنداق ياۋۇزلۇق قىلغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بىز پەقەت ئۇنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىكەنلىكىنى، خىزمەت كۆرسىتىشكە، يۇقىرىنىڭ ماختىشىغا، دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈپ يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم بولۇشقا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالساق، يەنە كېلىپ خوتەندىكى يېزا باشلىقلىرىغا خاس تەربىيە كۆرمىگەن، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ تۆۋەننى باسىدىغان غالچا مىجەزىنى، مەنسەپپەرەسلىك خاراكتېرىنى ئەسكە ئالساق، بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە، توقۇلما ئەمەسلىكىگە ئىشىنەلەيمىز. ۋەھالەنكى، ×ئاخۇن پىلە قۇرتى سەۋەبىدىن تاياق يېگەن، ھاقارەتكە ئۇچرىغان يۈزلىگەن-مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ پەقەت بىرى، خالاس. ئىزدىسەك يەنە ساماندەك تېپىلىدۇ. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ×يېزا ×كەنتىدىكى ئۈچ نەپەر دېھقاننىڭ پىلە قۇرتى جەرىمانىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى تۈپەيلى يېزا باشلىقلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشىغا ئۇچراپ ئىككى يىلدىن بېرى ئۆيىگە، مەھەللىسىگە قايتالمىغانلىقى بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

ئىككىنچى ھېكايە

1994-يىل يازدا، باھار پىلىسى يېقىلىۋاتقان مەزگىلدە، قاراقاش ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ×تۆۋەت يېزا مۇغال كەنتىدىكى نىياز باراتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يېقىلىۋاتقان يېرىم قۇتا پىلە قۇرتىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا خاس سەگەكلىك بىلەن تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرگەن بولسا كېرەك: پىلە قۇرتى يېقىلىۋاتقان سۆچەك — بامبۇك سېۋەتلەرنىڭ قايسىبىر يېرىقىدىن ئاق قېتىش كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەن ئىككى دانە قۇرتنى تېپىۋالدى. پىلە قۇرتلىرىدا بولىدىغان ئاق قېتىش كېسەللىكى يۇقۇملۇق بولىدۇ. بۇنى نەزەردە تۇتقان ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قۇرت ئىگىسى نىياز باراتنى «قۇرتنى ياخشى باقماپسەن، ۋاقتى-ۋاقتىدا كۆزىتىپ تۇرماپسەن» دەپ تەنقىد قىلدى ۋە دەرھال كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىمىن تۇراھىزنى چاقىرتىپ قۇرتلارنى باشقا ئۆيگە يۆتكەشنى، شۇ ئارقىلىق ئاق قېتىش كېسەللىكىنىڭ باشقا قۇرتلارغا يۇقۇشىدىن ساقلىنىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇجى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئىمىن تۇراھىز، نىياز بارات ۋە قۇرت بېقىش تېخنىكلىرى قۇرتنى

يۆتكەش-يۆتكىمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. نىياز باراتنىڭ قۇرتلىرى شۇ كۈنلەردە دەل ئۇخلاۋاتقان بولغاچقا (پىلە قۇرتى بېقىلىۋاتقان مەزگىلدە تۆت قېتىم ئۇخلاپ ئۆچەككە كىرىدۇ. دەسلەپكى قېتىم يىرىم سوتكا، ئاخىرقى قېتىم 3-5 سوتكا ئۇخلايدۇ. ئۆچەك مەزگىلدە يوپۇرماق يېمەيدۇ)، تېخنىكلار يۆتكەشكە قوشۇلمىدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىندى. ۋەھالەنكى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بۇ ئىشنى بولدى قىلمىدى. 2-3 كۈندىن كېيىن يەنە تەكشۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قۇرتنى يۆتكىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ راسا ئاچچىقلاندى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا پەسەنت قىلمايدىغان قانداق بەڭباش نېمىلەر بۇ؟ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى كۆزگە ئىلمىغىنىمۇ بۇ ئۇلارنىڭ؟ ... شۇنىڭدىن كېيىن مۇغال كەنتىگە كادىر ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى يېغىپ كەتتى. ناھىيىدىن ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا كەلدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرى مۇغال كەنتىگە ھازىر بولدى. ئىككى قۇرتنىڭ ئۆلۈمى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشقا باشلىدى. تەكشۈرۈش دېگەن كاۋاپسىز، زىياپەت-ھاراقسىز بولمايدۇ. ئىككى قۇرتنىڭ ئۆلۈكىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىنغان بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە تۆت قوي ئاۋۋال تونۇرغا كىرىپ ئاندىن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتتى. ھاراق-شاراب سۇدەك ئېقىپ تۇردى. ئاخىر نەتىجىمۇ چىقتى. ئىككى قۇرتنىڭ ئۆلۈشىدە مەسئۇلىيىتى بولغان ئىمىن تۇراھىز گەرچە تۆت قوي كاۋاپ قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بىۋاستە جاۋابكار نىياز بارات 100 يۈەن جەرىمانە تۆلىدى.

يىرىم قۇتا پىلە قۇرتى ئىچىدىكى 10 — 12 مىڭ قۇرت ئىچىدىن ئىككى دانە قۇرت ئۆلگەن بولسىمۇ نىياز بارات ئاخىرىدا يەنىلا 14 كىلوگرام پىلە ساتقانلىق ھەققىدىكى ھۆججەتنى يېزا رەھبەرلىرىگە ئۆتكۈزدى. يىرىم قۇتا پىلە قۇرتىدىن راستىنلا 14 كىلوگرام پىلە چىقىشىمۇ ياكى نىياز بارات باشقا ئويۇن ئوينىدىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمىدى. بۇ ئىشقا قارىتا دېھقانلار:

— پىلە قۇرتى ھەققەتەن ئادەمدىنمۇ قەدىرلىك ئىكەن. مۇغالدا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ناھىيە تۇگۇل يېزىلىق ھۆكۈمەتتىنمۇ ئادەم كېلىپ قويمايتتى. ئىككى قۇرت ئۆلۈۋىدى، ناھىيىدىن ۋە يېزىدىن ئۇن نەچچە ئادەم كېلىپ مۇغالدا بىر ھەپتە ھازا ئاچتى... — دېيىشتى.

بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن 20 مىڭدىن 23 مىڭغىچە قۇرت چىقىدۇ. شۇنچە جىق قۇرتتىن بىر-ئىككىسى، ئون-يىگىرمىسى ئۆلۈپ كەتكەنگە نېمە بولاتتى؟ بىر-ئىككى قۇتا، ئون-يىگىرمە قۇتا قۇرتنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە نېمە بولاتتى؟ بىر-ئىككى قۇتا ئۇرۇق قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى پىلە ئۇرۇقچىلىق زاۋۇتى 1994-يىلى ئىشلەپ چىقارغان 130 مىڭ قۇتا باھار پىلىسى ئۇرۇقى ئىچىدە قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ خوتەن ۋىلايىتى 1994-يىلى باققان 175 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى ئىچىدە قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟

20 ـ 25 مىڭ نوپۇسلۇق بىر يېزىدىمۇ ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىغۇ؟ ئىككى دانە قۇرتنىڭ ئۆلگىنىگە شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟

« تۆمۈر قۇرت » دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئۇنى كېسەل قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ كېسەل بولۇشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ. كېسەل بولسا، ئۆلۈپ قالسا، ئاشۇ قۇرتنى پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان دېھقان جاۋابكار بولىدۇ. ئۇ سېتىۋالغاندا پۇل تۆلەيدۇ. كېسەل بولسا، ئۆلۈپ كەتسە جەرىمانە تۆلەيدۇ. يەنە تېخى ئاخىرىدا ھەر قۇتا پىلە ئۈرۈقى ئۈچۈن 32 كىلوگرامدىن پىلە غوزىكى سېتىپ، ھۆججەت ـ تالونىنى يېزا رەھبەرلىرىگە كۆرسىتىشى كېرەك. ناۋادا ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىسە يېزا رەھبەرلىرىگە كەملىگەن ھەر كىلوگرامى ئۈچۈن 5 يۈەندىن جەرىمانە تۆلەيدۇ...

« تۆمۈر قۇرت » نىڭ كېسەل بولۇشىدىن، ئۆلۈپ كېتىشىدىن، بوۋا بولۇپ قېلىشىدىن (پىلە قۇرتىنىڭ ياخشى چوڭىيىپ، داۋاملىق يوپۇرماق يەپ، لېكىن تورغا كىرەلمەسلىك. پىلە ھاسىل قىلالماسلىق ھادىسىسىنى دېھقانلار بوۋا بولۇپ قېلىش دەپ ئاتايدۇ) دېھقانلارلا قورقۇپ قالماستىن، كەنت كادىرلىرىمۇ، يېزا كادىرلىرىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، ئاشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ئۇلارمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، جەرىمانە تۆلەيدۇ، ئەنقىد ئاڭلايدۇ...

ئۈچىنچى ھېكايە

1994 ـ يىل يازدا لوپ ناھىيە سامپۇلا يېزا ×كەنتنىڭ كادىرلىرى دېھقان ×ئاخۇنغا تەقسىم قىلىنغان بىر قۇتا پىلە قۇرتنى بامبۇك سېۋەتكە سېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. چۈنكى، ×ئاخۇن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان قۇرتنى ئېلىپ كېتىشكە كەلمىگەنىدى. كەنت كادىرلىرى قۇرتنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن ×ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى، ئاللىقانداق بىر ئىش ۋەجىدىن سىرتقا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار ×ئاخۇننىڭ كىچىك باللىرىدىن ئۇلارنىڭ كەچتىمۇ ياكى ئەتىمۇ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ پىلە قۇرتنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قايتىپ كېتىشتى. ×ئاخۇن قايتىپ كەلسە قۇرتلارنى دەرھال پەرۋىش قىلىشقا كىرىشەر دەپ ئويلاشتى. لېكىن ×ئاخۇن كەچتىمۇ قايتىپ كەلمىدى، ئەتىسىمۇ قايتىپ كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان بىر قۇتا پىلە قۇرتى بۇ جاھاننىڭ خوشلۇقىنى كۆرمەي جىم ـ جىملا ئۆلۈپ قالدى...

ئۆگۈنىسى كەچتە قايتىپ كەلگەن ×ئاخۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ نېمىشقىمۇ قورقمىسۇن! شۇنچىۋالا نۇرغۇن « تۆمۈر قۇرت » ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن ئاسان چىققىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا چىداپ تۇرغۇسىز ھاقارەت ۋە تۈگىمەس سوئال ـ سوراقلار ئاڭلانغاندەك بولدى. ئېڭەكلىرىگە چارىسلداپ شاپىلاق تەگكەندەك تۇيۇلدى. كىملەردۇر جەرىمانە ئۈچۈن ئېغىلدىكى قويلىرىنى سۆرەپ ماڭغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ھەقىقەتەن

قاتتىق ھودۇققانىدى... « ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك... دېگەن ھېلقى سىياسەتنى يادىغا ئالغان X ئاخۇن يىراقتىن ھېرىپ-ئېچىپ قايتىپ كەلگىنىگە قارىماي، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بولغان ئىشنى بايان قىلدى. قاتىللىق قىلغان گۇناھكاردەك بېشىنى ئەگدى... سېكرېتارنىڭ كۆزلىرى دەسلەپ چوڭ ئېچىلدى، كېيىن چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە پولتىيىپ، ئالىيىپ قارىدى. ئارقىدىن ئاستا-ئاستا ئەسلىگە قايتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ قالغانىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

X ئاخۇن بىلەن بىللە ئۇنىڭ قورتخانىسىغا كېلىپ، ئوخلاپ قالغاندەك جىملا ياتقان بىچارە قۇرتلارغا قاراپ تۇرغان سېكرېتار ئەنە شۇنداق دېدى.

— ئۆزلىرى، ئۆزلىرى... — دېدى ھودۇقۇپ كەتكەن X ئاخۇن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي. ئۇ شۇ تاپتا سېكرېتار ئۆزىنى تىللاپ-ھاقارەت قىلمىسا، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلمىسىلا جەرىمانە تۆلەشكىمۇ رازى ئىدى. جەرىمانە پۇلى ئۈچۈن كىگىز-گىلەملىرىنى، قوي-توخۇلىرىنىمۇ سېتىشقا رازى ئىدى.

ئۇلار ئۇزۇنغىچە مەسلىھەتلەشتى. سېكرېتار بىر تالاي تاپا-تەنە قىلغانمۇ بولدى. لېكىن ھېچكىمگە بىلدۈرمەي كۆمۈۋېتىشكە كېلىشتى. ياۋاش X ئاخۇن ئۆلگەن قۇرتلارنى ئۆي ئارقىسىدىكى باغقا ئېلىپ چىققاندا، كۆمىدىغان ئورەك كولاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئورەكنى ئاخىر سېكرېتارنىڭ ئۆزى كولىدى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ بىر قوتا ئۆلگەن قۇرتنى ئۇلار كېچىدە ئىنس-جىنغا تۇيدۇرماي كۆمۈۋەتتى...

لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. X ئاخۇن پۈتۈن ياز بويى قىلمىشىنى يوشۇرغان قاتىلدەك ئەنسىز يۈردى. كۆزى باغدىكى ئاشۇ كۆرۈنمەس قەبرىگە چۈشسىلا، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى. ئاخىر نەدىندۇر قايسىبىر يوللار بىلەن تاپقان 25كىلوگرام پىلە غوزىكى سېتىپ بەرگەنلىك توغرىسىدىكى تالوننى يېزا باشلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بولغاندىلا يۈرىكى ئازراق جايىغا چۈشكەندەك بولدى...

ئەگەر مۇشۇ « قاتىللىق » ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا، X ئاخۇننىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيتتى دەيسىز؟ سېكرېتار يەنىلا سېكرېتار بولۇپ يۈرت سورالايتتىمۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

## 4. « تۆمۈر ئۇچمە » ھەققىدە پاراڭ

« تۆمۈر ئۇجمە » ھەققىدە گەپ باشلاشتىن ئىلگىرى خوتەننىڭ ئىپتىز قىرلىرى تارىخىنى بىر قېتىم ۋاراقلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 46 يىل جەريانىدا خوتەننىڭ ئىپتىز قىرلىرىمۇ خۇددى خوتەنلىكلەرگە ئوخشاشلا

ئاجايىپ قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى.

خوتەنلىكلەر خوتەن يەرلىرىنىڭ قۇم تۇپراقلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئېتىز قىرلىرىغا، ئېرىق-ئۆستەڭ قىرلىرىغا، يول بويلىرىغا دەرەخ تىكىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ يۇرت-مەھەللىنى كۆكەرتىشنى، گۈزەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ، ئۇچۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ مەقسەت قىلغان. ياش-قۇرامى 50 لەردىن ئاشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا خوتەندىكى ئېرىق-ئۆستەڭ قىرلىرىدا ئۈجمە، جىگدە، ئۆرۈك، شاپتۇل، شاتۇت، ئالما، ياڭاق، بادام قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ياشناپ تۇرغانلىقىنى ئەسكە ئالالايدۇ. 1958-يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «پولات-تۆمۈر ئېرىتىش» تەلۋىلىكى قوزغالغاندا ئاشۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ، ئوتۇنغا ئايلاندۇرۇلۇپ پولات-تۆمۈر ئېرىتىش پېچلىرىغا قالۋېتىلدى. ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى، ئېتىز قىرلىرى يالىڭاچلىنىپ قالدى. ئاشۇ ئاپەتتىن ئېشىپ قالغانلىرىمۇ 1958-يىلدىن 1961-يىلغىچە كوممۇنا ئاشخانىلىرىدىكى داشقازان ئوچاقلىرىغا قالاپ تۈگىتىۋېتىلدى. ئېتىز قىرلىرى پاك-پاكىز يالىڭاچلىنىپ قالدى...

60-يىللارنىڭ دەسلەپىدە شۇ چاغدىكى خوتەن يەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چىڭ «خوتەن ياڭىقىغا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئېغىزىنى تەگكۈزۈش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېتىز قىرلىرىغا ياڭاق تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. كىشىلەر ياڭاق تېرىدى. باشقا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ تىكتى. ئەپسۇسكى، بۇلارمۇ داجەيدىن ئۆگىنىش، سالا ئېتىز قۇرۇلۇشى، ئېتىز-ئېرىق، يول قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى... قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن ئامان قالالمىدى. بىر قىسمى تەبىئي ھالدا چىقىرىپ تاشلاندى.

80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شۇ چاغدا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىدە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ ئىشلەۋاتقان تاڭ چۈنجيې دېگەن ئادەم «ئېتىزلاردىن قوش قەۋەت ھوسۇل ئېلىش»نى پىلانلاپ، ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىغىلا ئەمەس، ھەتتا ئېتىزلىقلارغىمۇ سەگۈ تېرەك، بېيجىڭ توغرىقى قاتارلىق دەرەخلەرنى تىكىشنى بۇيرۇدى. ئېتىزلىقتا ئەزەلدىن مېۋىسىز دەرەخ سېلىپ باقمىغان خوتەنلىكلەر ئۈچۈن بۇ بەكمۇ غەلىتىلىك بولۇپ تۇيۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلماي بولمىدى. ئېتىزلىقلارغا قاتار-قاتار قىلىپ سەگۈ تېرەك سېلىندى. تاڭ چۈنجيېنىڭ ئېيتىشىچە: مۇشۇنداق قىلغاندا ئاستىدا بۇغداي-قوناقتىن، ئۈستىدە ياغاچ ماتېرىيالى سەگۈ تېرەكتىن ھوسۇل ئالغىلى بولارمىش. قوش قەۋەت ھوسۇل ئېلىش دېگەن مۇشۇمىش. بۇ ئىش سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇلغانلىقتىن، سەگۈتېرەك سايە چۈشۈرۈپ، بۇغداي-قوناق ئوخشىمىغاندىمۇ، سەگۈ تېرەكتىن كېسەل تارقىلىپ، بۇغداي-قوناقنى پىت-كۈمۈتا بېسىپ كەتكەندىمۇ خوتەنلىكلەر غىڭ قىلىشالمىدى.

ۋاقىت يېڭى ئەسىرگە يېقىنلاپ 90-يىللار يېتىپ كەلگەندە ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا: «پىلە بېقىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۈجمە يېتىشتۈرۈش كېرەك، ئۈجمە يېتىشسە ئاندىن پىلە باققىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئۈجمە يېتىشتۈرۈش مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ چۇنجيېنىڭ ئېتىزلىقلارغا تىكتۈرگەن ھېلىقى سەگۆ تېرەكلىرى تېخى ياغاچ ماتېرىيالىغا ئايلانماستىنلا بىر كېچە-كۈندۈزدە ئېتىزلاردىن، ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىدىن يوق قىلىندى، كېسىپ-يۇلۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىغا ئۈجمە كۆچىتى تىكىش باشلاندى. ئۈجمە تىكىش بەكمۇ مۇھىم ۋەزىپە بولدى. ئۈجمە تىكىش ئۈچۈن تاڭ چۇنجيېنىڭ سەگۆ تېرەكلىرىلا ئەمەس، ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىدىكى ئۆرۈك-شاپتۇللارمۇ يۇلۇپ-كېسىپ تاشلاندى.

ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، ئۈجمە يېتىشتۈرۈش بەكمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. «چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى 1991-يىلدىن 1994-يىلغىچە 6 مىليون 240 مىڭ 654 تۈپ ئۈجمە يېتىشتۈرۈپ، ئومۇمىي ئۈجمىنىڭ تۈپ سانىنى 6 مىليون 808 مىڭ 654 تۈپكە يەتكۈزدى، 3 مىليون 256 مىڭ 80 تۈپ ئۈجمىنى ئۇلاپ، سورتىنى ياخشىلىدى...»

«لوپ ناھىيىسىنىڭ چاھارباغ يېزىسى 1994-يىلى 377 مىڭ 220 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىش، 630 مىڭ تۈپ ئۈجمىنىڭ سورتىنى ياخشىلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەزىپىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەللەشتۈردى...»

«قاراقاش ناھىيىسىدە 1994-يىلى سېلىنغان ئۈجمە كۆچىتى 5 مىليون 437 مىڭ تۈپ بولۇپ، 1993-يىلدىكىدىن 54.9% ئاشتى...»

ھەممە ناھىيە، ھەممە يېزىلارنىڭ ئۈجمە يېتىشتۈرۈش ئەھۋالىدىن سان-سىفىرلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ يۈرمىسەكمۇ بولار. يۇقىرىقىلاردىنلا خوتەندىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش سۈرئىتىنىڭ ئاجايىپ تېز بولغانلىقىنى، سېلىشتۇرغۇسىز تېز بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق قىلىپ، يەنە ھېلىقى خوتەن ئېتىز-قىرلىرىنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى گېپىمىزگە قايتايلى. ئېتىز-ئېرىق قىرلىرى يەنە 50-يىللارنىڭ بېشىدىكى ھالىتىگە قايتىپ، ئۈجمىلىك ئېتىز-قىرلىرىغا ئايلاندى. يەنە كېلىپ نەچچە ھەسسە قويۇق ئۈجمە كۆچەتلىرى بىلەن قاپلاندى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاشۇ پايانسىز ئۈجمىزارلىقلارنى پىلىگە ئېھتىياجلىق فابرىكىلار بەرپا قىلغىنى ياكى بەرپا قىلىشقا مەبلەغ سالغىنى يوق. ئاللىقانداق بىر باشقا ئىشلەپچىقىرىشقا مۇلازىمەت قىلغۇچى شىركەتلەر بەرپا قىلغىنى ياكى مەبلەغ سالغىنى يوق، ئۇنى خوتەن دېھقانلىرى بەرپا قىلدى. ئۈجمە كۆچىتىنى دېھقانلار سېتىۋالدى، دېھقانلار تىكتى، دېھقانلار ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلىدى. ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە دېھقانلار يېتىشتۈرگەن ئۈجمە «تۆمۈر ئۈجمە»گە، چېقىلغىلى، كەسكىلى، ساتقىلى بولمايدىغان مۇقەددەس دەرەخكە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، بۇنداق قىلىشقا بىزگە كىم ھوقۇق بەردى؟

ھېكايە

1994 - يىل ئاۋغۇستتا كىرىيە ناھىيىسىدىكى بەزى باشلىقلار كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ ئۈچكى قىرلىرىغا تېرىلغان ئاپتاپپەرەسلەرنى چېپىپ تاشلاش دولقۇنىنى قوزغىدى. 20 كىشىلىك، 30 كىشىلىك، 50 كىشىلىك قىلىپ تەشكىللەنگەن «جەڭگىۋار ئەترەت» لەر خۇددى ئالپ ئەرتوڭانىڭ قىلىچۋازلىرىدەك جاسارەت بىلەن سەپ تارتىپ، سالامۇ سالا، ئېتىزمۇ ئېتىز، قىرمۇ قىر بېسىپ ئۆتۈپ، مېغىز تۇتۇپ پىشايلا دەپ قالغان ئاپتاپپەرەسلەرنى دۇشمەننىڭ كاللىسىنى چاپقاندەك چېپىپ تاشلىدى. دېھقانلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا، توسۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى. سەۋەبى ئاپتاپپەرەس كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرۈپ، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ كەملەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرارمىش، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا توسقۇن بولارمىش... كېۋەزلىك قىرلىرىغا ئاپتاپپەرەس تېرىش ئەسلىدە ھازىرقى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇراخمان قۇربان كىرىيە ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق مېيىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ تەشەببۇس قىلغان بىر خىل كىرىشتۈرمە ئۇسۇلدا ئېتىزنى چىقىرىش تۈرى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ياخشى ئىشنىڭ بېشىغا بۇنداق ئېغىر كۈلپەتنىڭ كېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟

ئاپتاپپەرەسلەرنى چېپىپ تاشلاش دولقۇنى شۇنچىلىك ھەيۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدىكى، ھېچكىم توسالمىدى، ھەتتا مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇراخمان قۇربان كىرىيە ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئۈچ قېتىم تېلېفون بېرىپ، «بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ» دەپمۇ توسۇپ قالالمىدى. قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟ ئاپتاپپەرەس سايە چۈشۈرۈپ، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا توسقۇن بولىدىغان تۇرسا، پاختا مەھسۇلاتى دېگەن دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلان تۇرسا، كىم يەنىمۇ بەكرەك توسۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ شۇنداق قىلىپ، يەتتە يېزىدا كېۋەزلىك قىرلىرىغا تېرىلغان، پىشاي-پىشايلا دەپ قالغان ئاپتاپپەرەسلەر پۈتۈنلەي نابۇت قىلىندى. پاختىنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندە، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق مېيىدىن ئىبارەت ئاجىز شام چىراغ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقماي قالدى...

كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىغان ئاپتاپپەرەسلەر چېپىپ تاشلاندى. لېكىن، كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىغان يەنە بىر كاساپەت — ئۈجمە دەرىخىنى كېسىپ تاشلاش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى. ئۇ يەنىلا كېۋەزلىك قىرلىرىدا سايە-كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرىۋەردى. كىرىيە ناھىيە سىيەك يېزىسىدىكى دېھقان X ئاخۇن خۇددى كىيۇرىي خانىمنىڭ رادىئاتسىيە ھادىسىسىنى تۇنجى بايقىغىنىدەك، ئۈجمىنىڭمۇ كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىغانلىقىنى بىردىنلا بايقاپ قالدى دېسەك، گېپىمىز ئارتۇق كەتمەس، ئۇ شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدا تونۇگۇنلا قۇياشقا بېقىپ، ياشناپ تۇرغان ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ سولۇپ-سارغىيىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىدا، «جەڭگىۋار ئەترەت» قىلىچۋازلىرىنىڭ نېمىشقا يەنە بىر سايە

تاشلىغۇچى ئۈجمىنى كېسىپ تاشلىمىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كىچىككىنە چاقچاق قىلغۇسى، شۇ ئارقىلىق كۆڭلىدىكى غۇمنى چىقىرىۋالغۇسى كەلدى. ئۇ ئېمىشقىدۇر ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن پالتىنى قولىغا ئېلىپ، قوشنىلىرىنىڭ، كەنت كادىرلىرىنىڭ كۆز ئىچىلا ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر تۈپ ئۈجمىنى كېسىپ تاشلىدى. «جەڭگىۋار ئەترەت» نىڭ قىرغىنىدىن كېيىنمۇ يەنىلا كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان بىر تۈپ كاساپەتنى يوق قىلدى...

— ھاي، ھاي-ھاي. نېمە قىلىق ئەمدى بۇ؟

— بۇمۇ كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىكەن ئەمەسمۇ، كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك...

— ھەي، بۇ دېگەن ئۈجمە، پىلە قۇرتى باقىدىغان ئۈجمە...

X ئاخۇن كېۋەزلىككە سايە چۈشۈرىدىغان ئاشۇ كاساپەتتىن يەنە بىر قانچە تۈپ كېسىپ تاشلىماقچى، ھەتتا مۇمكىن بولسا ئېتىزلىقنى سايە چۈشۈرىدىغانلارنىڭ زۇلۇمىدىن تەلتۆكۈس ئازاد قىلماقچى ئىدى. لېكىن، كەنت كادىرلىرى ۋە قوشنىلار توسۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خېلىلا مەمنۇن بولدى. ئۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغىنىغا، ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىپادىلىگىنىگە مەمنۇن ئىدى.

X ئاخۇننىڭ بىر تۈپ ئۈجمىنى كېسىپ تاشلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شۇ كۈنىلا سىيەك يېزا رەھبەرلىرىنىڭ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن ئۆچۈپ كىرىپ، ئۇلارنى يۇمشاق ئورۇندۇقتىن خۇددى تىگى تەرەپتىن جۇۋالدۇرۇز تىقىلغاندەك دىككىدە تۇرغۇزۇۋەتتى. مۇقەددەس دەرەخنى كېسىشكە جۈرئەت قىلغان كىمكەن ئۇ؟ خەپ-خەپ... شۇنداق قىلىپ، X ئاخۇننىڭ مەھەللىسىگە تەكشۈرگۈچىلەر يېغىپ كەتتى. سوئال-سوراقلار باشلاندى. شاھىت-گۇۋاھچىلار چاقىرتىلدى. X ئاخۇن ياۋاشلىق بىلەن بىر تۈپ ئۈجمىنى كېسىپ تاشلىغانلىقىدىن ئىبارەت كەچۈرگۈسىز جىنايىتىنى بويىنىغا ئالدى...

ماڭا مۇشۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن خىزمەتدىشىم: «X ئاخۇن 400 يۈەن جەرىمانە تۆلەپتۇ» دېدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كىرىپ كەلگەنلەر «X ئاخۇننى سولاپ قويۇپتۇ» دەپ كەلدى. مەن بۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن. مەن يۇقىرىقى ۋەقەنى بايان قىلىش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ئىلگىرىدىنلا بولۇپ كەلگەندەك، بۇرۇنقى رەھبەر يولغا قويغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىش، بۇزۇش، ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ناھىيە قىياپىتىدە ئېتىقسىزلارچە يېڭىلىق ياراتماقچى بولغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرمەكچى ئەمەس، بەلكى دېھقانلاردا پىلە-ئۈجمىچىلىكنىڭ سۈرئىتى، ئۇسۇلى، مەۋجۇت ھالىتىدىن نارازى بولۇش، ئۆزى تىككەن، ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۈجمىگە ئىگە بولالماسلىق ھالىتىدىن نارازى بولۇش مەۋجۇت، پۇرسەت تاپسىلا قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش روھىي ھالىتى مەۋجۇت دېمەكچىمەن.

«تۆمۈر ئۈجمە» دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئۇنى تىكىشكە، ئۆستۈرۈشكە، سۈرئىتىنى

ياخشىلاشقا رۇخسەتكى، كېسىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. نوتىسىنى كېسىپ يوپۇرمىقىنى ئېلىشقا رۇخسەتكى، ئوتۇن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سېتىشقا تېخىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ ئەبەدىلئەبەد پىلە بېقىشقا خىزمەت قىلىشى كېرەك.

## 5. «تۆمۈر مەھسۇلات» توغرىسىدا پاراڭ

«تۆمۈر مەھسۇلات» دېگىنىمىزدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا بېكىتكەن، ھەر بىر قۇتا پىلە قۇرتىدىن ئېلىنىدىغان پىلە غوزىكى بىرلىك مەھسۇلاتىنى نەزەردە تۇتىمىز. دېمەك، بۇ يەردىكى «تۆمۈر مەھسۇلات» ۋىلايەتكە ئەمەس، پەقەت ناھىيىلەرگىلا خاستۇر.

مەن دېھقانلاردىن ۋە ھۆكۈمەت تەرەپ كادىرلىرىدىن بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى قاراقاش ناھىيىسىدە 32 كىلوگرام، خوتەن شەھىرى ۋە خوتەن ناھىيىسىدە 30 كىلوگرام، لوپ ناھىيىسىدە 25 كىلوگرام دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى، بەلگىلەنگەن بىرلىك مەھسۇلاتتىن بىر كىلوگرام كەم ھوسۇل ئالغان پىلىكارغا 5 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن راستىنلا 32 كىلوگرام، 30 كىلوگرام، 25 كىلوگرام پىلە غوزىكى مەھسۇلاتى چىقامدۇ؟

«خوتەن گېزىتى» 1994-يىل 25-ئىيۇندىكى سانىدا «قاراقاش ناھىيە قاراقاش بازىرى سىزى ئاھالە كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ھاۋاخان يېرىم قۇتا پىلە قۇرتىدىن 21.6 كىلوگرام ھوسۇل ئالدى...» دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ ھېساب بويىچە بىر قۇتا پىلە قۇرتىدىن 43.2 كىلوگرام ھوسۇل چىققان بولىدۇ.

يەنە شۇ گېزىت يۇقىرىقى خەۋەرنى بېرىپ تۇپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن: «كېرىيە ناھىيە سىيەك يېزا مەكىت كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قادىر سەيدى بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن 42.5 كىلوگرام ھوسۇل ئالدى...» دەپ خەۋەر قىلدى.

قاراقاش ناھىيە سايباغ يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز يېزىسىنىڭ پىلە بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ (1993-يىل بولسا كېرەك) 33.2 كىلوگرام بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرى 1994-يىللىق باھار پىلىسى بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ 36.2 كىلوگرام بولغانلىقىنى تونۇشتۇردى. بۇ گەپلەر زادى راستمۇ؟

مەن ئالدىنقى ئىككى مەسىلىگە قاراپ، پىلە قۇرتى دېگەننىڭ ئەمەل-مەنسەپكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى بەك كۈچلۈك بولسا كېرەك، ئۇ پەقەت كەنت سېكرېتارلىرىنىڭ ئۆيىدىلا بەك ئاينىيدىكەن، 40 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل بېرىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. كاللامدا يەنە ئەگەر بىر قۇتا پىلە قۇرتى يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئۆيىدە بېقىلغان بولسا، 50 كىلوگرامدىن ئارتۇق، ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئۆيىدە بېقىلغان بولسا، 60

كىلوگرامدىن ئارتۇق، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيىدە يېقىلغان بولسا، 80 كىلوگرامدىن ئارتۇق، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيىدە يېقىلغان بولسا، 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل بېرەتتىكەن دېگەن تەسەۋۋۇرمۇ پەيدا بولدى. چۈنكى، «خوتەن گېزىتى» 1994 - يىل ئىچىدە ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن 25 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا بىر قېتىممۇ خەۋەر بېرەلمىدى ئەمەسمۇ؟

مەن كېيىنكى ئىككى مىسالغا قاراپ ئولتۇرۇپ خوتەندىكى داڭلىق خەلق ناخشىچىسى ھاپىزنىڭ ناخشىلىرىدىكى:

«بۇغدايدا كەملىسمۇ قوناقتا بەك ئاشتى.

تاغاردا بولمىسمۇ ھېسابتا بەك ئاشتى.»

دېگەن مىسرالارنى يادىمغا ئالدىم. قارىقاش ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى پىلە ئىشلەپچىقىرىشتا شۇنچىۋالا پاسسىپمۇ؟ سايباغ يېزىسى بىلەن ياۋا يېزىسىدا پىلە بىرلىك مەھسۇلاتى 33 كىلوگرامدىن، 36 كىلوگرامدىن ئېشىپ تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئارقىغا داجىپ پىلە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 32 كىلوگرام دەپ بېكىتىدۇ؟ ياكى ھېلىقى ئىككى يېزا رەھبىرىنىڭ تونۇشتۇرغىنى قوشاقتا ئېيتىلغاندەك «تاغاردا بولمىسمۇ ھېسابتا بەك ئاشتى» مۇ - يا؟

بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن راستىنلا 32 كىلوگرام، 30 كىلوگرام، 25 كىلوگرامدىن پىلە غوزىكى مەھسۇلاتى چىقامدۇ؟

ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى يەنىلا ئەمەلىي مىساللارغا قاراپ باقايلى:

لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا پاڭ كەنتىدىكى مەتتوختىئاخۇن 1993 - يىلى 4 قۇتا پىلە قۇرتى باققان بولۇپ، 60 جىڭ پىلە غوزىكى يىغىۋالغان.

لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا باش سوغاققۇم كەنتىدىكى تۇردىئاخۇن 1994 - يىلى بىر قۇتا پىلە قۇرتى بېقىپ 15 كىلوگرام ھوسۇل ئالغان.

كېرىيە ناھىيىسىدىكى دوستۇم X نىڭ قوشنىسى ئابابەكرىئاخۇن تاماق ئۆزىنىڭ ئۇجمە يوپۇرماقلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن باشقىلاردىن 87 يۈەنلىك يوپۇرماق سېتىۋېلىپ بىر قۇتا پىلە قۇرتى باققان. قۇرتلار ئاق قېتىش كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، ئاخىرىدا ئۈچ كىلوگرام ھوسۇل ئالغان، كېرىيە ناھىيىسىدە بىر قۇتا پىلە قۇرتىنىڭ سېتىلىش باھاسى 21 يۈەن بولۇپ، پىلە ساتقان پۇل ئاران ئۇرۇقلۇق پۇلىغا تەڭلەشكەن. ئىش ھەققى، يوپۇرماق پۇلى ئۈچۈپ كەتكەن. خوتەن ناھىيە باغچى بازىرى كا مەھەللىدىكى 54 ئائىلە ئىچىدە پەقەت ئۈچلا ئائىلە پىلە مەھسۇلاتى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان 51 ئائىلىگە كەملەتكەن ھەر كىلوگرام پىلە غوزىكى ئۈچۈن بەش يۈەندىن جەرىمانە تۆلەشكە توغرا كەلگەن. يەنە تېخى كۆزلۈك پىلە بېقىش ئارقىلىق يېزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بۇيرۇلغان. ئاشۇ كا مەھەللىدىكى خاسىيەتخان ئوغۇل - كېلىنلىرى بىلەن. بىرلىشىپ ئىككى قۇتا پىلە قۇرتى باققان، ھەر بىر قۇتا ئۇرۇقنى

28 يۈەندىن ئالغان بولۇپ، بېقىش جەريانىدا قۇرتلار پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن كەملەتكەن 60 كىلوگىرام پىلە غوزىكى ئۈچۈن 300 يۈەن جەرىمانە تۆلىگەن. يەنە شۇ كا مەھەللىدىكى تۇراخاننىڭ قۇرتخانىسى بولمىغانلىقتىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئۈچ مىسقال قۇرت ۋەزىپىسىنى ھەر مىسقىلى ئۈچۈن 10 يۈەندىن پۇل تۆلەپ قوشنىسى ئەزىز ئاخۇنغا بېقىۋېلىشقا بەرگەن. ئەزىز ئاخۇن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغىنى بىلەن قوشۇپ بىر يېرىم قۇتا قۇرت باققان. ئاخىرىدا 21 كىلوگىرام مەھسۇلات چىقىپ، كەملىگەن 24 كىلوگىرام مەھسۇلاتقا جەرىمانە تۆلەشكە توغرا كەلگەن. ئەزىز ئاخۇن تۇراخانغا «بۇنىڭ ئىچىدە سىلىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە تەئەللۇق جەرىمانىمۇ بار، شۇڭا سىلى بىر قىسىم جەرىمانىنى تۆلىشىپ بەرسىلە» دېگەن. تۇراخان رەت قىلغان. قوشنىلار ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا بولغان.

خوتەن شەھەر شورباغ يېزا شورباغ كەنتىدىكى ئاتاۋۇللاخۇن 1994-يىلى يېرىم قۇتا باھار پىلىسى باققان. ئاخىرىدا 10 كىلوگىرام ھوسۇل چىقىپ بەش كىلوگىرام كەملىگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پۈتۈن شورباغ كەنتىگە 4800 يۈەن جەرىمانە كەلگەن...

بۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈشنى ئەمدى توختىتايلى، خاتىرەمدە يەنە يۈز نەچچە ئادەمنىڭ پىلە قۇرتى بېقىپ مۇشۇنداق «تۆمۈر مەھسۇلات» ئالالمىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر 32 كىلوگىرام، 30 كىلوگىرام، 25 كىلوگىرام ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بىرلىك مەھسۇلاتنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى باشقا يەردىن ئىزدەپ كۆرەيلى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 14-سېنتەبىردىكى سانىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا شۇ يىلى تارقىتىلغان 183 مىڭ 700 قۇتا باھار پىلىسى ئۇرۇقىدىن 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام پىلە ئېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىندى. دېمەك، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىك مەھسۇلات 19.05 كىلوگىرام بولغان بولىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە 1994-يىلى 128 مىڭ قۇتا باھار پىلىسى بېقىلغان بولۇپ، 2 مىليون 700 مىڭ كىلوگىرام ھوسۇل ئېلىنغان. دېمەك خوتەن ۋىلايىتىدە بىرلىك مەھسۇلات 21.09 كىلوگىرام بولغان بولىدۇ.

لوپ ناھىيىسىدە 1994-يىلى بېقىلغان 48 مىڭ 48 قۇتا پىلە قۇرتىدىن 1 مىليون 1590 كىلوگىرام ھوسۇل ئېلىنغان. دېمەك لوپ ناھىيىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 20.8 كىلوگىرام بولغان بولىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 1995-يىللىق پىلە بېقىش پىلانىدا 52 مىڭ 500 قۇتا پىلە قۇرتى بېقىپ 1100 تونىنا پىلە مەھسۇلاتى ئېلىش كۆزلەنگەن. گەرچە بۇ تاغاردىكى مەھسۇلات ئەمەس ھېسابتىكى سان بولسىمۇ، ھەقىقەتەن ئاشۇ پىلان ئىشقا ئاشۇرۇلدى دەپ قارالغاندا، ئۇنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 20 كىلوگىرامدىن ئارتۇقراق بولغان بولىدۇ.

چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى 1993-يىلى 8455 قۇتا پىلە قۇرتى بېقىپ 117 مىڭ

710 كىلوگرام ھوسۇل ئالغان. بىرلىك مەھسۇلاتى 15.1 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن.
لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرى 1994-يىلى 1400 قۇتا باھار پىلىسى باققان بولۇپ، 25 تونىنا ھوسۇل ئالغان. («خوتەن گېزىتى» «25 مىڭ تونىنا ھوسۇل ئالدى...» دەپ خەۋەر قىلدى. مەن 25 مىڭ تونىنا ئەمەس، 25 تونىنا بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم)، بۇنداقتا بىرلىك مەھسۇلاتى 17.8 كىلوگرام بولغان بولىدۇ.
يۇقىرىقى سان-سىفىرلار يېتەرلىكمۇ؟ ئاپتونوم رايونىنىڭ، ۋىلايەتنىڭ، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ، يېزىلارنىڭ پىلە بىرلىك مەھسۇلاتى 22 كىلوگرامغا يەتمىگەن تۇرۇقلۇق، ناھىيىلەر نېمە ئۈچۈن بىرلىك مەھسۇلاتىنى 32كىلوگرام، 30 كىلوگرام، 25 كىلوگرامدىن ئىبارەت «تۆمۈر مەھسۇلات» قىلىپ بېكىتىدۇ؟ نېمشقا بۇ ئۆلچەمدىن كەملىگەن ھەر بىر كىلوگرام پىلە ئۈچۈن بەش يۈەندىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، دېھقانلارنى تەتۈر قىيىنغانلىق ئەمەسمۇ؟
مەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى پىلە ئۇرۇقچىلىق زاۋۇتىنىڭ تېخنىكىدىن ئەھۋال ئۇقۇشقىنىمدا ئۇ ماڭا: «بىر دانە پىلە كېپىنىكى 350تىن 400 دانىگىچە ئۇرۇق چېچىدۇ، بىر قۇتا ئۇرۇقتا 22 مىڭدىن 23 مىڭ دانىگىچە قۇرت بولىدۇ، ياخشى بېقىلغان بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن 25 كىلوگرامغىچە پىلە غوزىكى چىقىدۇ...» دەپ جاۋاب بەردى.
خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىدىكى بىر تېخنىك: «بىر تال پىلىنىڭ ئېغىرلىقى 0.7 گرامدىن 1.5 گرامغىچە بولىدۇ. بىر تال پىلىدىن 500 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يىپەك سوزغىلى بولىدۇ...» دەپ ئەھۋال تونۇشتۇردى. ئەگەر بىز ئاشۇ 0.7 گرامدىن 1.5 گرامغىچە بولغان پىلە ئېغىرلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 1.1نى ھېلىقى بىر قۇتا ئۇرۇقتىكى 22 مىڭدىن 23 مىڭغىچە بولغان قۇرت سانىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 22 مىڭ 500 گە كۆپەيتسەك، دەرھال 24.750 كىلوگرام دېگەن سانغا ئېرىشىمىز. بۇ زاۋاپىلە ئۇرۇقچىلىق زاۋۇتىدىكى تېخنىك يىگىتنىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى، ھەر بىر قۇتا پىلە قۇرتىدىن ياخشى بېقىلغاندا 25 كىلوگرامغىچە ھوسۇل چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
ئىلمىي يەكۈن ئەنە شۇنداقكەن ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ناھىيىلەر پىلە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 32 كىلوگرام، 30 كىلوگرام، 25 كىلوگرام قىلىپ بەلگىلەيدۇ؟ پىلە قۇرتىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئاق قېتىش كېسەللىكىگە، بوۋا بولۇپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىر قىلىش مۇمكىنلىكىنى ھېسابقا ئالمايدۇ؟ روشەنكى، بۇنداق «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمى ئاشۇ ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ ئىلىم-پەن كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي ئۇسۇلدا تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
بىر دېھقان ماڭا: «پىلە قۇرتى دېگەن ھەلەپ-بوغۇزنى كۆپ بېرىپ بوردىغىلى بولىدىغان قوي-كالا ئەمەس ئىكەن، شۇنداقلا ئوغۇتنى كۆپ تۆكۈپ مەھسۇلاتنى

ئاشۇرغىلى بولىدىغان زىرائەت ئەمەس ئىكەن...» دېدى. «تۆمۈر مەھسۇلات» بەلگىلىگەن ئاشۇ ناھىيە رەھبەرلىرى مۇشۇنچىلىك قانۇنىيەتنى بىلسە، چۈشەنسە قانچىلىك ياخشى بولاتتى-ھە!

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىت ۋە مۇلاھىزىلەردىن پىلە قۇرتىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشنىڭ قىيىنلىقىنى، ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىگەن دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز ئاخىرىدا خۇلاسە تەرىقىسىدە «تۆمۈر مەھسۇلات» دېگەن ئاتالغۇغا ئېنىقلىما بېرىپ باقايلى.

«تۆمۈر مەھسۇلات» دېگىنىمىز ناھىيىلەر ئالدىن بەلگىلىگەن، بەلگىلەنگەن مىقداردىن كەملەتكىلى بولمايدىغان، بەلگىلەنگەن زاۋۇتقا سېتىلىدىغان، يېزا رەھبەرلىرى پىلە ساتقانلىق ھەققىدىكى تالون-ھۆججەتنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان، بەلگىلەنگەن مىقدارغا يەتمىسە جەرىمانە قويۇلىدىغان ياكى باشقا جايلاردىن قىممەت باھادا سېتىۋالغۇزۇپ، ئەرزان ئۆتكۈزىدىغان پىلە مەھسۇلاتىدۇر.

«تۆمۈر مەھسۇلات» ئېنىقلىمىسىدىكى بەزى گەپلەرنى ئالدىنقى بابلار چۈشەندۈرسە، يەنە بەزى گەپلەرنى كېيىنكى بابلاردىكى پاكىتلار چۈشەندۈرىدۇ. «تۆمۈر مەھسۇلات» نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ جەرىمانىگە ھامىلدارلىقىدۇر. بىز تۆۋەندە خوتەنلىكلەرنى قاڭغىر-قاقشاتقان جەرىمانە ئۈستىدە توختىلىپ كۆرەيلى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر **روزىمۇھەممەت جۇمە**



مەتقاسىم ئابدۇراخمان



# مىتە

(ھېكايە)

ئۇستىنى قويۇق خىيابان
دەرەخلەر سايىۋەنىدەك ياپقان،
يىراقتىن ئۇزۇن كارىدوردەك
كۆرۈنىدىغان ئاسفالت يولدا
لىق ياغاچ بېسىلغان كونا تراك-
تور تاقىلداپ كېلىۋاتاتتى.
كىيىملىرى مايلىشىپ كەتكەن
ئورۇق شوپۇرنىڭ يېنىدا مۇشۇ
يېزىنىڭ شۇجىسى ھامۇت غادى-
يىپ ئولتۇراتتى. شوپۇر تراكتورنى يول
بويىدىكى ناۋايخانا ئالدىدا توختىتىپ يەرگە
چۈشتى. ھامۇت شۇجى تراكتورنىڭ موتورنى
تۈتۈپ ئېھتىيات بىلەن يەرگە چۈشكەندىن
كېيىن يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ
ئېگەكلىرىنى ئەستايىدىل سۈرتتى. پەلتو-
سىنى، كەپكىسىنى ئارقا-ئارقىدىن شاپىلاق-
لاپ قاقتى. ئاندىن يەنە كوزۇپنى ئايلىنىپ
ئۆتۈپ، ياغاچلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدى-
ن كەچۈردى. شۇ ئەسنادا شوپۇر ئاللىقا-
چان ناۋايخانىنىڭ پەشخۇنىغا قونۇپ ئەمدىلا
تونۇردىن چىققان قىزىق گىردىلەرنى
نوگايدىكى سۇغا چىلاپ ئىشتىھا بىلەن يەپ
قورساق توقلاشقا باشلىغانىدى. ھامۇت
شۇجىنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. ئۇ تراكتور
شوپۇرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ
غىزالىنىشنى راۋا كۆرمىدى.
ئۇ شوپۇرنىڭ يۇمشاق نانىنى زوق-ھە-
ۋەس بىلەن يەۋاتقانلىقىغا قاراپ تۈكۈرۈكىنى
زورىغا يۇتتى-دە، خىيالىنى تەيياق مەھەل-
لىسىدىن سامان نەرخىدىلا سوقۇپ ئەكىر-
گەن ئاشۇ ياغاچلارغا يۆتكىدى. ئۇ ياغاچ-
لارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، توم-ئىنچىكىلىكىگە
قىياسەن نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن
كۆڭلىدە «بۇگۈنكى بازاردا يەتتە مىڭ
يۈەن!» دەپ چوت سوقتى. لېكىن، ئۇ
ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ غولىنىڭ دىئامېتىرى
قىرىق سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان 50 تال
دەرەخكە تېخى غۇمسىنىغان ھالدا بەش
يۈز يۈەن تۆلەپ قايتىپ كىرگەنىدى. ئۇ
بىر قىسمىدا ئىشىك-دېرىزە ياساتسام...ئېيىدە
كەلسە ئاشقىنىنى سېتىۋېتەرمەن، دەپ
ئويلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ
كەتكەنلىكتىن خىياللىرى چېچىلىپ كەتتى.
ئۇ ناۋايخانىنىڭ تۆرىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە
غىپپىدە كىرىۋېلىپ ئۇ يەردىكى خېمىر

ئەيلەيدىغان، پىياز ئاقلايدىغان نىمكارلار قېشىدا ئولتۇرۇپ بىرەر گىردىنى سوقۇۋېتىپ چىقىشنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بىراق، بۇ ئويىدىن تېزلا ۋاز كەچتى. ئۇ دېگەن 35 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بىر يېزىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرسا، قانداقمۇ ئاشۇ زەي، قاراڭغۇ ئۆيدە، بەش موچەن پۇلى بار خەق كېلىپ يەۋېرىدىغان قۇرۇق گىردىنى غاجاپ يۇرسۇن؟ ئەگەر ناۋايخانىدىكى بۇ كۆسەي بەندىلىرى بىرنى ئىككى قىلىپ «ھامۇت شۇجى كۆز ئالدىمىزدىلا ئۈچ گىردىنى كۆردۈم دېمەي سوقۇۋېتىپ، كارتىدە كېكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى...» -دەپ گەپ تاراتسا نېمىدېگەن سەتچىلىك! ئۇ چاغدا ئىناۋەت دېگەن خازاندەك تۆكۈلىدىغان گەپ. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى غولدۇرلاپ كەتكىنىگە قارىماي ناۋايخانىغا كىرىشتىن ۋاز كەچتى.

شوپۇر ناۋايخانىدىن چىقىپ، تراكتورنىڭ ئوت ئالدۇرغۇچىنى چۆرۈشكە باشلىدى. لېكىن تراكتور نېمىشقىدۇر ھەرىكەتكە كەلمەيۋاتاتتى. تراكتور تۆمۈر-تەسەك دۆكىنىغا سېتىپ بېرىش دەرىجىسىدە كونىرىغان بولۇپ، ھەر قېتىم يولغا چىقىش ۋاقتىدا شوپۇر ئۇنى بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئوڭشايتتى. شۇڭا ھامۇت شۇجى شوپۇرغا چېپچىلىشنى خالىمىدى. قورساق ئاچلىقىنىڭ ھەم بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ دەردىنى زورىغا يۇتۇپ، يول بويىدىكى زىرائەتلەرگە نەزەرىنى ئاغدۇردى. دەل شۇ پەيتتە ناھىيە تەرەپتىن بىر جىپنىڭ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. جىپمۇ ھامۇت شۇجىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تورمۇزلىنىپ توختىدى. ھايال ئۆتمەي سەپكۈن يۈزلۈك، ئاق شامال چاپىنى بىلەن يازلىق شىلەپە كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق كىشى ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇ 1950-يىللارنىڭ ئاخىرىدا شىمالدىن كېلىپ ئۇزۇن يىل يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىنچە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، مۇشۇ يۇرتقا يەرلىشىپ قالغان ئوچۇق سۆزلۈك ئادەم ئىدى. كۆڭلىدە نېمە گەپ بولسا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا دەۋېرەتتى. ئۇ ئىلگىرى ھامۇت شۇجى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خېلى ئۇزاق بىللە ئىشلىگەنىدى.

— چۆجە مارىلىغان ساردەك ئايلىنىپ يۈرۈپسىلەغۇ، — دېدى ئۇ ھامۇت شۇجىنىڭ قولىنى چىڭ سىققان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆيگە قايتامسىلەر ياكى بىرئاز ھايلىڭلار بارمۇ؟

بۇ چاقچاق ھامۇت شۇجىنىڭ كۆڭلىگە تەگدىمۇ ياكى قورسىقى ئاچ بولغاچقا گەپ خۇشياقمىدىمۇ، دەماللىققا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ كونا خىزمەتدىشىنى ئىشارە بىلەن تراكتور يېنىغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن ياغاچلارنى كۆرسەتتى:

— بۇلارنى بەش يۈز كويغا سوقتۇق. بوپتىمۇ؟ سىلەر بىزنىڭ ھەمىشە جەرەن، بۇغا ئوۋلايدىغان بۈركۈت ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ سارغا ئوخشاتتىڭلىيا تېخى، — دېدى مەغرۇرلانغان ھالدا.

— ھەي، سىلىدە ئىنسابمۇ يوقكەن. قارىغۇ مۇشۇككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچرىغاندەك-لا بىر ئىش بوپتۇ، مۇنچىۋالا ياغاچقا ھېچ بولمىغاندا بىرەر-ئىككى مىڭ كوي تەڭلىگۈلۈك.

— ئەتىرەتتىكىلەر مۇشۇ پۇلنىمۇ كۆپكەن دەپ ئالمايۋاتسا، زورلاپ ئارتۇق بېرىدىغان ئەخمەق نەدىكەن؟ مەن تېخى تۆپىگە

ئۇن كويدىن بەردىم. باشقىلار چوڭ-چوڭ ياغاچلارنى ئىككى يىللىق جىرىم دەپ ھۆججەت بېرىپ، تۆت تال پۇلنى تاشلاپ بېرىشىپ كېتىپتۇ. رەھمەتكە كەتكەنلىرىمۇ خېلى باركەن.

دارازا كىشى ياغاچ توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئاچمايلا ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. ھامۇت شۇجى تراكتورچىغا ئەستايىدىل ھالدا ئىش تاپىلىغاندىن كېيىن ھېلىقى خىزمەتدىشىنىڭ ماشىنىسىغا غىپپىدە شۇڭغۇدى-دە، قورساق توقلايدىغان بىرەر جاينى تېپىش ئۈچۈن مېڭىپ كەتتى.

ھامۇت شۇجى كونا خىزمەتدىشىنى ئۆزى ئىشلەيدىغان يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى. ئۆي ياخشى سەرەمجانلانغان، پاكىز بولۇپ، رۇجەكتىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە قويۇلغان تېلېۋىزوردا شىياڭگاڭنىڭ بىر چامباشچىلىق فىلىمى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئۇلار كىرىشى بىلەنلا كۈتكۈچىلەر پايپېتەك بولۇشۇپ شىرەگە يېڭىدىن چاي دەملەپ كەلتۈرۈشتى. ھامۇت شۇجى ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغا چۈشىدىغان، ئاق سېرىق، ئوڭ مەڭزىدە زاغۇنچىلىك مېڭى بار چوكانغا مەنىلىك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تېلېۋىزورنى ئىشارەت قىلىپ دېدى:

— ئاۋۇ نەرسىنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈرۈۋەتسىلە، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان ناخشىلاردىن بىرەرنى ئاڭلايلى. بۈگۈن سىلىنىڭ تاماقلىرىنىڭ تەمىنى باھالايمىز جۇمۇ، چاپسان بولسىلا.

چوكان تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا سېمىز، ھىجايغاندا كۆكۈچ لەۋلىرى ئارىسىدىن قاتار ئالتۇن چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شاپ بۇرۇت خوجايىن كىرىپ ھامۇت شۇجىدىن ئامانلىق سورىدى. ئۇنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن كۈتكۈچىلەر بىر نەچچە تەخسە گۆش قورۇمىسى، لەغمەن كەلتۈردى. ھامۇت شۇجى ئېچىرقاپ كەتكەنلىكتىن ھاپىلا-شاپىلا چوكىنى قولىغا ئالدى. ھامۇت شۇجى تەخسىنى بىكارلاپ نېرىغا سۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي تاماق يەۋاتقان خىزمەتدىشىغا دېدى:

— بۇ يېزىغا كەلگىنىمگىمۇ ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى. ئۈچ-تۆت ئېغىز ئۆي سېلىپ تاشلاپ قويايمىكىن دەيمەن ئاداش.

— قىزىق گەپقۇ بۇ. نەدە ياز بولسا شۇ يەردىكى دەرەخكە چاڭگا تىزىدىغان قۇش بولمىساڭ سەن بۇرادەر. ھېلىمۇ شاھ قەسىرىدەك ئۆيدىن ئۈچ يۈرۈش سالدىڭ. ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۆيىمۇ بار. ئۆيلىرىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىڭگىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. سېتىپ باي بولاي دەمسەن-يا؟

— بۇنداق خىيالىممۇ يوق ئەمەس. كونىلار «ئارتۇق دۇنيا باشنى يارماپتۇ» دەپتىكەن. بۇ يەردە ياغاچ-تاش ئەرزان، بىكارغا ئىشلەيدىغانلارمۇ كۆپ. سېلىپ قويسام ئەسقېتىپ قالار. لېكىن بىلسەڭ ئاداش، ئۆي سېلىشىمدىكى مۇھىم سەۋەب بۇلا ئەمەس.

— قانداق سەۋەب ئەمىسە ئۇ؟ — دەپ سورىدى خىزمەتدىشى ھامۇت شۇجىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— بىلەمسەن، مەن دېگەن بىر مۇئاۋىن شۇجى، يەنە كېلىپ باشقا يېزىدىن كەلگەن ئادەممەن. بۇ يەردىكى يەرلىك كادىرلارنىڭ كۆپى كەم دېگەندىمۇ بىر-ئىككى يۈرۈشتىن ئۆي سېلىشتى. ئىشقىلىپ

ئۇلار ئاشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى تەرلەمەي، يانچۇقلىرىنى ئارتۇقچە كولىمايلا پۈتتۈرۈشتى. ئىش مۇشۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلار مەندىن «بىرەر چاتاق چىقىرارمىكىن»، «يۇقىرىغا چېقىپ قويامدىكىن» دەپ ئەندىشە قىلىشماقتا. مەن بۇ يەر ئۆز يۇرتۇم ئەمەس، ئېھتىيات قىلاي، دېگەن ئويدا پاك ئۆتۈشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، يەنىلا يېتىم قالدىم.

— كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەرسەڭ بولماسمۇ؟ ئۆزۈڭنى ئايساڭ بولاتتى ئاداش. بۇ ئىشلارنىڭ ھامان مېزى چىقماي قالمايدۇ.

— ھەي، بەك ئاددىي ئويلايدىكەنسەن. ھېلىگەر قازى بىر پەتىۋا بىلەن ھارامنى ھالال قىلغاندەك ئىش بولمامدۇ. ئۇلار سالغان ئۆيلىرىنىڭ بىرىنى چوڭ ئوغلۇمنىڭ، بىرىنى كەنجىسىنىڭ، يەنە بىرىنى قىزىمنىڭ دەپ تىزىملىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە قايسىسى قىزىنىڭ، قايسىسى ئوغلىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

— چۈشەندىم، — دارازا كىشى ئەتراپقا غەمكىن قارىغىنىچە تاماق شىرەسى ئالدىدىن تۇردى. ھامۇت شۇجىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

ھامۇت شۇجى ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن كارتىندە كېكىرىپ قويۇپ ھېلىقى سۆھبەتنىڭ داۋامىنى يەنە ئۇلىدى:

— ھەر قايسىڭلار يېزىغا چۈشكەن چاغدا ئۇنچىلىك ئەمەستى. ھازىر بۇنداق ئىشلار بىر ئومۇمخورغا ئايلىنىپ قالدى.

— دېمەك، سەنمۇ شۇ ئومۇمخورغا قاتناشماقچى. ئۆزۈڭگە بىھاجەت بولغان ئۆينى ھارامغا سالماقچى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق قىلمەن. ساڭا بايا دېدىمغۇ، يەكچە شىمىنىڭ شەھىرىگە كەلگەنلىكەنمەن، بىر كۆزۈمنى قىسمىسام بولمايدۇ، بولمىسا بۇ يەردە خاتىرجەم ئىشلىشىم مۇمكىن ئەمەس. بىز كىچىك چېغىمىزدا مۇئەللىم «باشقا قاراپ تەكشۈرگەن» دېسە، بىز سەپنىڭ بېشىدا تۇرغان بالىغا قاراپ تەكشىلىنەتتۇق. ناۋادا تەكشىلىنەلمىسەك ياكى ئوقۇغان ناخشىغا جور بولالمىساق، مۇئەللىمدىن تەنقىد ئاڭلايتتۇق. بۇمۇ خۇددى باشقا قاراپ تەكشىلەنگەندەك، ئومۇمخورغا قاتناشقاندەك بىر ئىش ئىكەن. شۇڭا، بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆي سېلىشىم لازىمكەن.

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. لېكىن تېخىمۇ ئوبدان ئويلاپ بىر ئىش قىلارسەن. خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «مەنسەپ دېگەن ئېگىز خادا تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا قانات قېقىپ بۈركۈتمۇ، يامىشىپ يىلانمۇ، چىقالايدۇ». بۇ ئەقلىيە سۆز كادىرلار قاتلىمىدا ھەرخىل ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى سەن بۈركۈت بولامسەن ياكى يىلانمۇ، بۇنى ئۆزۈڭ ئويلا، تەشكىل سېنى بۇ يېزىنى ئۆزگەرتسۇن، ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرسۇن، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ ئىشلىسۇن دەپ يۆتكىگەن. سەن يىراقنى كۆر، بۇ جاھاندا ھېسابى يوق ئىش بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن...

تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى. ھامۇت شۇجى خىزمەتدىشىنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەرمىدى. ماقۇللۇق ئىپادىسىنىمۇ بىلدۈرمىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ خىزمەتدىشى بىلەن خوشلاشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابابەكرى توختى

# گۈزەللىك ۋەسلىگە تويۇنغان جاھان

## سەھرادىكى بىر جۈپ ئوماق قارا كۆز

1

ئاي تۈنەيدۇ كىرپىكلىرىمدە
ھېلىلا
قاتتىق يامغۇر ياغدىغاندەك.
بۇلۇتلار سەمرىيىپ كەتكەن ئاسماندا
سايە تاشلاپ تۇرار بىر يۇلتۇز
ساقىيدىغاندەك.
مەن تۇرىمەن
ئاڭلاپ چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىنى،
زۇمرەت بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىنى،
مەجنۇنتالنىڭ پىچىرلىشىنى.
يامغۇر ياغمىدى تېخىچە،
يېگانە يۇلتۇزمۇ كەتمىدى يىراق.
بارغانسېرى يارقىنلاشتى ئۇ،
مېنىڭ قەلبىمدە ياندۇرۇپ چىراق.

2

چېچەكىستان بولغان باغلارنىڭ
ئەركىسى كىم؟
سەن ئىدىڭ.
ئون سەككىزگە كىرگەن چېغىمدا
مېنى ئاشۇ باغقا چىللىدىڭ.
كىردىم، يوقالدى پادىشاھلىقىم،
گۈللەرنىڭ مەڭزىدە ئىسسىق ياش قالدى.
سەن بەرگەن ياسىمەن پۇراقلىرىدىن
مىنىڭ سەبىيلىكىم مەڭگۈ يوقالدى...

3

سەھرا، سەھرا، ئەي ئوماق پەرى
ئەي لەتىپ ئاي، ئەي قارا كۆز،
بولالمىدىم مەن ساڭا پاناھ،
ئۆمۈرلۈككە ئايرىلدۇققۇ بىز.
توپا يولدا توپا توزۇتۇپ،
غىچىرلىغان توي مەپىلىرى
يانجىپ ئۆتتى مەسۇم سۆيگۈنى.
تەڭرى نەدە، ئېيتىپ بەر ماڭا،
ياراتسۇن ئۇ قايتىدىن سېنى،
ياراتسۇن ئۇ قايتىدىن مېنى...

## 4

قىزارغان ئۈپۈقنىڭ گىرۋەكلىرىدە
ئاتەش لېۋىڭ قىلغاندا جۇلا.
دېرىزەمنىڭ كۆزنەكلىرىدە
يوپۇرماقلار سالىدۇ ساما.
قىش كەلگىلى بوپقالدى نەۋاق،
سەن كەتكەنىدە غەيرىي ئالەمگە.
كىم تەڭلەيدۇ ماۋۇق قولىنى
مەن چۈككەنىدە قايغۇ-ماتەمگە.
كۆزۈم ئۇچار ئىزدەپ ئاسايىش،
قەدەملىرىڭ سۆيگەن شۇ جايغا.
باقار سەندەك تۇنلەردە مىسكىن،
يالغۇزلۇقۇڭ كۆچتىمۇ ئايغا.

## 5

چۈش كۆرگەندەك تۇمانلىق ئورمان
ئېككىمىزنى تۇرۇپتۇ ساقلاپ.
بارالمايمىز، ئەپسۇس، سەيلىگە،
كېپىكلەردەك قىيغىتىپ تاقلاپ...

## 6

يۇلتۇز بولۇپ يارالدىڭمۇ سەن،
ئاسماندىكى يېگانە يۇلتۇز
بەك ئوخشايدۇ ئەزىزىم ساڭا.
ھەر ئاخشىمى ئۈنسىز پىچىرلاپ،
سايە تاشلاپ تۇرىدۇ ماڭا.
كۈتتۈم قاتتىق يامغۇر يېغىشىنى،
ياغمىدى ئۇ تېخىچە.
ياغسۇن،
يۇيۇلۇپ كەتسۇن بۇ دۇنيا.
ياغسۇن،
يۇيۇلۇپ كەتسۇن بۇ ھەسرەت،
قۇياش باقسۇن قۇياشتەك چىقىپ.
سەن بىلەن تونۇشقان كۈنۈمدىن باشلاپ،
سەن بىلەن ئايرىلغان كۈنۈمدىن باشلاپ.
يامغۇر يېغىشىنى كۈتتۈم زارىقىپ...

## دەريا لىرىكىسى

بۇدۇر چاچ دولقۇنلىرىڭ ئېيتسا ناخشا،
ناخشاڭدەك تۈيغۇلارغا كۆمۈلەتتىم.
گاھ بولۇپ قۇچىقىڭدا ئالتۇن بېلىق،
كەۋسەردەك سۇلىرىڭغا چۆمۈلەتتىم،
ناخشاڭدەك تۈيغۇلارغا كۆمۈلەتتىم.

سەن بىلەن ئۆتتى غەمسىز باللىقىم.
سەن بىلەن ھاياتتا تەڭ كۈلۈپ كەلدىم.
سەن بىلەن قۇچتۇم ياشلىق باھارىنى،
سەن بىلەن ئارزۇلارغا تولۇپ كەلدىم،
سەن بىلەن ھاياتتا تەڭ كۈلۈپ كەلدىم.

مۆجىزە يارىلىشىڭ، ھېكمىتىڭ ھەم،
ئە دەريا ھېكمىتىڭدىن كۈلدى زېمىن.
مەن ئىچكەن ھەر قەترەڭدۇر ئابىھايات،
كۈيلەيمەن شەنىڭگە شاد ئېيتىپ گېمىن،
ئە دەريا ھېكمىتىڭدىن كۈلدى زېمىن.

مىننەتسىز ئېقىپ كەلسەڭ يىراقلاردىن،
بىر بۈيۈك تۆھپىكاردەك تۈيۈلسەن.
سالام دەپ ئېگىلىمەن قىرغىقىڭدا،
قەلبىمگە سۆيگۈ بولۇپ قۇيۇلسەن،
بىر بۈيۈك تۆھپىكاردەك تۈيۈلسەن...

## چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالىنىڭ تېگى

چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالىنىڭ تېگى،
ئۇخلىغىن ئۇمىقىم، ئۇخلىغىن ئاستا.
شەجەرە سۆزلەيدۇ يۇكسەك ئىنتىلىش،
ئەي غۇنچە لېۋىڭگە تامدۇرۇپ ناخشا.

شالدىرلار ئورمانلار، بالقىيدۇ ھۇر ئاي،
يېيىلىپ كەلمەكتە ئاقۇچ رەڭ تۇمان.
بىر تاتلىق ئۇيقۇدا مەستۇرسەن كەبى،
گۈزەللىك ۋەسلىگە تويۇنغان جاھان.

چۈشلىرىڭ دۇنياسى ئىقبالىنىڭ تېگى،
سەن ئۇندا كۆرسەن ئۆزۈڭنى مارستا.
سەن ئۇندا كۆرسەن سامان يولىنى،
ئۇخلىغىن ئۇمىقىم، ئۇخلىغىن ئاستا...

## ۋىجدانسىزنىڭ شەرھى

«ۋىجدان» دەپ زارلايدۇ ۋىجدانسىز كىشى،
ئۆزگىنىڭ ھەممىسى ۋىجدانسىز ئاتا.
ۋىجدانسىز سانىلار ھەتتا بىر ئىشى،
كۆڭلىگە خوپ كەلمەي قالغان قىز ئاتا.

بويسۇنسا ئۇ سىزغان چەمبەر-سىزىققا
ۋە چىقماي ئايلانسا ئۇنى بىر ئۆمۈر.
ئايلىنار بۇ ئاتا بەكمۇ قىزىققا
ۋە سېزەر ھاياتنى مەڭگۈلۈك ھوزۇر.

بولمىسا مۇبادا دېگىنى سەپراس،
قاقشايدۇ بۇ جاھان شۇنچە تارمۇ، دەپ.
ئادەمنى قورچاق قىپ قويسىمۇ ھەق راست،
سورىماس ئۆزۈمدە ۋىجدان بارمۇ، دەپ.

## شوخ باللارغا

شوخ بولغۇم بار باللار، شوخ بولغۇم بار،
قېتىلايچۇ مەنمۇ بېرىپ ئاراڭلارغا.
ئۇنتاي بىر پەس بۇ دۇنيانىڭ غەلۋىسىنى،
داخىل بولۇپ ئاچچىق-چۈچۈك پاراڭلارغا.

شوخ ئىدىمغۇ مەنمۇ بىر چاغ سىلەر كەبى،
يۇلتۇزلارغا سالغا ئېتىپ تېرىكتۈرگەن.
كىرپىك قاقماي تۈن تەگچە بوۋامنىمۇ
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە دەپ زېرىكتۈرگەن.

مەن باسمىغان ئورمان، دالا قالمىغان ھېچ،
مەن كەچمىگەن دەريا-ئۆستەڭ تېپىلمايتتى.
مەن ئۇچۇنلا يارالغاندەك ھەممە نەرسە،
ئوينىماسام كۆڭلۈم يايراپ ئېچىلمايتتى.

دوستى ئىدىم پادىلارنىڭ، قۇمۇشلارنىڭ،
دوستى ئىدىم ھەتتا قارغا، چۈمۈلىنىڭ،
كۆچۈكۈمنى ئەگەشتۈرۈپ چېپىپ كەتسەم،
تۈيۈلاتتى ھەتتا ئاسمان، ئۇيۇق مېنىڭ.

يىللار ئۆتكەن ئويناپ-كۈلۈپ باللىقتا،
چوڭ بولۇپلا يوقاتتىمغۇ شوخلۇقۇمنى.
گاڭگىربىدىم بۇ ھاياتلىق ئۆتكىدە،
بىلەلمەستىن جاھاندا بار-يوقلۇقۇمنى.

شوخ بولغۇم بار باللار، شوخ بولغۇم بار،
قېتىلايچۇ مەنمۇ بېرىپ ئاراڭلارغا.
قايتمىسىمۇ باللىقنىڭ شاۋقۇنلىرى،
داخىل بولاي ئاچچىق-چۈچۈك پاراڭلارغا...

## جەنۇبلۇق قىزلار

چىمەن دوپپا كىيىشكەن قىزلار
چىقتىڭلاركىن قايسى چىمەندىن؟
نىمە ئۈچۈن كۆرسەم سىلەرنى
يالقۇن تەپتى چىقىدۇ تەندىن؟

قارا كۆزلۈك قۇمچاق قىزلار،
تۇغۇلغانمۇ كۆزۈڭلار تۇندىن؟
ياتالمايمەن نىچۈن تۈنلەردە
باشلاپ ئاشۇ ئۇچراشقان كۈندىن؟

پۈرمە-پۈرمە سۇمبۇل چاچ قىزلار،
چىقتىڭلارمۇ سۇمبۇل ئۈچىدىن؟
نىمە ئۈچۈن تەگسە چىچىڭلار،
يۈرەك ئىغىپ ئالالمايمەن تىن؟

قىزلار، قىزلار، جەنۇبلۇق قىزلار
بار سىلەردە قانداق بىر سىھىر؟
ھەربىر باققاندا كۆز ياپرىقىدەك،
ئالدىڭلاردا تىترەيمەن دىر-دىر...

**جۇمە ئابدۇغىنى**

# ئۈچ تـــ خمىس

(شائىر ئابدۇرىھىم ئۆتكۈر غەزەللىرىگە)

## ئاق ئەمەس چاچىمدىكى

ئەلنى سۆيمەك قەسىمىم، كامىل ئىمانى دەپ بىلىڭ،
ئەلگە بولغاچ ھەمنەپەس، تارتتى جاپانى دەپ بىلىڭ،
پىشقەدەم قىلدى ئۇنى دەۋر بورانى دەپ بىلىڭ؛
ئاق ئەمەس چاچىمدىكى، يىللار توزانى دەپ بىلىڭ،
سارغىيىپ كەتكەن يۈزۈمنى كۆز خازانى دەپ بىلىڭ.

كەچمىشىمنى ئاڭلىسا كىم، بولغۇسى ھەيران چوقۇم،
ماڭا كەلگەن دەرد-ئەلەمنىڭ سانى يوقتۇر (خۇددى قۇم)،
ئەمما، ئەل قوينىدا تۇردۇم، غەيرىگە سوزماي قولۇم؛
قانچە تۈرغۇن، قانچە چوڭقۇر بولسا ماڭلاي قورۇقۇم،
دەردۇ كۈلپەت دەۋرىنىڭ روشەن بايانى دەپ بىلىڭ.

ئەلگە سوقتى يۈرىكىم ھەم ئەل بىلەن بولدى سۆزۈم،
خەلقى ئالەم ئالدىدا بولدى شۇڭا يورۇق يۈزۈم،

ئەپسۇسكى يىللار دولقۇنىدا، ئېگىلىپ قالدىم ئۆزۈم؛
خۇددى يۇلتۇزدەك پىلىلداپ، ياشلىنىپ يانسا كۆزۈم،
دىلدا ئارمان تاشقىنىنىڭ نام-نىشانى دەپ بىلىڭ.

بەزىدە شاد يايرىدىم ۋە بەزى خار ئۆتتى كۈنۈم،
ۋە لېكىن روھىي ئوزۇق بولدى ۋەتەن — سۆيگەن گۈلۈم؛
ئويلىدىم: «ۋەتەننى تەرك ئەتمەكتىن ئارتۇقتۇر ئۆلۈم!»
ئاھ دېيەم بوران مىسالى گۈركىرەپ چىقسا ئۈنۈم،
موپتىلالىق دەردىدىن تاشقان پۇغانى دەپ بىلىڭ.

ئويلىدىم ئۆمۈر يولى خەلقنى، ۋەتەننى كۈن ۋە تۈن،
ئۆتتى كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلار، پىشقەدەم بولدۇم بۈگۈن،
قەلبىم گويا مەڭگۈ باھار ئەل ئىشقىدا كۆيگەن ئۈچۈن،
روھى جىسمىغا يېپىشتى سۆيگۈ يالقۇنى پۈتۈن،
ئەمدى بۇ جىسمىنى بىر ئاتەش ماكانى دەپ بىلىڭ.

«ئەل ئۈچۈن تارتقان جاپا — راھەت» دېگەن ئاقىل يەكۈن،
ئۈندىدى روھلۇق بولۇشقا، ياشىرىپ قالدىم بۈگۈن؛
ھاياتلا بولسام ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلارمەن كۈن ۋە تۈن؛
قانچە پەرھاد كۈنلىرىنى كۆرسە مىسكىن ئەل ئۈچۈن،
بۇ ئاڭا دەۋران ئىشىنىڭ ئىمتىھانى دەپ بىلىڭ.

## قەشقەر گۈزىلىگە

ئۆزۈڭنى پىنھان تۇتىسەنۇ، كۆرۈۋالدىڭمۇ مېنى،
ياكى غايىب قوللىرىڭدا چىرمىۋالدىڭمۇ مېنى،
يا كەبى قاشىڭنى بەتلەپ ئۇۋلىۋالدىڭمۇ مېنى،
بىر قاراپ سېھرىڭ بىلەن سەن بۆسۈۋالدىڭمۇ مېنى،
ئۆرۈم-ئۆرۈم چاچلىرىڭغا ئورىۋالدىڭمۇ مېنى.

كۆرمىگەن ئەردىم جاھاندا سەن كەبى نازۇك بەدەن،
بىر كۆرۈپ بولدۇمكى مەجنۇن، ئەي گۈزەل، سەزدىڭمۇ سەن،
سەنمۇ ئويلامسەن، كېچە-كۈندۈز خىيالىم سەن بىلەن،

هۆر ئىدىم چۆلدە كېيىكتەك، كۆزلىرىڭ كۆرمەستە مەن،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن ئىلىۋالدىڭمۇ مېنى.

ئەس-ھوشۇم نورمال ئەمەس سېھىرلىنىپ قالغان كەبى،
غايىبانە مۇڭدىشارمەن ئىلىشىپ قالغان كەبى،
قوللىرىم ھېچ ئىشقا بارماس چىگىلىپ قالغان كەبى،
ھېچ كېتەلمەيمەن قېشىڭدىن يۆگىلىپ قالغان كەبى،
پۇتلىرىمدىن يۆگىمەچتەك يۆگىۋالدىڭمۇ مېنى.

مېنى مۇنچە قىينىما، رەھىم قىلىپ ھالىمغا يەت،
يا جېنىمنى قەتلى قىل، (دەردتە ئۆلەرمەن ئاقىۋەت)؛
قىلچىلىك تاقەت قىلىشقا قالمىدى ھالىم پەقەت؛
بار ۋۇجۇد بولدى ئەسىر، ئەقلۇ خىيالىم بەندۇبەنت،
شۇ قارا خالىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇۋالدىڭمۇ مېنى.

سېنى كۆرگەندىن بۇيان ئەپلەشمىدى قىلغان ئىشىم،
ئويلىساملا سېنى ھەتتا قالدى يەۋاتقان ئېشىم،
ئىشق ئوتى يامان ئىكەن، كەلكۈن بولۇپ ئاقتى يېشىم،
مۇكچىيىپ قالدى بېلىم، پۇت-قوللىرىمۇ ئەۋرىشىم،
تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە ئېگىۋالدىڭمۇ مېنى.

كۈندۈزى يولغا قارايمەن شۇنچە بىتاقەت بولۇپ،
كەلمىسەڭ، يوقتۇر ئامالىم، قايتىمەن باغرىم سۇنۇپ،
ئاخشىمى بىھوش ياتارمەن، يۈرىكىم دەردكە تولۇپ؛
كەچ شەپەق كۆلگەن چېغى ناخشاڭ بىلەن بىللە قوشۇپ،
تارىلىرىڭنىڭ رىشتىسىگە ئىگىرىۋالدىڭمۇ مېنى.

ئەي گۈزەل، ھالىمغا باق، بالدۇرقى ھالىم قالمىدى،
سارغىيىپ بولدۇم سامان، تەندە ماجالىم قالمىدى،
پېلىنايمۇ تىزلىنىپ؟ (باشقا ئامالىم قالمىدى)،
يا ھەرەم، يا ھۆرۈ پەيكەردىن تەمەيىم قالمىدى،
تىل تۇمارىڭ قاتلىرىغا توگۈۋالدىڭمۇ مېنى.

ئىشىنەلمسەڭ سۆزۈمگە، بىركېلىپ ھالىمنى كۆر،
گەر سۆزۈمدە بولسا يالغان مەيلى تىللا يا تۇكۇر؛
راستىنى ئېيتسام: ماڭا بۇنداق ياشاشتىن ياخشى گۆر؛
مۇپتىلالىق بولدى قىسمەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
ئەي نىگار، تەقدىر قازادىن سورىۋالدىڭمۇ مېنى.

غەنىمەت

دوستلار بىلەن جەم بولۇش بەكمۇ قىممەت، غەنىيمەت.
قانغۇدەك بىر مۇڭدىشىپ بولۇش ئۆلپەت غەنىيمەت،
مەي تۇتۇشۇپ تىلەشمەك شان ۋە نۇسرەت غەنىيمەت؛
ئۇزات، ساقى، قەدەھنى كەلدى پۇرسەت غەنىيمەت؛
قەدىرشۇناس دوست بىلەن بىردەم سۆھبەت غەنىيمەت.

ئالتە كۈنلۈك ئالەم بۇ، باقىۋەندە ئورۇن يوق،
ھەتتا گاھى قالسەن مۇڭداشقۇدەك سورۇن يوق،
شۇڭا ئىناق ياشايلى، كۆڭلىمىز ئاق-تۇگۇن يوق؛
تۇنۇگۈنكى يارەنلەر قاراپ باقساڭ بۈگۈن يوق،
بىلسە دوستلار ئۆزىنى، قەدىر-قىممەت غەنىيمەت.

مىڭ ياشىغان لوقمانمۇ ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى،
لېكىن ئامال تاپالماي، ئاخىرمۇ ئەجەل يەتتى،
شۇ ئۆلۈمنىڭ قايغۇسى يۈرەكلەرنى خۇن ئەتتى؛
نوھ ئۆمرىگە باقا يوق، ئىسكەندەرمۇ ياش كەتتى؛
«ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاتقان ئوق»، مىنۇت-سائەت غەنىيمەت.

تېخى ھېچكىم دۇنيادا مەڭگۈ ئۆمۈر كۆرمىدى،
لېكىن، نۇرغۇن كىشلەر يىل قەدرىنى بىلمىدى،
بىلگەنلەرمۇ بىلمىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى؛
نى خاقانلار قالمىدى، ئىبنى سىنا ئۆلمىدى،
ئىز قالغۇدەك بىر ئىشقا سىڭگەن مېھنەت غەنىيمەت.

قەدىرلەيلى ۋاقىتنى، بىزمۇ ھامان ماڭىمىز،
ئىجاد قىلساق ئەل ئۈچۈن قالار مۇندا نامىمىز،

لېكىن باردۇر مۇشەققەت، بىزمۇ ئەمەس چارىسىز؛
«ئەجدىھاسىز خەزىنە يوق، گۈل ئېچىلماس خارىسىز»
چەكسە ئاشىق يار ئۈچۈن قانچە كۈلپەت غەنىيمەت.

كىمكى ئەلگە ئىشلەشنى نىيەت قىلسا كۆڭلىدە،
جاپا چېكىپ، گەر راھەت كۆرمىسىمۇ ئۆمرىدە،
لېكىن، ئاڭا مۇھەببەت قوزغىلىدۇ ھەممىدە؛
ھەر ئىرادە ساھىبى قازسا قۇدۇق يىڭنىدە،
ئىچۈر ئاخىر سۈيىنى، دېمەك ھىممەت غەنىيمەت.

ئىنسان بولساڭ بول چوقۇم ئەلگە كۆيەر ئوت يۈرەك،
ئۇيىلا دائىم خەلقىڭنى، بولغىن ھەم ئالىي تىلەك،
ۋەتەن ۋە خەلق بولىدۇ ھەممىڭگە يار-يۆلەك؛
مىسكىن ئېيتۇر: يالتىراق ساختا شۆھرەت نە كېرەك،
غۇربەت ئىچرە يۈرسەڭمۇ ئەلگە خىزمەت غەنىيمەت.

**قىيۇم سوپى**

# يۈرىكىمدە ئۈنىڭ يىلتىزى

## ئەي مۇھەببەت

سېنى كۆرسەم،
سېنى سۆيسەم مەن،
سېنىڭ بىلەن ئۆتسە كۈنلىرىم.
ماڭا بەرگەن مۇھەببىتىڭدە
بىدار ئۆتسە مېنىڭ تۈنلىرىم.

ئەسلىسەممەن شېرىن ھېس بىلەن
چاچلىرىڭنىڭ يال-يال نۇرىنى.
يۈرىكىمگە بەرمەيدۇ ئارام
سېغىنىشنىڭ كۈچلۈك بورىنى.

قەيەردىدۇر ۋىسال مەنزىلى،
يېتەلمىدىم يىراقمۇ شۇنچە؟
ئەي مۇھەببەت، دىللار ئىلاھى
مېنى سەرسان قىلمىغىن بۇنچە.

## چۈشۈمدىمۇ خىيالىمدا سەن

كۆرۈپتىمەن ئاخشام گۈزەل چۈش،
يۈرگۈدەكمەن باغلارنى كېزىپ.
سۇ بويىدا ئوماق شوخ قىزلار
ئوينىشارمىش گۈلدەستە تىزىپ.

تاپالمىدىم،
ئىزدىدىم سېنى،

كۆڭلۈم پىرىم تولغىنىپ كەتتىم.
« ھەممىسى بار، دىلرەبايىم يوق »
شۇ خىيالدا ئويغىنىپ كەتتىم.

سەن چىقمايسەن يادىمدىن ھەرگىز،
چۈشۈمدىمۇ خىيالىمدا سەن.
سېنى شۇنداق چەكسىز سۆيىمەن،
يۈرىكىمدە-ھاياتىمدا سەن.

## ئارمانلىرىمنى بىلەمدىغانسەن

ئارمانلىرىم ئەجەبمۇ شېرىن،
جان ئامرىقىم بىلەمدىغانسەن؟
ئۇچقۇنلىرى يۇلتۇزنىڭ ئۆزى،
كۆزلىرىمدىن كۆرەمدىغانسەن؟

ئارمانلىرىم ساڭىلا تالىق،
ئۇدۇر سېنىڭ ئامىتىڭ-بەختىڭ،
ئۇ مىسالى شۇڭقار قانىتى،
پەللىلەردە سەلتەنەت تەختىڭ.

ئالتۇن قولۇپ دېسەم ئۇنى مەن،
قولۇڭدىدۇر ئالتۇن ئاچقۇچى.
مۇھەببىتىڭ، ۋاپادار كۆڭلۈڭ
ھە ئۇنىڭغا نۇرلار چاچقۇچى.
بىلىپ ئۇنى خۇش پۇراق رەيھان،
قولىقىڭغا قىسۇۋال جېنىم.
سوغار ھامان يۈرەك قېنىڭدا،
شۇندىلا مەن تاپىمەن تىنىم.

## تەبەسسۇمۇڭ

يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ بېقىپ،
تەبەسسۇمدا قارىساڭ ماڭا.
تىترەر قەلبىم مىسلى ياپراقتەك،
تەلپۈنىمەن شۇنچىلىك ساڭا.

جېنىم سېنىڭ كۆزۈڭلا ئەمەس،
پۈتۈن جىسمىڭ تەبەسسۇم شۇنداق.
يۈرىكىڭدە ئۇنىڭ يىلتىزى،
شەبنەم كەبى پاكىز ۋە ئاپئاق.

تەبەسسۇمۇڭ ئىلھام بۇلىقى،
يۈرىكىمنى سەگىتىپ ئۆتكەن.
ھەمراھ ماڭا ھەرقاچان شادلىق،
ھايات تەمى شۇنىڭدىن پۈتكەن.

1995-يىل ماي، غۇلجا

**ھوشۇر ئىبراھىم**

# غەزەللەر

## 1

سۈرمە سىڭدى قاشلىرىڭغا قاپقارا،
كىرپىكىڭ تاق، شام-سەھەر شەبنەم ئارا.
ھەر نىگاھتا ئەكس ئېتەر ئىزگۇ خىيال،
ھەتتىگەي، پىكرىڭ سۇنۇق، باغرىڭ يارا.
كۆزلىرىڭدىن كۆچتى شوخلۇق، جىلۋە-ناز،
نازنى يۇتتى ئوت-پىغان بارا-بارا.
سەلتەنەت، سۇر ۋە كىبىردىن يوق ئەسەر،
ئىنتىزارلىق ھۆكۈمران، كۆزلەر چارا.

يول دېگەن ئالدىڭدا ئەگرى ھەم يىراق،    چىڭ ئىرادە ئوت تېغنى پەسلىتەر
ساھىلىڭ ئۇچقۇن-چېكىت، ئوبدان قارا!    ساپ ئەقىدە، چىن ۋاپادا يۇرت سورا.

## 2

ئاي دەيدىكەن باشقىلار، سەن ئوخشايسەن ئۆزۈڭگە،
كۆزۈڭ نۇرلۇق بولاقتۇر ئايمۇ چۆمگەن كۆزۈڭگە.
سەن قەلبىمنى يورۇتقان چولپان يۇلتۇز ئەمەسمۇ؟
تاش ئەينەككە قاراپياق ئىشەنمىسەڭ سۆزۈمگە.
كۆككە باقسام ئايدىمۇ سانسىز داغلار بار ئىكەن،
سەن غۇبارسىز گۈل سەنەم كۈنمۇ قايىل يۈزۈڭگە.
سەن تۇرغاندا يېنىمدا؛ كۈندۈز گۈزەل، تۈن گۈزەل،
كۈندىن ئىللىق نۇر بېرەر شەھلا كۆزۈڭ كۆزۈمگە.
سۆيگۈم ئۇچۇن قاناتسەن، جىسمىمغا قان-ھاياتسەن،
ئايغا ئەنداز، كۈنگە ھەم سەن ئوخشايسەن ئۆزۈڭگە.

## 3

يېنىپ تۇرغان چوغمۇسەن، مېھرىڭ ئىللىق نۇرانە،
پەرىلەرگە تۇغمۇسەن، ئاجايىپ ئۇز يېگانە.
چېھرىڭدە نۇر، لېۋىڭدە جىنەستىنىڭ ئەندىزى،
كۆزۈڭ چاقنار قۇياشتەك مەن ئىنتىزار پەرۋانە.
ئىشقىڭدا تەن كاۋاپتۇر، تونۇردىمەن-ئوتتىمەن،
بوسۇغاڭدىن كېتەلمەي بولۇپ قالدىم دىۋانە.
ۋىسال قۇشۇم ئەگىدۇ ئۆگزەڭدىكى پەغەزنى،
پەرۋازىم يوق ئۆزگىگە، سەن قەلبىمدە يېگانە.
ئەگىيمەنۇ ئەگىيمەن مەھەللەڭدىن كېتەلمەي،
مەي ئوتلماي ئىشقىڭدا بولۇپ قالدىم مەستانە.
ۋىسالىڭغا تەشنامەن، كۆرۈنگىنسەن ئاي بولۇپ،
بولۇپ قالاي ئۆمۈرلۈك ساڭا مۇشتاق دىلخانە.

## 4

گۈل كۆرۈپ ئۈستۈم زاكامدىن، قايتا گۈل كۆرگۈم كېلۇر،
ياشلىقىمدەكلا پۇراپ، لەۋگە يېقىپ سۆيگۈم كېلۇر.
گۈل دېگەن رەڭدار تەبىئەتنىڭ گۈزەل خان تاجىسى،
قىپقىزىل گۈلنى يۈرەككە ئوخشىتىپ تىزغۇم كېلۇر.
ھەر سەھەر گۈل سەيلىسىدە ھېسلىرىمنى ئۇرغۇتۇپ،
گۈلدىكى شەبنەمنى يۈزگە سۈرگۈم كېلۇر.
گۈل ھىدى-يارنىڭ ھىدى ساپ ئارىلىشىپ كەتكەن تامام،
گۈل ھىدى مەستخۇشلۇقىدا شاد غەزەل ئېيتقۇم كېلۇر.
گۈلگە ئاشىق خۇشناۋا بۇلبۇل كەبى نەزمە تۈزۈپ،
سۆيگۈ ئۈچۈن چاكقاق قەلبلەرگە ھامان يازغۇم كېلۇر.
گۈل ئېچىلسا ھەر باھاردا، ياشلىقىمنى ئەسكە ئېپ،
ياش كۆڭۈلنىڭ زوقى قوزغالغان كەبى تۇرغۇم كېلۇر.
گۈلنى كۆرگۈچىلار كېلەمدۇ؟ دەپ سورايسەن ئامرىقىم،
گۈل كۆرۈش دىل ئادىتى، ھەتتا قىسىپ يۇرگۈم كېلۇر.
گۈل كۆرۈش قەلبى ھۇزۇرى ئۇل ھوشۇرنىڭ دائىما،
باغدىكى رەڭدار كېپىنەكتەك سۆيۈپ قونغۇم كېلۇر.

## 5

ھەقىقەتنى تۇغۇلدۇمەن، ھەقىقەت تىل تۇمارىمدۇر،
تومۇردا جۇش ئۇرۇپ ئاققان قېنىم ھەم كۈچ-مادارىمدۇر.
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ لەززىتى بولماس،
ھاياتىم لەززىتى، پەخرى ئۇ، سۆيگەن دىل نىگارىمدۇر.
ھەقىقەت سۆزلىسەم بەزى قالارمەن مىڭ تاغار دەردكە،
شۇ دەردكە رازى بوپ ئۆتمەك يۈرەكتە چىن قارارىمدۇر.
«ھەقىقەت سۆزلىگەن ئادەم ئۆلەر ئۆز ئەجىلدىن بالدۇر»
ئېسىلسام دارغا بالدۇرلا پۇشايمانسىز بارارىمدۇر.
ھەقىقەتكە جىمى موھتاج، ئۇنىڭدىن ئەل روناق تاپقاي،
ھەقىقەت شۇ سەۋەب مەڭگۈ ئۆمۈرلۈك دىل خۇمارىمدۇر.

## 6

ئۆزۈڭگە ئوخشساڭ ھازىر، قالارسەن ئوخشماي دەمدە،
ۋاقىت ئۇ شۇنچىلىك تېزكى، كۆرەلمەيسەن ئاشۇ كەمدە.
لاغايلاپ يۈرمە غاپىللىق ئىچرە ھەر دەقىق ئىنسان،
قىلارسەن يىل ئۆتۈپ پۇشايمان ماجالىڭ قالمسا تەندە.
ھايات تۇلپارىغا دەرھال يۈگەن سال نەۋقىران چاغدا،
شۈكۈر مەيخانىسىدا سەن بولۇپ قالماي نادان بەندە.
ئۆتۈپ ياشلىق، كېتىپ پۇرسەت ئىكەك سالسا ۋاقىت ئۆمرۈڭ،
تىلەرسەن ئۆزگىدىن ئاش-نان كېيىپ رەزگى كۆلا-جەندە.
ئىنجاد-مېھنەتتە ئەي ياتۇر، ئىلاھقا تەڭ تۇرار بەلكى،
دېڭىزنى تىندۇرالايدۇ ئۈمىد بولسا ئەگەرچەندە.
شىجائەت شەمشىرى كەسكەي ئېگىز تاغلارنىمۇ بەلدىن،
ئەقلىنىڭ سۈيىدە شەمشەر سۇغارساڭ، بەلكى بىردەمدە.
ئۆگەن دوستۇم، بىلىم ئىزدە، نادانلىق ئۆزمىسۇن بويىنۇڭ،
ھايات ئەييامىنى چىڭ تۇت، ۋاقىت گەر بولسىلا سەندە.

## 7

قەدىمي ھەم گۈزەل ئاستانە يىپەك يول قامۇسى قەشقەر،
مۇقەددەس شەھرى سۇلتانە گۈلى ھەم تاجىسى قەشقەر.
ئۈنى تەكرىم ياراتقانمىش ئېلىپ تۇپراقىنى زەردىن،
جاھان سەھىناسىدا مەشھۇر ئەزىزلەر ئانىسى قەشقەر.
«بىنە مەرقەند ئالمىسى» دەيدۇ، نە ئالما، چېھرى گۈلخاندۇر،
سۆگە كىلەرگە يىلىك، مېھرى كۆكۈللەر خانىسى قەشقەر.
چىلىشچان خەلقى مىڭ ئەلا شاھنشاھ-كاتتا خاقاندىن،
جاھانكەشتى قەلەندەرمۇ ئۈنىڭ پەرۋانىسى قەشقەر.
تېنى زەر، دۇررى-مارجاندۇر، سۈيى زەمزەمگە تەڭ مۇتلەق،
گىياھ يانتاقلىرى دورا، ئانارىنىڭ دانىسى قەشقەر.
ئۈنىڭ تۆت پەسلى ئايرىلغان خاتاسىز ھەم ئېنىق-روشەن،
ھاياتلىقچۇن ئىسىل جەننەت، بەخت پەيۋەندىسى قەشقەر.
ئانا قەشقەر، ئەزىز قەشقەر، سۆيۈملۈك بەختىيار قەشقەر،
«جاھان رەنالىرى ئىچرە» يۈرەكىنىڭ پارىسى قەشقەر.

ئىبراھىم ئىزاقى

# ئۆچعـەس چاقعاقلار

## پەرداز

باھار تەبىئەتكە بەرمىسە پەرداز،
قىلالماس باغدا گۈل-چېچەك جىلۋە-ناز.
گۈزەللىك كۆكىدە پەردازۇ پەرىسىز.
لاتاپەت قۇشىمۇ قىلالماس پەرۋاز.

كۆركەمدۇر كۆرۈمسىز قامەت پەردازدا،
پەرداز ھېچ ياراشماس چىراي-سىيما ئاز.
يوقىتار قىممىتىن سەتلىشىپ بىراق،
ھەقىقەت يۈزىگە قىلىنسا پەرداز.

## يوچۇق

يوچۇق بار دېرىزە، ئىشىكتە، رامدا،
يوچۇق بار تەختتە، ئوردا، قورغاندا.
يوچۇق بار تۈنىدىمۇ، تاڭدىمۇ ھەتتا،
يوچۇق بار ئىنساندا — قەلبتە، ئاڭدا.

يوچۇقتىن يۈرۈشەر ئىس، توزان-شامال...
يوچۇقتىن ھاۋامۇ تۇرار ئالمىشىپ.
يوچۇقتىن نۇر-شولا ئۆتەر، يوچۇقتا
خىلمۇ خىل پۇراقلار كىتەر ئارىلىشىپ.

خىسلەتلىك يوچۇقلار، يوچۇقنى بايقا،
يوچۇقتا ئاشكارا بولۇر ماھىيەت،
بۇ سىرلىق ھاياتقا يوچۇقتىن قارا،
كۆرۈنەر تەڭ ساڭا مۇھەببەت-نەپرەت،

## غەم

ئارتۇق غەم ئەقىلگە ئۆتكۈر ئىكەك دەر،
نادانلىق ئەقىلنى ئۆزى ئىگىكلەش.
ۋە لېكىن ئاقىلغا ئازاب كەلتۈرەر
ئەلگە خاس ئەقىلنى ئىككە كىشى چەكلەش.

ئۆز ياكى ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېمەي،
خالايدۇ كىم يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى؟!
خالايمەن ۋەتەن ئەل غېمىنى يەپلا
ئىككىنىڭ ئىلكىدە كېپەك بولۇشنى.



تۆمۈر داۋامەت

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە سەپەر

(زىيارەت خاتىرىسى) *

## 4- بۆلەك — ئۆزبېكىستانغا زىيارەت

### 1. دوست قوشنىمىز ئۆزبېكىستان

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 30- ئىيۇن ئايروپىلاندا تاشكەنتكە بېرىپ، ئۆزبېكىستاندا بەش كۈن زىيارەتتە بولدى.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دەريالار بولمىش سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن ئىبارەت تۆت دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەر مەيدانى 447.4 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. زېمىنىدا چۆللەر، تۈزلەڭلەر، دەريا بويلىرىدا بوستانلار بار، باشقا يەرلىرى كۆپىنچە قۇملۇقتىن ئىبارەت. ئاھالىسى 22 مىليون بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مەملىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزبېكلەر ئومۇمىي ئاھالىسى سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى، رۇسلار 10 پىرسەنتىنى، باشقا مىللەتلەر 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېكىستان ئىككى دەريا ۋادىسىغا، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق بىلەن غەرب، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش مۇقەررەر ئۆتىدىغان يېرىگە جايلاشقان، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختا ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئەڭ بالدۇر باشلانغان. روناق تاپقان رايون بولغاچقا، ئۇ يەردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەزەلدىنلا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. ئۆزبېكىستان بىلەن بىز بىلەن چېگرىداش بولمىسىمۇ، لېكىن بېرىش-كېلىش قىلىشتا ئۇزاق

* بېشى ئالدىنقى سانلاردا

تارىخقا ئىگە. شىنجاڭدا ئۆزبېك مىللىتى بار. ئۆزبېكىستاندىمۇ ئۇيغۇرلار بار. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ھازىر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. بۇ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقلىرى قارشى ئالىدىغان ئىش. بۈگۈن مەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ زىيارەتكە كەلگىنىمدە، 1990-يىلى نويابىردا جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بۇ يەردە تۇنجى قېتىم زىيارەتتە بولغانلىقىم ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى. شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىن كەلگەن دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە بىزنى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. بارغانلا يەردە قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقىمىز ھازىرقىدەكلا يادىمدا تۇرۇپتۇ.

30-ئىيۇن چۈشتە ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز تاشكەنت ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدى. بىزنى ئۆزبېكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خېلىلوۋ، ئالىي سوۋېت خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللايېۋ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ 1-مۇئاۋىن مىنىستىرى زىيانوۋ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قايىپوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئامما قىزغىن قارشى ئالدى. رەھبەرلەر بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ سالاملاشقاندىن كېيىن، چىرايلىق ياسانغان ئۆزبېك قىزلىرى بىزگە نان، تۇز ۋە گۈل تەقدىم قىلدى. مەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن ئايرودرومدا قىسقىچە سۆز قىلدىم. سۆزۈمدە بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ مەقستى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق چۈشەنچە بەردىم: «جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۆزبېكىستان خەلقى ئەنئەنىۋى دوستلۇققا ئىگە. جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزبېكىستان بىلەن بولغان دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىز بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق دۆلىتىڭلارنىڭ پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، جۈملىدىن ھەر ساھە ئەربابلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ۋە ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.» مەن سۆزۈمدە يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلەپ ئۆتتۈم: «بۇ قېتىم دۆلىتىڭلارغا دوستانە زىيارەتكە كەلگەن ئۆمىكىمىز مەملىكىتىڭلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيىدىن بۇ يەرگە رەسمىي زىيارەتكە كەلگەن تۇنجى ۋەكىللەر ئۆمىكى ھېسابلىنىدۇ.»

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مېنىڭ تاشكەنتتە ئىككىنچى قېتىم زىيارەتتە بولۇشۇم ئىدى. تونۇش جايلارنى ئايلانغاندا مەندە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولدى... مەن

ئۆزبېك خەلقى ۋە مېھماندوست تاشكەنت ئاھالىسىگە جۇڭگو خەلقى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سەمىمىي تىلەكلىرىنى يەتكۈزدۇم.

ئايرودرومدىن دۆلەتلىك مېھمانخانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

چۈشتىن كېيىن ئالىي سوۋېت بىناسىدا ئالىي سوۋېت رەئىسى يولداشوۋ، مۇئاۋىن رەئىسى خېلىلوۋ، خەلقئارا ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللايوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتۇق.

كۆرۈشۈشتە، رەئىس يولداشوۋ سۆز ئېلىپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. 1991-يىلى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا «19-ئاۋغۇست» ۋەقەسى سادىر بولغاندىن كېيىن سىياسىي ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، نۇرغۇن جۇمھۇرىيەتلەر ئارقىمۇ ئارقا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت تەقەززاسىغا ئايلاندى. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق باياناتى» ۋە «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق پرىنسىپ-قانۇنلىرى»-نى ئېلان قىلىپ، 1991-يىل 1-سېنتەبىردىن ئېتىبارەن مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ قارار ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. 1-سېنتەبىر دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى يەنى دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى. «دۆلەت بايرىقى قانۇنى» ماقۇللىنىپ يېڭى دۆلەت بايرىقى ئىشلىتىلدى. كېيىن يېڭى دۆلەت گېربى ۋە دۆلەت ناخشىسى ماقۇللاندى. 1992-يىل دېكابىردا جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى ماقۇللاندى. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بىر دۆلەت سۈپىتىدە ھازىر تامامەن مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭدى. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىسىدە، ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادى نەچچە ئون يىل ئىچىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. لېكىن نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تاق بولغانلىقىدا، كېۋەز تېرىلغۇسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي تارمىقى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى جۇمھۇرىيەتنىڭ پۈتۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، كېۋەزچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەيدىغانلار سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. سانائەت ساھەسىدىمۇ پاختىغا ئىش قوشۇشنى دەۋر قىلغان ھالدا، زور بىر تۈركۈم تارماقلار مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق تەڭپۇڭسىز ھالەت جۇمھۇرىيەتنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا تەسىر قىلدى. مەسىلەن، ئاشلىقتا تەمىنلەش جىددىيرەك بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۈنىلىرى كونىرىغان، بولۇپمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئېلىپ

كەلگەن پاسسىپ تەسىرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولدى. لېكىن بۇ قىيىنچىلىقلار زۇڭتۇڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە تەدرىجىي يېڭىلىمەكتە، بەزى ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدبىرلىرى قوللىنىلماقتا. دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىپ ئىجارىگە، ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بەرپا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق يەرلىرى كېڭەيتىلمەكتە. سانائەت ئىسلاھاتى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. كىچىك كارخانىلار، تۇرالغۇ جايلاردا خۇسۇسىلاشتۇرۇش، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا ھەسسىدارلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كېڭەيتىلىپ، ئىدىئولوگىيە سىزلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. بىر قاتار ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىسلاھات باسقۇچلار بويىچە يۈرگۈزۈلۈپ، تەدرىجىي بازار مۇناسىۋىتىگە ئۆتۈشتە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

رەئىس يولداشۋ ئالىي سوۋېت خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئالىي سوۋېت دۆلەت ۋەكالەت ئورگىنى بولۇپ، قانۇن تۈرغۇزۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئالىي سوۋېت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدىن سايلاپ چىقىلغان 500 ۋەكىلدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ئالىي سوۋېت ئاساسىي قانۇن، ئىچكى-تاشقى سىياسەت، تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، خامچوت، مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈش، دۆلەت چېگرىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە. يېڭى ئاساسىي قانۇندا ئالىي كېڭەش دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋەكىللىك ئورگىنى بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن تۈرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن. يەنى ئالىي سوۋېت ئالىي كېڭەشكە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئالىي كېڭەش كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ئاساسىدا سايلام ئېلىپ بارىدۇ.

رەئىس ئۆز نۇتقىدا، جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دوستلۇقىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ۋە كۈچىيىشىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

مەن جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن، ئۆز سۆزۈمدە نۇقتىلىق ھالدا بۇ قېتىمقى تەكلىپ ۋە قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئەلدە قايتا زىيارەتتە بولغانلىقىم ۋە رەئىس جانابلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. چياۋشى ۋېيىۈەنجاڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى نامىدا رەئىس يولداشۋ بىلەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قولايلىق پەيتتە جۇڭگوغا زىيارەتكە بېرىشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۆزبېكىستان ئالىي سوۋېتى بىلەن ھەمكار لىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۈم. نۇتقۇمدا ئېلىمىزنىڭ ئىزچىل

تاشقى سىياسىتىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باشقا ئەللەر خەلقىنىڭ تاللىشىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمىزنى؛ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ئىككى مەملىكەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە قولغا كەلتۈرگەن ئوڭۇشلۇق، ساغلام تەرەققىياتىدىن مەمنۇنلۇقۇمنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دوستلۇقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسىگە بارىكاللا ئوقۇيدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتۈم. بىز جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئۆزبېكىستان بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق پائال راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۆزبېكىستاندىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ جۇڭگوغا زىيارەتكە بېرىشنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى قەيت قىلدۇق. ئىككى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىش ۋە ھەمكارلىق ئىككى دۆلەت ۋە پارلامېنتلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ دەپ ھېسابلىدۇق.

مەن سۆزۈمدە ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇم. كۆرۈشۈش دوستانە، قىزغىن ۋە سەممىي كەيپىياتتا ئۆتتى.

كەچلىكى رەئىس يولداشوۋ زەرەپشان رېستورانىدا جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە زىياپەت بەردى.

رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ رەئىسلىرى بولۇپ زىياپەتكە ئەللىك-ئاتمىشتەك كىشى قاتناشتى.

زىياپەتتە، رەئىس يولداشوۋ بىلەن مەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا قەدەھ سۆزى قىلدۇق. زىياپەتنىڭ كەيپىياتى قىزغىن، دوستانە بولدى. كۆپچىلىك جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دوستلۇقى ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ كۆتۈرۈشتى. رەسمىي نۇتۇقتا مەن دۆلىتىمىزگە ۋەكالىتەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلىدىم. ئادەتتىكى سۆھبەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلاشتىم. ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرى تولىمۇ يېقىن بولغانلىقتىن تەرجىمان ئىشلەتمەيلا ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەۋەرگىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن مېھمان-ساھىبخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت سۇ بىلەن سۈتتەك بىر-بىرىگە سىڭىشىپلا كەتتى، يېقىملىق بولدى. زىياپەتتە مەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلەشتىم، بۇ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى.

زىياپەتتە، رەئىس يولداشوۋ بىلەن مەن ئۆزئارا سوۋغات تەقدىم قىلىشتۇق. مەن جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ تونى، گۈللۈك دوپپىسى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدىم. بىز بىللە رەسىمگە چۈشۈپ

خاتىرە قالدۇردۇق.

31-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سەئىد. قاسىموۋ بىلەن كۆرۈشتۇق.

كۆرۈشۈش باشتىن-ئاخىر دوستانە، سەمىمىي كەيپىياتتا ئۆتتى. مىنىستىر قاسىموۋ ئالدى بىلەن جۇڭگولۇق مېھمانلارغا ئۆزبېكىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. ئارقىدىنلا دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى 1991-يىل 1-سېنتەبىردە مۇستەقىللىق جاكارلىغان. جۇڭگو 1992-يىل يانۋاردا ئېتىراپ قىلغان ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، ئەڭ بالدۇر ئېتىراپ قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزبېكىستان مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا دىپلوماتىك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى. مىنىستىر قاسىموۋ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىنى تەرىپلىدى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدىكى تەجرىبىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشنى، ئېلىمىز بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى، بولۇپمۇ سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ھازىرغىچە ئۆزبېكىستاننى 160 دۆلەت ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن 65 دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 20 دەك دۆلەت تاشكەنتتە ئەلچىخانا قۇردى. ئۆزبېكىستان ب د ت، ياۋروپا ئامانلىق ئۇيۇشمىسى، خەلقئارا پۇل فوند تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى، ئاسىيا بانكىسى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق 15 خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى.

مەن نۇتقۇمدا، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى، شۇنداقلا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ دىپلوماتىك سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيىمىز ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدىم.

مىنىستىر قاسىموۋ سۆھبەتتە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىكى تەجرىبىلىرىگە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. جۇڭگونىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، مۇمكىنچىلىك تۇغۇلسا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىگە قارىتا قۇۋۋەتلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاپ، سىرتقى ئارىلىشىشلار ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى تەسىرلەرگە قارشى تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئاخىرىدا مەن ئۆزبېكىستان پارلامېنتى، ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتىم ھەمدە ياخشى تىلەكلەرنى يوللىدىم.

ئۆزبېكىستاندا توختالغان قىسقىغىنا بەش كۈن ئىچىدە، ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن تاشقىرى، ئېكسكۇرسىيە-زىيارەتلەردە ھەرقايسى ساھە زاتلىرى بىلەن كەڭ تۈردە ئارىلىشىپ، كۆز قاراشلارنى ئالماشتۇرۇپ، چۈشىنىشنى كۈچەيتتۇق. بۇ قېتىمقى زىيارەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەيلى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى رەھبەرلەر بولسۇن، ياكى ئىشچىلار، دېھقانلار، ھەر ساھە ئاممىسى بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر ئارزۇسى جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ ۋە كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزبېكىستاننىڭ رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە گېزىتلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇردى.

## 2. مېھماندوست تاشكەنت

تاشكەنت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇھىم ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. تاشكەنت ھەم قەدىمىي تارىخىي داڭلىق شەھەر، ھەم زامانىۋىلاشقان خەلقئارالىق داڭلىق شەھەر. ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ داڭلىق شەھەر بىلەن ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش. تونۇش دېگىنىمىز، 50- يىللاردىلا كىتاب-ژۇرنال، كىنو، رادىئولار ئارقىلىق ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ناتونۇش دېيىشىمىز، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 — 30 يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ بىخەۋەر.

1990- يىلى نويابىردا مەن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغاندىم. تونۇش ۋە ناتونۇش تاشكەنتكە يېتىپ كەلگىنىمدە، بۇ قەدىمىي مەشھۇر شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى ئەمەلىي كۆرگەن. تاشكەنت خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەلچىلىرىگە بولغان قىزغىن مېھماندوستلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلغان ۋە بۇلار مەندە چوڭقۇر گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرغاندى.

بۇ قېتىم، جۇڭگو خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە سەممىي تىلەكلىرىنى ئېلىپ زىيارەتكە قايتا كەلگىنىمدە، ئۆزبېكىستان پايتەختىنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىنكى يېڭى قىياپىتى، يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈش، تاشكەنت خەلقى بىلەن جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئورتاق كۈچەيتىش ئۈمىدىدە بولدۇم.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە، جۇمھۇرىيەت پايتەختى تاشكەنتتە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي

سوۋېتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، دوستلۇقنى قايتا ئىزھارلىشىپ، چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ۋە يېڭى ساھەلىرىنى ئىزدىنىشتىن باشقا، ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى زاۋۇت، كولخوز، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلدى. تاشكەنتنىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن يېقىن ۋە كەڭ ئارىلاشتى. بۇ بىزنى تاشكەنت خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان قىزغىن دوستانە كەيپىياتىغا، جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئورتاق كۈچەيتىش يولىدا شادىيانە ئىلھامغا چۆمۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ساھىبخانىلار بىزگە تاشكەنتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. تاشكەنت شەھىرىنىڭ كۆلىمى 250 كۋادرات كىلومېتر، ئاھالىسى 2 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق. ئاھالە سانى بويىچە تىزغاندا موسكۋا، پېتېربورگ، كىيېۋدىن كېيىنلا تۇرىدىغان بولۇپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بويىچە 4-چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. تاشكەنت قەدىمىي يىپەك يولىدىكى بىر گۆھەر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن. تاشكەنت دېگەن ئىسىم توغرىسىدا 11-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى بىرۇنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابلىرىدا خاتىرىلەر يېزىلغان، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئېلىمىزدىكى خەنزۇ تىلىدىكى تارىخىي يازمىلاردا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىلا كۆپلىگەن بايانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تاشكەنت يېقىنقى زاماندا روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان. 1930-يىلى ئۇ ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ پايتەختى بولغان. نەچچە ئون يىللىق قۇرۇلۇش، تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەر قايسى جەھەتلەردە غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ مۇھىم سانائەت مەركىزىگە ئايلىنىپتۇ. تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق ھەم ئالاھىدە تۈسكە ئىگە سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپتۇ. ماشىنا ياساش سانائىتى ۋە ئايروپىلان ياساش سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي تېپىپتۇ. پۈتكۈل شەھەر زامانىۋى شەھەر تۈسىگە كىرىپتۇ. 1966-يىل ئاپرىلدا چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولغانىكەن. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، قايتا قۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ تارىخىي قەدىمىي شەھەر تېخىمۇ زامانىۋىلىشىپتۇ، گۈزەللىشىپتۇ. شەھەر ئىچىدىكى يەر ئاستى تۆمۈريولى 70-يىللاردىن باشلاپلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىكەن. تاشكەنت ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇھىم قۇرۇقلۇق، ھاۋا قاتناش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ.

تاشكەنت ئايرودرومى ئاتاقلىق خەلقئارالىق ئايرودروملارنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگو، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، مالايسىيا، گېرمانىيە قاتارلىق

نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بىۋاسىتە قاتناشنى يولغا قويغانىكەن. تاشكەنت پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭمۇ مەركىزى. ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر، تىياتىر-ئانسامبىل، مۇزېي، كۇتۇپخانا، باغچا قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار ئىكەن. بۇ يەردە كۆپلىگەن خەلقئارالىق يىغىنلار ئۆتكۈزۈلگەن. يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان تاشكەنت خەلقئارالىق كىنو بايرىمى 1968-يىلدىن باشلانغان بولۇپ، كىشىلەرگە ئاللىبۇرۇنلا تونۇش بولۇپ كەتكەن.

بىزنىڭ تاشكەنتتە تۇرغان ۋاقتىمىز قىسقا بولسىمۇ، ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلغان جايلىرىمىزدىن تاشكەنت شەھىرىنىڭ ھاياتلىق تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

2-ئاۋغۇست بىز تاشكەنت شەھەرلىك فار-فور قاچا زاۋۇتى، جۇڭگو-ئۆزبېكىستان بىرلەشمە كارخانىسى، تاشكەنت چايدان زاۋۇتىغا ئېكسكۇرسىيە-زىيارەتكە باردۇق. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا ماشىنا بىلەن فار-فور قاچا زاۋۇتىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. زاۋۇت شەھەر ئىچىدە ئىكەن، بىردەمدىلا يېتىپ باردۇق. زاۋۇت رەھبەرلىرى ۋە ئىشچىلار ۋەكىللىرى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. زاۋۇتنىڭ كۆتۈۋېلىش بۆلۈمىدە زاۋۇت باشلىقى جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ دوستلۇقىغا قىزغىن تىلەكلەرنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇت تارىخى ۋە ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇشى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. بۇ زاۋۇت جۇمھۇرىيەتلىك يېنىك سانائەت بىرلەشمە شىركىتى ۋە شەھەر رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇننىڭ قوش رەھبەرلىكىگە تەۋە ئىكەن. مەزكۇر زاۋۇت 1952-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1991-يىلى كېڭەيتىلىپتۇ. زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 50 گېكتار بولۇپ جەمئىي يەتتە سېخ، 4 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە تېخنىك خادىملار 150 كىشى، مۇلازىمەتچىلەر 100 كىشى ئىكەن. بۇ ئىككى غەيرىي بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرى زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئالتە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. مۇقىم مۈلكى 1 مىليارد رۇبلى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد رۇبلى، باجدىن سىرتقى پايدا 4 مىليارد رۇبلى ئىكەن. مەھسۇلاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىچكى بازارنى قامدايدىغان بولۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلار ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 15 — 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 35 مىڭ رۇبلى بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى مائاش 70 مىڭ رۇبلى، ئەڭ تۆۋەن مائاش 12 مىڭ رۇبلى ئىكەن. ئەڭ تۆۋەن نەپىقە پۇلىمۇ 12 مىڭ رۇبلى ئىكەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئەزالىق بەدەل پۇلى شۇ ئايلىق مائاشىنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ھازىر بۇ زاۋۇت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈشنى يولغا

قويماقچى بولۇۋېتىپتۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، 50 پىرسەنت مۇقىم مۈلۈكنى زاۋۇت پاي ئۈيۈشمىسىغا ئۆتۈنۈپ، 50 پىرسەنتىنى دۆلەت ئىزگىنلەيدىكەن، پىلان بۇ يىل ئىچىدە ئورۇنلىنىدىكەن. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ۋە زاۋۇت پاي ئۈيۈشمىلىرى 50 پىرسەنتتىن كونترول قىلىدىكەن. زاۋۇتتىكى ئەمگەك كوللېكتىپى ۋە شەخسلەر پاي قوشۇشقا بىردەك قاتنىشالايدىكەن. ھازىر پاي قوشۇشقا قاتنىشىش سانى چەكلەنمەپتۇ. زاۋۇت رەھبەرلىرى تونۇشتۇرۇشتا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىسلاھات سالماقلىق قەدەملەردە سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. ئۆزگەرتىشنى قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىش، ئارتۇقچە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بولۇش كېرەك. تونۇشتۇرۇشلاردىن قارىغاندا، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈراپ تېگىلىشىنىڭ بەكمۇ ناچارلىقى، قوشۇمچە خاراكتېردىكى خام ماتېرىياللاردا تەمىنلەپ بېرىشنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقى قاتارلىقلار بۇ زاۋۇتتا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە ئىكەن. زاۋۇت خوجايىنى جۇڭگولۇقلارغا فار-فور قاچىلارنىڭ يۇرتى جۇڭگو ئىكەنلىكى، فار-فور تېخنىكىسىنىڭ جۇڭگونى مەنبە قىلىدىغانلىقى، بۇ زاۋۇتنىڭ جۇڭگودىكى جىڭدېجېندىن ئۆگەنگەنلىكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزبېك خەلقىنىڭ بۇنداق دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشتەك يۈرەك ساداسىغا بىز قىزغىن قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. بۇلار مېنى شۇنداق ئويغا سالدىكى، ئۆزبېكستاننىڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى فار-فور قاچا زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمىنىڭ بىر قەدەر چوڭ، پايدىسىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولۇۋاتقانلىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن باشقا، ئۆزبېك خەلقىنىڭ فار-فور يۇرتىدىن كەلگەن جۇڭگولۇق مېھمانلارغا بولغان ئالاھىدە دوستلۇق ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىسە كېرەك.

بىز ساھىبخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش سېخى ۋە مەھسۇلاتلار كۆرگەزمە بۆلۈمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئىشچىلار جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى دوستانە تەبەسسۇم ۋە قىزغىن ئالقىشلار ئارقىلىق كۈتۈۋالدى. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپ چىقىرىلغان ھەرخىل فار-فور قاچىلار، چاي ئىدىشلىرى سۈپەتلىك، سىلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆركەم ئىدى، پارقىراپ كۆڭۈلنى ئاچاتتى. بولۇپمۇ شەرق مىللەتلىرىگىلا خاس نەقىش سەنئىتى كۆپچىلىكنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى. 1993-يىل 1-سېنتەبىر ئۆزبېكستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىكىنىڭ ئىككى يىللىقىنىڭ خاتىرە كۈنى بولاتتى. بايرام ھارپىسىدا فار-فور قاچا زاۋۇتى بايرامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خاتىرە بۇيۇملىرىنى جىددىي ئىشلەپ چىقىرىۋاتاتتى. بىز چوڭ-كىچىك ئىدىشلاردىكى بايرامغا بېغىشلانغان كۆركەم گۈل، سىزمىلارنى كۆردۇق.

گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە بىز زاۋۇتتىن ئايرىلدۇق.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭگو-ئۆزبېكستان بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان تاشكەنت

خەلقئارا چايدان چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىگە زىيارەتكە باردۇق. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ماشىنىدا زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، زاۋۇت تەرەپ مەسئۇللىرى، ھەرمىللەت ئىشچىلىرى ۋە جۇڭگولۇق خەنزۇ، ئۇيغۇر تېخنىكلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

ئۇلار، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋالايلى، دېگەن پىلاكاتلارنى ئاسقان بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە گۈللەرنى تەقدىم قىلدى. كۈتۈۋېلىش كەيپىياتى قىزغىن، سەممىي بولدى.

شىركەت مەسئۇلى تاشكەنت خەلقئارا چايدان چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىش-سۆھبەتلىشىشى ئارقىلىق 1989-يىل مايدا قۇرۇلغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. جۇڭگو تەرەپتىن شىنجاڭ چايدان سانائەت شىركىتى، ئۆزبېكىستان تەرەپتىن يەرلىك سانائەت مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق زاۋۇت بىرلەشمە مەبلەغ سېلىشقا قاتنىشىپتۇ. ئىككى تەرەپ سالغان سەرمايىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليون 343 مىڭ 400 دوللار بولۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ مەبلىغى 40.4 پىرسەنت، ئۆزبېكىستان تەرەپنىڭ مەبلىغى 59.6 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. بىرلىشىپ ئىشلەش مۇددىتى ئون يىل ئىكەن. زاۋۇت بويىچە بەش يۈزدەك ئىشچى بار بولۇپ، ئاساسىي قىسمىنى ئۆزبېكلەر تەشكىل قىلىدىكەن. رۇس، كەرىس (چاۋشيەنزۇ) قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغانلارمۇ بار. جۇڭگو خادىملىرى 25 نەپەر بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللىرىدىن باشقا ئاساسەن ئىنژېنېر ۋە تېخنىك ئىشچىلىرىدىن ئىكەن. بۇ شىركەت 1989-يىل ئاۋغۇستتا سىناق تەرىقىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئۆكتەبىردە رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كۆچۈپتۇ. قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاشتىن رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنگە قەدەر ئاران بەش ئايلا ۋاقىت كېتىپتۇ. بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىنىڭ بۇنداق تېز ئۈنۈم بېرىشى جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستاندا كەم ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن يىلى 780 مىڭ چايدان ئىشلەپ چىقىرىلىپتۇ، 1990-، 1991-يىللىرى يىلىغا بىر مىليون دانىدىن چايدان ئىشلەپ چىقىرىپ پىلاندىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. 1992-يىلى 1 مىليون 100 مىڭ دانە ئىشلەپچىقىرىپ پىلاندىكى سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋېتىلىپتۇ. مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى بازارلاردا سېتىلغاندىن تاشقىرى، كۆپ قىسمى چەتكە چىقىرىلىدىغان بولۇپ، بازىرى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ھازىر بۇ شىركەت ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى كارخانىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىمۇ بۇ بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشقى بىرلەشمە كارخانىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كارخانىلارنىڭ بىرى، ياخشى باشلىنىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەمكارلىشىشتا ئۈلگە قىلىنىشقا تېگىشلىك، دەپ ھېسابلايدىكەن.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ساھىبخانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، رېتى بويىچە ھەرقايسى سېخلارغا كىرىپ ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ئىشچىلاردىن ھال سوراپ

ئېھتىرام بىلدۈردۇق. زاۋۇت ئۆيلىرى ئازادە، پاكىز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشى تەرتىپلىك ئىدى. بىز جۇڭگولۇق تېخنىك ئىشچىلارنىڭ يەرلىك ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى تېزرەك ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق. بۇ بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانا بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئىككى تەرەپ سەممىي ھەمكارلىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سالماق قەدەملەردە تەرەققىي قىلىپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى ئىككى دۆلەتنىڭ كارخانا ساھەلىرىنىڭ يەنىمۇ ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز جۇڭگو تەرەپ خادىملىرىدىن ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدۇق. ئۇلار يەرلىك ئىشچىلار بىلەن ئىناق ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ ناھايىتى ياخشى چىقىشىپ ياشايدىكەن.

تاشكەنت خەلقئارا چايدان سانائەت شىركىتى شىنجاڭ چايدان سانائەت شىركىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدە قۇرغان تۇنجى بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ياخشى باشلىنىش ئاساسىدا قازاقىستان، تاجىكىستان، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ ئارقا-ئارقىدىن چايدان ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىلىرىنى قۇرغان. مەھسۇلاتلىرى ھەرقايسى ئەللەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان.

تاشكەنتتە تۇرغان ۋاقىتتا، ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە بىر كولخوزدا زىيارەتتە بولدى. 31-ئىيۇل جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتى قانۇن كومىتېتى رەئىسى پولات، تاشكەنت ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەكرەمجان، رايون باشلىقى رۇستەم ئەكبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، گۈليار مەھمۇد ئابدۇللايوۋ كولخوزىنى زىيارەت قىلدۇق، كولخوز تاشكەنتكە يېقىن، شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. كالخوز بىناسى ئۈستىدە رەڭدار بايراقلار لەپىلدەيتتى. كۈتۈۋالغۇچىلار توپى خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە گۈل تەقدىم قىلدى. ئۇلار ئىنتايىن تەسىرلىك ھال سوراش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش سۆزلىرىنى قىلىشتى. ساھىبخانىلارنىڭ قورشاۋىدا بىز كۈتۈۋېلىش زالىغا كىردۇق. كولخوز رەئىسى ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ، يىراقتىن كەلگەن جۇڭگولۇق مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ كولخوز ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كولخوزچىلار تۇرمۇش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. بۇ كولخوز تاشكەنت شەھەر ئۆپچۆرىسىدىكى كولخوز بولغاچقا، ئاساسلىقى شەھەرنى كۆكتات بىلەن قامدايدىكەن. 50-يىللاردىلا بۇ كولخوزغا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق كولخوزى دەپ نام بېرىلگەنىكەن. شۇڭا، جۇڭگو خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇقى ئۇزۇن ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەن. كېيىن بىز كولخوزنىڭ مېۋە-كۆكتاتنى پىششىقلاش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇت

ئاساسەن بازارلارنى كونسرۋا بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بىز يەنە كولخوزنىڭ باللار باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. باغچىدا 300 دىن ئارتۇق بالا تەربىيىلىنىدىغان بولۇپ ھەق ئېلىنمايدىكەن. باللار باغچىسىنىڭ ئۇسكۇنە-شارائىتلىرى ناھايىتى ياخشى، ئۆزى پاكىز، ئازادە ئىكەن. ئوماق باللار ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە سەبىي، قىزىق ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ كۆپچىلىكنىڭ كۈلكە ۋە ئالقىش سادالىرىنى قوزغىدى. كەيپىيات ئەركىن-ئازادە، خۇش خۇي بولدى. ئاندىن كېيىن كولخوز كۇلۇبىغا كىردۇق. بۇ جاي يورۇق، كەڭ-كۇشادە ئىكەن. كۆپچىلىك ئورۇن ئالغاندىن كېيىن قىزغىن كەيپىيات شۇنداق دولقۇن كۆتۈردىكى، بۇ يەر خۇددى قايناپ تاشقان كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى بولۇۋاتقانغا ئوخشاپ قالدى. مەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە، جۇڭگو خەلقىگە ۋەكالىتەن قىسقىچە سۆز قىلدىم، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى يەتكۈزۈپ، جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ باي ۋە بەخت-سائادەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم. بۇ چاغدا مېھمان، ساھىبخانلار تېخىمۇ ئىجىل بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار مېنى يېقىنچىلىق بىلەن «تۆمۈر ئاكا» دەپ ئاتاشتى. كۆپچىلىك خۇشاللىق ئىچىدە مىللىيچە ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. كۈلكە، ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى. يىغىندا رايون باشلىقى (بىزنىڭ ھاكىملارغا تەڭ) رۇستەم ئەكبەر يېرىم سائەتكە سوزۇلغان زىياپەت سۆزى سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزى ساددا-قىزغىن، سەممىي-تەسىرلىك بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ھاياجانغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ يەردىكى ئۆزبېكىستانلىق ساھىبخانلارنىڭمۇ ئاپىرىن ئوقۇشىغا نائىل بولدى. ئۇنىڭ سۆزى جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق قەلب سادالىرىنى ئىزھارلىغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كولخوزغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم بارغانلىقى، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، غۇلجىغا بارغاندىكى تەسىراتلىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەمگەكچانلىقى، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ چاپسان، نەتىجىلىرىنىڭ چوڭلۇقى، بۇلارنى دۇنيانىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغانلىقلىرى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ جۇڭگودا بىر كىنو كۆرگەنىكەن. ئېكراندا كەلكۈن كېلىپ دەريا سۈيى تېشىپ ئاپەتكە ئايلىنىپتۇ. جۇڭگولۇقلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۇرىگە مۇرە تىرەپ كەلكۈننى توسۇپتۇ. قۇم خالتىلىرىنى قىرغاققا تىزىپ يار ئېلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپتۇ. بۇنداق مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق ئۇنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئۇ، جۇڭگودا نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەر نىسبىتى ئاز بولسىمۇ تۇجۇپىلەپ تېرىغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس، دېدى. ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يول بويلىرى، ئېتىز قىرلىرىغا دەرەخ

تىككەنلىرىنى كۆرۈپ يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، جۇڭگونىڭ ئاشلىق، گۆش ئېكسپورت
قىلىپلا قالماي، ياغاچمۇ ئېكسپورت قىلالايدىغانلىقىغا، بۇنىڭمۇ قالتىس ئىش ئىكەنلىكىگە
ئىشىنىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يېقىندا ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگەنلىكى، سان فرانسىسكودا
نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقى،
ئامېرىكىلىقلارنىڭمۇ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ،
ئىلىم-پەننىڭ كەلگۈسى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدا بولىدۇ، دېگەنلىكلىرىنى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ
سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە، جۇڭگونىڭ
مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ھەممە مىللەتنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكى،
بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تىل-يېزىقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشىدىغانلىقلىرىنى، ھەر
بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ گېزىتى، مەكتىپى، رادىئو-تېلېۋىزىيىسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ
بۇلارنى جۇڭگودا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتسە، ئەركىنلىك
بولمايدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆزىمۇ گۇمران بولىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتى
ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتى ناھايىتى ياخشىكەن،
يەر دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلىپتۇ، ئۇلار ئەركىن تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. دېھقانلار ئۆز
ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئۆزلىرى كۆرەلەيدىكەن. باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن،
ئۆزبېكىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتى جۇڭگودىن ئۆگىنىلگەن بولۇپ تېخىچە مۇكەممەل
ئەمەس، يەنىمۇ ياخشىلاش، دېھقانلارنى ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى تەقسىملىيەلەيدىغان
ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. دېھقانلار ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلسا خۇشال بولىدۇ.»
ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «جۇڭگولۇقلار ئۆتكەندە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن.
تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى. جۇڭگولۇقلار جاپانىڭ تەمىنى بىلىدۇ. ھازىر ئۇلار قىيىنچىلىققا
دۇچ كېلىۋاتقان ئەتراپىكى قوشنا دۆلەتلەرگە دوستلۇق قولىنى ئۇزىتىۋاتىدۇ، بۇ كىشىنى
ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ.» ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ: «مەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ
جۇڭگو بىلەن كۆپلەپ باردى-كەلدى قىلىپ، دوستانە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ
قەدىمي يىپەك يولىنى تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئۇنىڭ
سۆزلىرى يىغىن مەيدانىدىكى ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى،
تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن بىرنى ئوقۇدۇم.
كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياغدۇردى. ئارقىدىنلا كۆپچىلىك يەنە داۋاملىق ئۇسسۇلغا
چۈشتى. كەيپىيات باشتىن-ئاخىر قىزغىن، تەسىرلىك بولدى. كېيىن كولخوزدىكىلەر
ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى تاماققا باشلىدى. پولۇ، كاۋاپ، پىتىر مانتا قاتارلىق مەززىلىك
مىللىيچە تائاملاردا مېھمان قىلدى.

بۇ كولخوزدا بىز تاشكەنتلىكلەرنىڭ قىزغىن مېھماندوستلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس
قىلدۇق. گۇگۇم مەھەللىدە بىز ساھىبخانلار بىلەن خوشلىشىپ گۈليار مەھمۇد ئابدۇللايوۋ

كولخوزىدىن قايتتۇق.

تاشكەنتتە، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئۆزبېكىستان - جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ ئاكتىپلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. 3 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، ئالىي سوۋېت خەلقئارا ئىشلار كومىتېتى رەئىسى ھىببە يوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇمھۇرىيەت مەدەنىيەت - مائارىپ بىرلەشمىسى (قىسقارتىپ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى دېيىلىدۇ) گە باردۇق. ھەشەمەتلىك ئالتە قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ مەجلىسخانىسىدا ئۆزبېكىستان - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۆزبېكىستان تەرەپتىن 17 نەپەر كىشى ئورۇن ئالغانىدى. كۆرۈشۈشكە تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نەيىم قايىپوۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۆزبېكىستان - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جامالىدىن يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە ۋەكالىتەن مەنمۇ سۆز قىلدىم. ئۇچرىشىشتا ئىككى تەرەپ دوستلۇقنى كەڭ - كۇشادە بايان قىلىشتى. بۇ ھال كىشىگە قەدىناس دوستلارنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئەسلەتتى. بولۇپمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى، 80 ياشلىق پېشقەدەم يازغۇچى سۇلتانوۋنىڭ سۆزى ئىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە كىشىلەر دۇنيادىكى ھەممە ياخشى نەرسىنى جۇڭگونىڭ قىلىپ سۆزلىشىدۇ. بەزىدە، جۇڭگونىڭ ئەمەس بولغان ياخشى نەرسىلەرنىمۇ جۇڭگونىڭ دەۋېلىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ جۇڭگوغا بولغان ئىشەنچ ۋە تەلپۈنۈشىنى بىلدۈرۈپ بېرىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە، ئۆتمۈشتە جۇڭگونىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى بولغان، ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇۋاتىدۇ، بۇنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ، دېدى. كۆرۈشۈشتە، تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قايىپوۋ مېنىڭ 1981 - يىلى يازغان بىر شېئىرىمنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى. مەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن بىرنى ئوقۇپ بەردىم. ئولتۇرغانلارنىڭ جۇڭگو - ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇقى ۋە بۈگۈن ئۈزۈلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان باردى - كەلدىسىدىن ھاياجانلىرى ئۆركەشلەۋاتاتتى، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىدى.

جىددىي، ئالدىراش زىيارەت داۋامىدا ئىنچىكە ئويلايدىغان ساھىبخانىلار جۇمھۇرىيەت ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىمىزنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مۇزېي 1938 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىچىگە كىرسىڭىز كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم ۋە رەڭدار ئىكەن. مۇزېيغا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي سەنئەت بۇيۇملىرى يىغىپ قويۇلۇپتۇ. ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، مىللىي نۇسخىدىكى دوپپا، ئاياغ، كىيىم - كېچەكلەر بار ئىكەن. ئاسما گىلەمنىڭ ئەڭ چوڭى 3×3 مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىغا قۇياش سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ يورۇقلۇقنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ قالىدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىپتۇ. دۇتار، راۋاب، دومبۇرا، غىجەك، داپ قاتارلىق سازلار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن باشقا مارجان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىكەن. ئالتۇندىن نەقىش بېرىلگەن زىننەت كىيىملىرى تولىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئۇ بۇخارا خانلىقى دەۋرىدىلا تارالغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

بۇنى پەقەت ئەرلەرلا نەقشلىيەلەرمىش، ئاياللار قول تەگكۈزسىلا ئالتۇن شۇ زامات قارىغا ئۆزگىرىپ كېتەرمىش. بۇلاردىن باشقا يەنە فار-فۇر، چاقچۇق قاچىلار بار ئىكەن. سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا كېۋەز سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئانارگۈل چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بار بولۇپ، تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئۇ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ سىمۋولى ئىمىش. گىلەملەرنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇزۇن موينلۇق، ئوتتۇرا موينلۇق ۋە موينسىزدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. كۆرگەزمىگە قويۇلغان گۈل نەقشلىك ئەينەك قاچىلار 1972-يىلىدىن باشلاپ ئىشلەپ چىقىرىلغانىكەن. بىز يەنە بىرمۇنچە قىزىقارلىق باللار ئويۇنچۇقلىرىنى كۆردۇق.

ئېكسكۇرسىيە تۈگىگەندىن كېيىن، ساھىبخان مېنى بېغىشلىما يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئازراق ئويلىنىۋېلىپ بېغىشلىما دەپتىرىگە «سەنئەت چېچەكلىرى مول مېۋە بەرسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى يازدىم-دە، كۆتۈرەڭگۈ روھتا مۇزېيدىن چىقتىم.

ئەلىشىر ناۋايى 15-ئەسىردىكى ئاتاقلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ 1441-يىلى تۇغۇلۇپ 1501-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تۇغۇلغان ۋە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆتكۈزگەن ھىرات شەھىرى ئەينى چاغدا خۇراسان خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ناۋايى ھەم سىياسىيون، مەرىپەتچى بولۇپ ئۆز دەۋرىدە ئوردا ۋەزىرلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ۋە بەلگىلىك دېموكراتىك روھقا ئىگە. يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت پائالىيىتى داۋامىدا، ئۇ «خەزائىنۇلمەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت چوڭ دىۋان، 53 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان «خەمسە» ناملىق بەش داستان قاتارلىق زور مىقداردىكى شېئىرىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. ناۋايى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ شەكىللەنگەن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا ئەسەر يازغان بولۇپ، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستان ھەرمىللەت خەلقى بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تاشكەنتتىكى مەملىكەتلىك باغچىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا ناۋايىنىڭ چوڭ تىپتىكى مىس ھەيكىلىنى ئورنىتىپتۇ. 31-ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز مەملىكەتلىك باغچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ھەمدە بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ مىس ھەيكىلىنى تاۋاپ قىلدۇق. ئۇنىڭ ئىسمىدا نام بېرىلگەن مەملىكەتلىك باغچىغا كىرسەڭ ھەممىلا جاي بۈك-باراقسان ئىكەن، يىراقلارغا نەزەر تاشلىغاندا ئۇدۇلدىكى تۆپىلىكتە ھەيۋەتلىك بىر ھەيكەل ئاسمانغا قەد كېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىنىڭ قەلبىدە بىردىنلا سەلتەنەتلىك بىر تۇيغۇ دولقۇن كۆتۈرىدىكەن. بىز تۆپتۈز كەڭرى پەللەمپەيدە مىس ھەيكەلنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ

ئۇلۇغ شائىرغا نەزەر سالدۇق. ئۇنىڭ چىرايىنى جىددىيەت قاپلىغان بولۇپ، كۆزلىرى تالاي كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۆزبېكىستان زېمىنىغا سىنچىلاپ قاراۋاتقاندەك تىكىلگەنىدى. بىز بۇ ئېگىزلىكتىن يېقىندىكى باراقسان يېشىللىقنى، يىراقتىكى قەد كۆتۈرگەن ئىمارەت توپلىرىنى كۆرەلەيتتۇق. چۈرگىلەپ قايتقاندا باغچىدىن چىقىپ، يېقىن جايدىكى بىر مەسچىتنى ۋە زامانىۋى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش — دوستلۇق سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، تاشكەنتكە يېڭى سىمۋول بەلگىسى بولمىش تېلېۋىزىيە مۇنارى ھۆسن قوشۇپتۇ. بولۇتلۇق ئاسمانغا باش تىرىگەن تېلېۋىزىيە مۇنارى شەھەرگە كىرمەي تۇرۇپ، يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، تاشكەنت شەھىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنىنىڭ چۈشتىن كېيىنلىكى ۋەكىللەر ئۈمىكىمىز تەكلىپكە ئاساسەن تېلېۋىزىيە مۇنارىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 375 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 3-چوڭ تېلېۋىزىيە مۇنارى دەپ تونۇشتۇرۇلدى. بىز مۇنار ئىچىدىكى لىفىتتا مۇنار چوققىسىغا چىقتۇق. پۈتكۈل تاشكەنتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ كۆڭلىمىزنى ئاچتى.

قەدىمىي ھەم ياش تاشكەنتتە بىز بىرنەچچە كۈنلا بولدۇق. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا بارغان، كۆرگەن جايلىرىمىز چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن تاشكەنتنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، خەلق تۇرمۇشى ئەھۋاللىرى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. تاشكەنتلىكلەرنىڭ جۇڭگو-ئۆزبېكىستان دوستلۇقىنى قەدىرلىشى، جۇڭگولۇق دوستلارغا بولغان يۈرەك مۇھەببىتى تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بولدى. 1990-يىلى تۇنجى قېتىم زىيارەتتە بولغىنىمدا، مەن «تاشكەنت» ناملىق بىر شېئىر يازغانىدىم. تاشكەنت خەلقىگە بولغان مىننەتدارلىقىم ۋە تىلەكلىرىمنى يەنە بىر قېتىم ئىزھارلاش ئۈچۈن شۇ شېئىرنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈشنى خالىدىم.

## تاشكەنت

مەن كەلدىم تەڭرىتاغدىن سالام ئېلىپ،
ئىزدەشكە چىن دوستلارنى تاشكەنت ساڭا.
تەبەسسۇم چىراي بىلەن باغرىڭ ئېچىپ
ئالدىمغا چىقتىڭ شۇ دەم دەپ مەرھابا.

تارىختىن قۇتلۇق نامىڭ ئورۇن ئالغان
قوش دەريا ئارىسىدا ماكانىڭ بار.

ئەجدادلار، ئەۋلادلارنى ئۇلاپ كەلگەن
ئەمگەكچان خەلقىڭ ساڭا ئەبەدىي يار.

چاڭگەندىن چىقسا كارۋان يىپەك تارتىپ
ئۆتەتتى تۇرپان ئارا داۋان ھالقىپ.
سەن شۇ چاغ ئۇلۇغ يولدا چۈشكۈن بولۇپ،
تۇراتتىڭ ئۇيقۇ كەبى كۆۋرۈك تارتىپ.

مەھمۇد ۋە يۈسۈپ ئالىم چاچسا ئىرپان،
ناۋايى سەنئەت ئارا بولدى چولپان.
تەجەللى نامى ھەريان تارالغاندا،
فۇرقەتمۇ ياركەنتتە غەزەل قاتقان.

ئۆزگەنتى پەلەك بىر چاغ رىشتىمىزنى،
ئايرىغان چىڭ سىقىشقان قولىمىزنى.
ئۈزۈلگەن يىپنى قايتا ئۇلاش ئۈچۈن،
كەلدىم مەن ئىزدەپ دوستلۇق يولىمىزنى.

تىپپىسەن قەدرىڭنى سەن، بەختىڭنى سەن،
پارلاق يول، زورنىشانغا قەدەم بىسىپ.
گۈللگەن كەڭ زىمىندا گۈلشەن بولۇپ
ئۆرلىگىن زەپەر ساڭا بولسۇن نىسىپ.

## 3. قەدىمي تىلەكلەر جۈغلانغان بۇخارا

ساھىبخانلارنىڭ قىزغىن ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخىي داڭلىق شەھەر بۇخارانى زىيارەت قىلىدىغان بولدۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولدى. ئەتىگەندە ماشىنىلار بىزنى تاشكەنتنىڭ 2 - نومۇرلۇق ئايرودرومىغا ئېلىپ باردى. ساھىبخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سائەت ئوندا ياك — 40 تىپلىق مەخسۇس ئايروپىلانغا چىقتۇق. ئايروپىلان يەربېتىدىن كۆتۈرۈلۈپ يازنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا بۇخاراغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

گۈزەل تاشكەنت بوستانلىقىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىدۇق. ئېگىشىپ تۆۋەنگە نەزەر سالسىڭىز، ئاۋغۇست ئېيىدىكى گاھ يېشىل، گاھ سارغۇچ، گاھ قىزغۇچ جىلۋىلىنىۋاتقان

ئۆزبېكىستان زېمىنى كۆرۈنەتتى. ئۇشتۇمتۇت يىراقتا كۆڭۈلنى زوقلاندۇرۇپ كۆل سۈيىنىڭ كۆپكۆك جۇلاسى پارقىرىدى. ئۇ ھەيدەر كۆلى بولۇپ، ئارال دېڭىزىدىن قالسا ئۆزبېكىستان بويىچە 2-چوڭ كۆل، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل ھېسابلىنىدىكەن.

ئايروپىلان دېرىزىسىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ مەنزىلگاھىمىز بۇخارا ھەققىدە خىيالغا چۆمدۇم. ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان-بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇن ئادەملەر «بۇخارا» دېگەن نامغا تونۇش. ئۇ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەر توپلىشىدىغان، كارۋانلار پۇتلىرىغا ئارام بېرىدىغان، مال-تاۋارلار يىغىلىپ-تارقىلىدىغان سودا شەھىرى، شۇنداقلا لەشكەرلەر تالىشىدىغان، شاھ-سۇلتانلار پايتەخت تىكلەيدىغان جاي ئىدى. ئەدىبلەر، دانىشمەنلەر، پەيلاسوپلار جەم بولىدىغان، تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت قەدىمىي شەھىرى ئىدى. تارىختا بۇخارا توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەپسانە، ھېكايەت، رىۋايەتلەر تارقالغان. ئۇلار تالاي ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تېماتىك مەزمۇن بېرىپ، ئۇلارنى چۆچەكلەردەك ئاجايىپ-غارايىپ تۈسكە ئىگە قىلىپ كەلگەن. بۈگۈن بىزگە بۇخارانىڭ ئۆتكەندىكى قىياپىتى ۋە ھازىرقى يېڭى ھالىتىنى تاماشا قىلىش پۇرسىتى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ساھىبخانلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم ئىدى.

ماتېرىياللاردىكى تونۇشتۇرۇشلاردىن قارىغاندا، بۇخارا ئۆزبېكىستان دۆلەت زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي ۋادىسىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، شىمال تەرىپى قىزىل قۇم چۆللۈكىگە تۇتىشاتتى، دېڭىز يۈزىدىن 226 مېتر ئېگىز ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر شەھەرگە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشكەن. جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ئايلانغان، تەدرىجىي راۋاجلىنىپ تارىختىكى كۆپ خاندانلىقلارنىڭ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇخارا ئەمىرىنىڭ پايتەختى بولۇپ، 1920-يىلىغا كەلگەندە قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغانىدى. بۇ قەدىمكى شەھەر ھازىر بۇخارا ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، سانائەت، مەدەنىيەت-مائارىپ مەركىزى، شۇنداقلا ساياھەت شەھىرى ئىكەن. بۇخارا ئۆزىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ نادىر بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇ يەنە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ داڭدار ئادىمى ئىبن سىنانىڭ يۇرتى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ خاتىرە ھەيكىلى بار ئىكەن.

ئايروپىلان 80 مىنۇتتەك ئۇچۇپ بۇخارا ئايرودرومىغا قوندى. ئايروپىلان ئىشىكىدىن چىقساقلا، بۇخارا خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئېلىش قىزغىنلىقى بىلەن بۇخارانىڭ قىزىق ئاۋغۇست ئاپتىپى بىراقلا كېلىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. بۇخارا ئوبلاستلىق سوۋېت رەھبەرلىرى قارشى ئالغۇچىلار توپىنى ئەگەشتۈرۈپ ئايرودرومدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ساھىبخانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سالاملاشتۇق. ئۇلار جۇڭگولۇق مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. مىللىيچە كىيىنگەن ئۆسمۈر قىزلار

ۋەكىللەر ئۇمكىمىزگە نان، تۇز ۋە گۈللەرنى تەقدىم قىلدى.
ئاندىن كېيىن بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردۇق. ئېكسكۇرسىيە ۋاقتىمىز پەقەت بىرلا كۈن بولغانلىقتىن، شۇ ھامانلا تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەرنى كۆرۈشكە باردۇق. بۇخارا شەھىرىنىڭ ئۆزى گويا بىر غايەت زور تارىخىي مۇزېي ئىكەن. ئاسار ئەتىقىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تونۇشتۇرۇلۇشىچە 140 تىن ئارتۇق جايدا بار ئىكەن. بىز پەقەت نۇقتىلىق جايلارنىلا تاللاپ، ئات ئۈستىدە گۈل سەيلىسى قىلغاندەكلا تەخمىنەن كۆرەلەيتتۇق. شۇنداقتىمۇ، بۇ قىسقىغىنا بىر كۈن ئىچىدە 14 — 15 تەك جاينى كۆردۇق.
ئارىك قورغىنىغا بۇخارا خانلىقىنىڭ خان ئوردىسى جايلاشقانىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زاماندىكى شەھەرلىرى ئادەتتە ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئارىك ئىچكى شەھەر بولۇپ، ھۆكۈمرانلار ئولتۇراقلىشىدۇ. ئاندىن قالسا شەھەرىستان بولۇپ بۇنىڭغا بازارلار ھەمدە ئاقسۆڭەكلەر، سودىگەرلەر قاتارلىقلار جايلىشىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئايلانما رابات بولۇپ، ئۇ شەھەرنى سىرتىدىن قورشاپ تۇرىدۇ. كۆلىمى كەڭ، ئىمارەتلىرى ھەيۋەتلىك ئارىك قورغىنى مىلادى 4-ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىز خاننىڭ تۇرالغۇسى، دىۋانخانىسى، شۇنداقلا باشقا ئەسلىھەلىرىدىن ئىسكىلات، مەسچىت قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يەنە تۈرمە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى، پۇل زاۋۇتى قاتارلىقلار، مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلىرىنىڭ قەبرىستانلىقلىرىمۇ قورغان ئىچىگە جايلاشقانىكەن. قورغان دەرۋازىسى چوڭ دەرۋازا، ئىككى قەۋەتلىك دەرۋازا بىناسى ۋە ئۇلار بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىككى ياندىكى مۇنار بىنالىرىدىن تەركىب تاپقان. قورغانغا كىرگەندىلا كۆزگە چېلىقىدىغىنى 18-ئەسىردە سېلىنغان ئوردا مەسچىتى ئىكەن. ئاندىن كېيىن نۆۋەتتى بويىچە پىششىق كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان ھەرخىل ئىمارەتلەرگە كىرگىلى بولىدىكەن. ئىمارەتلەر پۇختا، قېلىن قىلىپ سېلىنغان، ئىچى قاراڭغۇراق بولۇپ، كىشىدە بىر خىل سۈرۈن، ئېغىر تارىخىي تۇيغۇ، گويا ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتىپ بارغاندەك سەزگۈ پەيدا قىلىدىكەن. ئېكسكۇرسىيىنى تۈگىتىپ بىز چوڭ دەرۋازا ئارقىلىق قايتىپ چىقتۇق. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، قورغان دەرۋازىسىنىڭ سىرتى پۇقرالار خاننىڭ يارلىقلىرىنى تىڭشايدىغان جاي ئىكەن. چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەشەدە جاكارلىنىدىكەن، شۇنداقلا ھەم بۇ جاي جىنايەتچىلەر قەتلئام قىلىنىدىغان جاي ئىكەن.
ئارىك قورغىنىدىن چىققاندىن كېيىن بارغان جايلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى مەسچىت ۋە مەدرىسلەر بىر گەۋدە قىلىپ سېلىنغان ئىمارەتلەر توپى بولدى. مەسىلەن، بۇيكالان ئىمارەتلەر توپى. بۇيكالان — ئۇلۇغلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىمىش. بۇ يەر كالان مەسچىتى ۋە مىلى، ئەرەب مەدرىسى قاتارلىق تۆت قىسمدىن تەشكىل تاپقان. كالان مەسچىتى 15-ئەسىردە قۇرۇلغان بولۇپ، پەشتاق مۇنارى 45.6 مېتر ئېگىزلىكتە، مۇنار ئىچىنىڭ دىئامېترى توققۇز مېتر ئىكەن. ئايلانما شەكىلدىكى پىششىق كېسەكلىك پەلەمپەي ئۇدۇل مۇنار ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. مەدرىس 16-ئەسىردە قۇرۇلۇپتۇ.

بىز جۇپ دېگەن مەنىنى بىرىدىغان «قوش» مەدرىس ئىمارەتلەر توپىنى كۆردۇق. ئۇ بىر-بىرىگە قارشى تۇرغان ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تۆت تەرىپى گۈمبەزلىك ئۆيلەر بىلەن ئورالغان سوزۇنچاق بۇرجەك شەكلىدىكى قورۇلار ئىدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە ئانا-بالا ئىككى خان ئىلگىرى-ئاخىر سالدۇرۇپ ئۆز ئىسمىلىرىدا نام بەرگەنىكەن. ئالدىنقىسى 1566 ـــ 1567-يىللىرى، كېيىنكىسى 1588 ـــ 1590-يىللىرى سېلىنىپتۇ.

يەنە بىر خىل ئاسار ئەتىقە خان-پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرى ئىكەن. بىز سامانى خانلىقى پادىشاھلىرىنىڭ ئالتۇنلۇقىنى كۆردۇق. بۇ مەقبەرىلەر پىششىق كىسەكتە قوپۇرۇلغان قورۇلۇش بولۇپ، تاملار، بىنا مۇنارلىرىنىڭ يۈزلىرى پىششىق كىسەكلەردە خىلمۇ خىل كۆركەم نۇسخىلاردا بىزەپ چىقىلغان. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، كىسەك شەكلى ئىككىدىن بەش خىلغىچە يېتىپ بارىدىكەن.

ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئاسار ئەتىقىلەردىن يەنە 16-ئەسىردە بىنا قىلىنغان خوجاناجىنا، 15-ئەسىردە ياسالغان شەھەرىستاننىڭ مەركىزىي ئىمارەتلىرى توپى، 1417-يىلى ياسالغان تولۇبى ئىسلام مەدرىسى، 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياسالغان راياپ قاۋۇز بىنالار توپى، كۆكۇرداش ئىسلام مەدرىسى، 15-،16-ئەسىرلەردە سېلىنغان خوجا جاۋۇقشۇن بىنالىرى توپى، باھاۋىدۇن ناخشۇەندى ئىسلام ئىنستىتوتى قاتارلىقلار بار.

چۈشتە ئوبلاست باشلىقى يادىكاروۋ، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى نارزىيوۋ، شەھەر باشلىقى مۇقادىر قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە بىللە غىزالاندۇق. غىزا داۋامىدا جۇڭگو-ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ دوستلۇقى كەڭ-كۆلەمدە ئىزھار قىلىنىپ، دوستلۇق يولىدا ئۆزئارا قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئېگىز جايغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىن پۈتۈن شەھەرگە نەزەر سالغىلى بولاتتى. شىمالغا كونا شەھەر، جەنۇبقا يېڭى شەھەر جايلاشقانىكەن. شىمالىي شەھەر پۇقرالار ئورۇنلاشقان قەۋەتسىز ئۆيلەر بولۇپ، ئوتتۇرىلىرىدا گادىرماش جايلاشقان كۆپلىگەن گۈمبەزلىك قەدىمىي قۇرۇلۇشلار بار ئىدى، جەنۇبىي شەھەر بولسا ھازىرقى زامان قۇرۇلۇشلىرى ئىدى.

چۈشتىن كېيىن يولىمىزدا قىشلىق سارايىنىڭ قەدىمىي ئىزىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ساراي ئىچىدە بىر بۇلاق بار ئىكەن. ماشىنىلاردىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردۇق. بۇلاق قەدىمىي ئاسار ئەتىقە بولغان قۇرۇلۇشنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تولىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى توختىماي بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ساھىبخانىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ بۇلاق سۈيى خاسىيەتلىك بولۇپ، سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەن. بىزمۇ ئېتىپ كۆردۇق، ھەقىقەتەنمۇ پاكىز، تاتلىق ئىكەن.

بۇخارا خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى (1920-يىلى ئاغدۇرۇلغان) نىڭ يازلىق

ئۇردىسىغا باردۇق. بۇ قۇرۇلۇش 4 مىڭ كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇردا ئىچىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇش-ياسىلىشلىرىدا شەرق ۋە غەرب بەدىئىي ئۇسلۇبلىرى جەملىنىپ بىر گەۋدە قىلىنغانىدى. ئۇخلاش بۆلۈمىگە ئاسما گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، گىلەملەر كۆركەم، يارىشىملىق ئىدى. چوڭ-چوڭ جىگدېچىندا ئىشلەنگەن بىرىپىرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى فار-فور گۈل لوڭقىلىرى قويۇقلۇق تۇراتتى. كېڭىشىش زالى، ئىش زالى، قوبۇل زالى قاتارلىقلار ئىنتايىن ئېسىل ئىدى.

بۇخارا گەرچە تارىخىي قەدىمىي شەھەر سۈپىتىدە دۇنياغا مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇشلار يېڭى سانائەت مەركىزى شەكىللەندۇرۇپتۇ. سانائەت ئاساسەن پاختىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، تەبىئىي گاز، نېفىت، قىممەتباھالىق مېتاللار، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. يېنىك سانائەتمۇ پاختا پروكاتلاش توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلىدىكەن. بۇخارادا ئىشلەپ چىقىرىلغان قاراكۆل كۆرپىسىمۇ ئىنتايىن داڭلىق بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىشى 900 مىڭ دانىگە يېقىن ئىكەن. يېمەكلىك سانائىتىدە ياغ چىقىرىش، ئۈزۈم ھارىقى، قەنت-كەمپۈت، كونسىرۋا قاتارلىقلار ئىشلەپ چىقىرىلىدىكەن. بۇخارادا ئىككى ئالىي مەكتەپ، 14 مۇزىكا مەكتىپى، 13 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 22 كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بار ئىكەن. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى شەھەرنى زىيارەت قىلالمىدۇق. لېكىن، يول ئۈستىدە بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە زىيارەتتە بولدۇق. شەمشىدىن مەنسۇر ئىسىملىك بۇ ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە 15 جان، ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئۇلار بىزنىڭ جۇڭگودىن كەلگەن مېھمانلار ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى، قىزغىن قارشى ئالدى. ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ئىسسىق چاي، يېمەكلىكلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. بىز چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتتۇق. پاراڭ داۋامىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر يىلدا ئون توننا چىگىتلىك پاختا ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقى، پىششىقلاپ ئىشلىگەندە، ئۈچ توننا ساپ پاختىغا ئېرىشىدىغانلىقى، ساتسا 3 مىليون رۇبلى كىرىم قىلىدىغانلىقى، تۇرمۇشىنىڭ باياشاد ئىكەنلىكى، ئىلكىدە «ۋولگا» پىكاپىتىن بىرى، تراكتوردىن بىرى، نەچچە ئون قوي، نەچچە ئون كالىسى، 150 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆيى، ئۈچ تېلېۋىزورى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ دېھقان دوستىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ماشىنىدا ئۇدۇل ئايرودرومغا يول ئالدۇق. بۇخارا ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرمۇ بىر قول سىقىشىپ خوشلىشىپ، قىزغىن مېھمان قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتۇق.

ئايروپىلان ئالتۇن رەڭ كەچكى قۇياش نۇرىدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، تاشكەنتكە قاراپ ئۇچتى.

## 5 - بېكەت - قازاقستانغا زىيارەت

16 - ئىيۇلدىن 3 - ئاۋغۇستقىچە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستاندىكى زىيارەتنى تۈگىتىپ 8 مىڭ كىلومېترلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇق. 4 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتنىڭ 2 - نومۇرلۇق ئايرودرومىدا ئالمۇتىغا ئۇچىدىغان ئىل 24 A ماركىلىق مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ شوتىسىغا قەدەم بېسىپ قازاقىستاننى قايتا زىيارەت قىلىش سەپىرىنى باشلىدۇق.

## دوست قوشنا دۆلەت

ماتور ئاۋازىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ ئايروپىلان ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. كۆپكۆك سۈزۈك ئاسمانغا تىكىلگىنىمدە، خىياللىرىم ئىختىيارسىز ھالدا بىپايان زامان ۋە ماكاننى بويلاپ پەرۋاز ئۇردى.

بۇنىڭدىن 66 يىل ئىلگىرى، مەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىر ئاددىي دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان ۋاقتىمدا؛ تاڭ سەھەردە زاغرا ناننى قوينۇمغا سېلىپ كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ گوبىغا ئوتۇنغا بارغىنىمدا؛ يۇك - تاقلىرىمنى مۈرەمگە سېلىپ يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىگە قاتناشقىلى ماڭغىنىمدا؛ كىممۇ قاچاندۇر بىر كۈنى مەندەك بۇ كەمبەغەل بالىنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدەك كىشىلەر قەلبى تەلپۈنىدىغان جايلارغا قاراپ ئۇچىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. تېخىمۇ پەۋقۇلئاددە بولۇۋاتقىنى شۇكى، بۇ قېتىم مەن بىر مىليارد 200 مىليون ئادىمى بار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئېلىمىزنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. زىممەمدىكى ۋەزىپە ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. مەن كۆڭلۈمدە پارتىيە ھەم ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم يەردە قالدۇرمايمەن، دوستلۇق ئەلچىلىكىنى ياخشى ئاتقۇرۇپ، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدىكى ۋەزىپىنى قانائەتلىنەرلىك ئۆتەيمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئىلھاملاندۇردۇم.

ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قارىدىم. قازاقىستان ئېلىمىز بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتكە ئىگە دۆلەت. ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىنىڭ سەككىز قوشنا دۆلەت بىلەن بولغان 5 مىڭ 400 كىلومېتردىن ئارتۇق چېگرا سىزىقىدىن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى ئۈچتىن بىر قىسمىنى — 1 مىڭ 700 كىلومېتردىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدۇ. قازاقىستان دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان قازاق مىللىتى ئېلىمىز شىنجاڭدىكى قازاق مىللىتى بىلەن بىر ئەجدادتىن بولغان قېرىنداشلاردۇر. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت بولغان ئۇيغۇر

مىللىتىنىڭ چېگرا سىرتىدا ئەڭ مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونمۇ قازاقىستان زېمىنىدۇر. چېگرىنىڭ ئىككى يېقىغا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەنە باشقا مىللەتلەرمۇ بار. شىنجاڭنى باشلىنىش مەنبەسى قىلىپ چېگرا ھالقىغان ئىككى دەريا (ئېرتىش دەرياسى قازاقىستان دۆلىتىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئىلى دەرياسى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.) خۇددى ئۇلۇغ بىر ئانىنىڭ تولغان كۆكسىدەك كۆپ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىككى قىرغاقتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ كەلمەكتە ۋە ئۇلارغا چىن ئاكا-ئۇكىلاردەك مۇھەببەت بېغىشلىماقتا... مەن ئايروپىلاندىن يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم. بۇ مېنىڭ يۇرتۇمغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىغان زېمىن-ھە، ھەم يىل بويى ئېرىمەيدىغان قارلىق تاغلىرى، ھەم ئېگىز-پەس بولۇپ سوزۇلغان ئېدىرلىرى، پارچە-پارچە زېرىكەرلىك ئېگىزلىكلىرى ۋە قۇملۇقلىرى بار، ئوخشىمايدىغىنى پەقەت قازاقىستانىنىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپلۈكىدۇر. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، قازاقىستانىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.3 پىرسەنتكە يەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن ئون مىليون گېكتار كېلىدىكەن. ئايروپىلاندىن تۆۋەنگە قارىغاندا پات-پات چوڭ كۆلەمدىكى قارامتۇل ئورمانلار كۆزگە چېلىقاتتى. يېشىللىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئورمان ئەمەس، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 3 مىڭ كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 1 مىڭ 700 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىنىنىڭ ئالاھەزەل يېرىمىدىن كۆپرەكى يايلاق بولۇپ، ئۇ ئاتاقلىق ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ يايلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قازاقىستان خەلقىنى بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ چوڭ يايلاق بۇ دۆلەت زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمىنى چۈمكىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي قىسمى ئارال دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى پەس سازلىقلاردىن ئىبارەت (دېڭىز يۈزىدىن 132 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاراجىگدە سازلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). قازاقىستانىنىڭ شەرقى ۋە شەرقى جەنۇبى قىسمىنى ئالتاي، تارباغاتاي، ئالاتاۋ، تەڭرىتاغ قاتارلىق ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا تۇتاشقان، جۇڭگو-قازاقىستان ئىككى دۆلەت ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق تاغ-دەريالىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان قوشنا دۆلەتلەردۇر.

جۇڭگو-قازاقىستان ئىككى دۆلەت ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي باغلىنىشقا ئىگە. ئىككى زېمىندا ياشاپ كەلگەن ھەرمىللەت خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولغان يىپەك يولىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا مۇھىم تۆھپىلەر ياراتقان.

ھەممىگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جۇڭگو-قازاقىستان دۆلەتلىرى ئارىلىق شۇنچە يېقىن تۇرۇپمۇ بىر مەھەل بېرىش-كېلىشنى ئۈزۈپ قويىدى. لېكىن، جۇڭگو خەلقى ئاشلىق ئامبىرى دەپ نام ئالغان قازاقىستانغا، گۈزەل بالقاش كۆلىگە، تالانتلىق شائىر ئابايغا، ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى جامبۇلغا، مەشھۇر يازغۇچى مۇختەر ئەۋېزوۋقا، شۇنداقلا

دۇنيا بويىچە تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى گاگارىنغا، كائىناتقا قاراپ ئۇچقان بايقوڭۇر ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىش مەيدانى... قاتارلىقلارغا ئىنتايىن تونۇش، تارىخ ئاخىر يېڭى بەت ئاچتى. 1990-يىل نويابىردا مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قازاقىستانغا زىيارەتكە كېلىپ تولىمۇ قىزغىن كۇتۇۋېلىشقا ئېرىشتىم. بىرھەپتىلىك زىيارەت داۋامىدا بىز قازاقىستان رەھبەرلىرى، ئوبلاست، شەھەر مەسئۇللىرى، ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلار قاتارلىق ھەرمىللەت، ھەر تەبىقىدىكى خەلق بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتۇق. دوستلۇق رىشتىسىنى قايتىدىن باغلىدۇق. شۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ نەتىجىسىدە بىز قازاقىستان تەرەپ بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيە، يېنىك سانائەت، گېئولوگىيە، مېتاللۇرگىيە، پوچتا-تېلېگراف، قاتناش، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە، رادىئو، ساياھەت، تاشقى سودا قاتارلىق جەھەتلەردە 83 تۈر بويىچە توختام ئىمزالىدۇق. زىيارەت نەتىجىسى قازاقىستان تەرەپنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئەينى چاغدا قازاقىستاننىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتى ماقالە ئېلان قىلىپ «بۇ زىيارەت قازاقىستان بىلەن جۇڭگو شىنجاڭدىكى پۈتكۈل خەلقنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئۆزئارا مۇددەتلىك دوستانە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شەخسەن مەنمۇ بىر مۇنچە دوستلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم.

شۇ قېتىمقى زىيارەتتە بولغىنىمىزغا ھازىر ئىككى يىل سەككىز ئاي توشۇپتۇ. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە مەيلى قازاقىستان دۆلىتىنىڭ تارىخي مۇساپىسى ياكى جۇڭگو-قازاقىستان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇساپىسىدە بولسۇن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قازاقىستان مۇستەقىللىك جاكارلىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن 1992-يىل 3-يانۋاردا جۇڭگو ئۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 4-يانۋار مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ قازاقىستاننى زىيارەت قىلدى. 26-فېۋرال باش مىنىستىر تېرېشىنكو جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. ئۆزئارا قىلىنغان بۇ زىيارەتلەردە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى بېرىش-كېلىشنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى بىر يۈرۈش كېلىشىملەر ئىمزالاندى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى نامايان بولدى. 1992-يىل ئىيۇلدا جۇڭگو-قازاقىستان خەلقئارالىق پويىزى قاتنىدى. قازاقىستان باش مىنىستىرى تېرېشىنكو تۇنجى پويىزغا ئولتۇرۇپ ئالمۇتىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەبرىك مۇراسىمىغا قاتناشتى. 8-ئاۋغۇستتا قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ، چېگرا ئېغىزلىرىنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. 11-نويابىردا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمىز چيەن چىچېن قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇپ، ئىككى مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. 1992-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا ئىككى تەرەپتىن مۇئاۋىن

مىنىستىر دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئۆمەك، گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇشى 20 قېتىمغا يېقىنلاشتى. 1993-يىل ئاپرېلدا، قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى سېرىكبوسىن ئابدۇلدىن جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن، چياۋشىلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تەكلىپكە بىنائەن، ئېلىمىز بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. قازاقىستان بۇ قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىمىزدىكى ئاخىرقى بېكەت. بۇ جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن زىيارەتكە ئەۋەتكەن تۇنجى ئالىي دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مېنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگىنىمدىن كېيىن، تۇنجى قېتىملىق زىيارەتكە چىقىشىم ئىدى. بۇ قېتىمقى بۇرچۇم، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قايتىدىن باغلانغان دوستلۇق رىشتىسىگە يېڭى گۈللەرنى تاقاشتىن ئىبارەت ئىدى. تۆت دۆلەتكە قىلغان زىيارەت ئەھۋالىغا ۋە ئۆتكەن قېتىمقى قازاقىستان زىيارىتىدىكى تەسىراتلىرىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ مىللەت. تىل جەھەتلىرىدىكى قولايلىق شارائىتلىرىمغا ئاساسەن بۇ قېتىملىق سەپەردىكى ئاخىرقى دۆلەت زىيارىتىگە بولغان ئىشەنچىم كامىل ئىدى. چۈنكى، مەن ئارقامدا 1 مىليارد 200 مىليون پەرزەنتكە ئىگە ۋەتەن ئانىنىڭ بارلىقىنى، قازاقىستان خەلقىنىڭ جۇڭگوغا بولغان دوستانە مۇھەببىتىنىمۇ چوڭقۇر بىلەتتىم.

پىكىرلىرىم مەزمۇت ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان بىلەن بىللە بۇلۇت دېڭىزى ئىچىدە پەرۋاز قىلاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئايروپىلان گەۋدىسى پەسلەپ كەتتى. دەرۋەقە، كۈتكۈچى قىزنىڭ «ئايروپىلان ئالمۇتا ئايرودرومى بوشلۇقىغا كىردى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

## گۈزەل پايتەخت

ئالما-ئاتىغا شۇ يەرنىڭ ۋاقتى 14 تە يېتىپ باردۇق. پايانسىز ئاسمان سۈپسۈزۈك بولۇپ، قۇياش ئوتتەك قىزدۇراتتى. ھالبۇكى، بىز ئايروپىلاندىن چىقىپلا، ھاۋادىنمۇ قىزىق سورۇنغا دۈچ كەلدۇق. يەرگە قىزىل گىلەمدىن پايانداز سېلىنغان، ھاۋادا بولسا جۇڭگو-قازاقىستان دۆلەت بايراقلىرى لەپىلدەيتتى. رەڭدار كىيىنگەن قىزلار قوللىرىغا گۈل، نان ۋە تۇز ئېلىپ، كۆيدۈرۈۋاتقان ئاپتاپقا قارىماي بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. قارشى ئېلىشقا كەلگەنلەردىن قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى يېلىرىپوۋ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، ئالىي سوۋېت تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى راكوپوۋ، ئالىي سوۋېت تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر بايېۋا قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئايرودرومدا

قىسقىغىنا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەن خەنزۇ تىلىدا سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق قازاقىستان ئالىي سوۋېتى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى ساھە زاتلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى، دوستلۇقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈمىدىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتتۈم.

«چايكا» قاتارلىق ماركىدىكى ئون نەچچە پىكاپتىن تەركىب تاپقان ماشىنا ئەترىتى بىزنى ئېلىپ ئالما-ئاتا شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ ھۆكۈمەتنىڭ 2-مېھمانخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئالما-ئاتىنىڭ شەھەر قىياپىتى كوچا مەنزىرىلىرى ماشىنا دېرىزىسى ئالدىدىن ناھايىتى چاپسان ئۆتمەكتە ئىدى. ئالما-ئاتا شەھىرى 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا-ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە ۋېرنىي دەپ ئاتىلاتتى. 1921-يىلدىن باشلاپ ھازىرقى «ئالما-ئاتا» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن. ئالما-ئاتا شەھىرى ئىلى-ئالاتاۋ تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي قاپتىلىغا جايلاشقان. ئىلى ۋادىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئالما-ئاتا دەريالىرى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنداق تاغ-دەرياغا يانداش بولۇشتەك تەبىئىي شارائىت ئۇنى ئۆزگىچە خاس ئەۋزەللىك ۋە گۈزەل مەنزىرىگە ئىگە قىلغانىدى.

بەزىلەر ئالما-ئاتىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوخشايدىغان جايلىرى كۆپ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. مەسىلەن، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ پاراللېلىق گرادۇسى كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىمۇ 650 ــ 950 مېتر ئارىلىقىدا، ئاھالىسىمۇ 1 مىليون 300 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە، ھاۋا كېلىماتىمۇ قۇرۇقلۇق ھاۋا كېلىماتىغا تەۋە ۋەھاكازا. لېكىن، تاغ-دەرياغا يانداش بولغانلىقتىن ئالما-ئاتا شەھىرىنىڭ ھاۋاسى تېخىمۇ نەمرەك، يېقىشلىقراق. ئىيۇل ئېيىدىكى ئەڭ ئىسسىق تومۇزدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 22°C ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭكىدىن 3°C دىن كۆپرەك تۆۋەن تۇرىدۇ. يانۋارنىڭ قەھرىتان كۈنلىرىدە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10°C ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭكىدىن °C 5 تىن كۆپرەك يۇقىرى تۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمراق بىر نۇقتا شۇكى، ئالما-ئاتىنىڭ يىللىق يېغىن مىقدارى ئۈرۈمچىنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى، يەنى 600 مىللىمېتر. بۇ ئالما-ئاتىنىڭ «دۇنيادىكى يېشىللاشتۇرۇشى ئەڭ ياخشى شەھەر» لەرنىڭ بىرى بولالىغانلىقىدىكى قولايلىق شەرت بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. مۇشۇ بىر نۇقتىنىڭ ئۆزىلا ئالما-ئاتىغا تەڭداشسىز جەلپ قىلىش كۈچى قوشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، شەھەر كۆلىمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرساق، ئالما-ئاتا بىزنىڭ غۇلجا شەھىرىگىمۇ ئوخشاپراق قالىدۇ. غۇلجا شەھىرىمۇ ئېلىمىزنىڭ يېشىللاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەھەرلىرىنىڭ بىرى.

ئالما-ئاتا شەھەر ئاھالىسىنىڭ كېيىنىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا شەھەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ياۋروپالىشىش ھادىسىسى ئېنىقراق ئىكەن. گەرچە يېقىندىلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش بولغانلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تېخى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان

نۇرغۇن تەرەپلىرى بارلىقىغا قارىماستىن، كىشىلەرنىڭ ئىپادىسى ۋە زېھنى خاتىرجەم بولۇپ، مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۆتكەن قېتىم زىيارەتكە كەلگىنىمدە قىش پەسلى بولۇپ، ئالما-ئاتا مەندە گۈزەل، پاكىز-رەتلىك ئىكەنلىكى بىلەن تەسىرات قالدۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى كېلىشىم تومۇز پەسلىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ھەممىلا جاي بۈك-باراقسانلىقتا ئۇرۇلۇپ كىشىنىڭ بەھرىنى ئېچىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالما-ئاتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېشىللىق كۆلىمى 80 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپتۇ. پۈتۈن شەھەر يېشىل دېڭىزغا غەرق بولغان، دېيىلسىمۇ، مېنىڭچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. شەھەر بويىچە 60تىن ئارتۇق كوچا مەركىزىي باغچىسى ۋە گۈلزارلىقى پاكىز، كەڭ-ئازادە يوللارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ تۇرىدىكەن. گۈللۈكلەردە رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. مەخمەلدەك يېشىل چۆپلۈكلەردە ھەيۋەتلىك ئويما ھەيكەللەر، خاتىرە مۇنارلىرى ياكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ئىمارەتلەر پات-پاتلا كۆزگە تاشلىنىپ قالىدۇ، تەبىئىي گۈزەللىك، كۆڭۈل قويۇپ ياساش-بېزەشلەر شەھەر قىياپىتىنى كىشىلەرنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدى.

25 مىنۇتتىن كېيىن ماشىنىلار تاشقى ئىلى-ئالاتاۋ تېغىنىڭ بېلىگە جايلاشقان قازاقىستان ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىغا يېتىپ باردى. بۇ كۆك توقايلىقتا پۈركەنگەن مېھمانخانا، داچىلار رايونى ئىدى. ئۆتكەن قېتىم زىيارەتكە كەلگىنىمدىمۇ مەن مۇشەدە تۇرغان. دۇنياغا مەشھۇر «مېدىئو» تاغ ئۈستى مۇز تېيىلىش مەيدانى بۇ يەرگە يېقىن ئىدى.

قازاقىستاننىڭ پايتەختى بولۇش سۈپىتىدە، ئالما-ئاتا قازاقىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولۇپلا قالماستىن ھەم مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەركىزى ئىدى. مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغىنى ئالما-ئاتىنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەللىكى بولدى. مەسىلەن، نوقۇل كۇتۇپخانا بىلەن مۇزېي ئايرىم-ئايرىم ھالدا 300 جايدا بار ئىكەن. قازاقىستاندا زىيارەتتە بولغان قىسقىغىنا ئالتە كۈنلۈك جەددىي پائالىيەتتە، ساھىبخانلار بىزنى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار مۇزېيى، مەركىزىي مۇزېي ۋە ۋەلىخانوۋ تارىخ مۇزېيىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى ئالما-ئاتىدا ئىكەن.

ئالما-ئاتىغا يېتىپ كەلگەن كۈنىمىز — 4-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن ساھىبخانلار بىزنى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مۇزېيدىكى يۇملاق شەكىللىك مۇزىكا زالىدا قازاقىستاننىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئارتىسلىرى بىزگە ئېسىل كونسېرت قويۇپ بەردى. ئاشۇ راۋاب، دومبىرا، شوخ رىتىم، نەپىس ئۇسسۇللار ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ئىدىكى، مەن ئۆزۈمنى بەجايىكى ئۆز يۇرتۇمدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. داپ ساداسى مېنى 1990-يىل نويابىردا ئالما-ئاتىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلەرگە باشلاپ كەتتى. ئاشۇ قېتىمدا شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى

ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىللەن بىللە كېلىپ، ئالما-ئاتىدا ئويۇن قويۇپ، ئالما-ئاتا ئاھالىسىنىڭ قىزغىن پاراڭلىرىنىڭ ماۋزۇسى بولۇپ قالغانىدى. گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزورلار قىزغىنلىقتا تولۇپ تاشقان خەۋەرلەرنى كېچە-كۈندۈز بېرىپ تۇرغان، ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ تالدىقورغان، ياركەنت، چونجا، چېلەك قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى تاماشىبىنلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ئويۇن كۆرگەنىدى ھەمدە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز چۈشكەن مېھمانخانىغا كېلىپ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇلار تۇرۇشلۇق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشىنى تەستىقلاپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشقانىدى. ئەينى چاغدىكى قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ 1-سېكرېتارى، زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ، جۇمھۇرىيەت مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، باش مىنىستىرى قاتارلىقلار تىياتىرخانىغا بېرىپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەنىدى. جامائەت پىكرى ساھەسى ناخشىچى پاشا ئىشانىنىڭ ناخشا ساداسىنى «شۇڭقارنىڭ پايانسىز ئاسماندىكى پەرۋازىدەك، مەيىن شامالنىڭ گۈلشەننى يەلپۈشىدەك» دەپ ماختىسا، دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئارتىسكىسى خەلچەم سىدىقنىڭ دولان ئۇسسۇلىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل، يۈكسەك ئۇسسۇل سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى» دەپ تەرىپلىدى. تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشلىرى ۋە ئارتىسلارغا تۇتۇۋاتقان دەستە-دەستە گۈللىرىگە قاراپ، مەن ئىككى تەرەپنىڭ بېرىش-كېلىشى نەچچە ئون يىل ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، خەلق ئامmىسىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت-سەنئەت ئالماشتۇرۇشى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھالبۇكى، ئالما-ئاتا قازاقىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە، بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇشلاردا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

ھازىر ئالما-ئاتا ئېلىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن دوست شەھەر بولۇشتى. بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا شەھەرنىڭ دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ، بىللە قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشىنى تىلەيمىز.

## ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى

زىيارەتنىڭ 2-كۈنى يەنە 5-ئاۋغۇستتىكى كۈنتەرتىپ تېخىمۇ جىددىي بولدى. چۈشتىن بۇرۇن قازاقىستان مەركىزىي مۇزېيىنى ئېكسكۇرىيە قىلىش، ئالىي سوۋېت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، چۈشتىن كېيىن زۇڭتۇڭ نەزەربايېۋ بىلەن كۆرۈشۈش، كەچتە ئالىي سوۋېت رەئىسى ئۆتكۈزىدىغان كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتنىشىش كېرەك ئىدى.

مەركىزىي مۇزېيدىن چىقىپ ماشىنىلار ئۇدۇل پارلامېنت سارىيىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە بىز قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچىدۇق.

قازاقستان تەرەپتىن سۆھبەتكە قاتنىشىدىغانلاردىن ئالىي سوۋېت رەئىسى س. ئابدۇلدىن، مۇئاۋىن رەئىس يېلزوپوۋ، ئالىي سوۋېت تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى زاكوپوۋ، ئالىي سوۋېت قانۇن، قانۇن-تۈزۈم ۋە قانۇن تۈزگۈزۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئاقىيوۋ، ئالىي سوۋېت خىزمەت باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى كروچكوۋ، ئالىي سوۋېت مىللىي سىياسەت ۋە مەدەنىيەت، تىل تەرەققىيات كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىسمايىلوۋ قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى.

ئابدۇلدىن قازاق كىشى بولۇپ، 1960-يىلى قازاقستان يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. 1967-يىلى ئاسپىرانتلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قازاقستان يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئورنىدا ئالىي تەتقىقاتچى بولغان، كېيىن سىياسىي بىلەن شۇغۇللانغان. 1991-يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جۇمھۇرىيەت ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئاتقۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئىقتىسادشۇناسلىق بويىچە دوكتور. 1993-يىل ئاپرېلدا، ئۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگوغا زىيارەتكە بارغان ۋە جياڭ زېمىن، چياۋشى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن. شۇ قېتىمقى زىيارەتنى ئۇ ھازىرغىچە ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ جۇڭگو پاراكەندىچىلىك تۇغۇلمىغان ئەھۋالدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر دۆلەت. نۇرغۇن تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ، دەيدۇ.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە رەئىس ئابدۇلدىن قازاقستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقستان بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى خالايدىغانلىقىدەك سەممىي ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. سۆھبەت ئارقىلىق قازاقستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇق.

قازاقستان سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بويىچە 3-ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادى چوڭ دۆلەت. 70 يىلدىن بۇيان، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قاتناش-ترانسپورت ۋە پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر راۋاجلىنىپ، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، قارا مېتاللۇرگىيە بىلەن رەڭلىك مېتاللار ئاساس قىلىنغان ئېغىر سانائەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھەم سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى ئىكەن. يېقىلغۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جەھەتتە كوكس، نېفت، ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى بولۇپمۇ گەۋدىلىك. شۇڭلاشقا يىراقنى كۆزلەپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قازاقستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور. بىرىنچى، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسى ياخشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلاتى يۇقىرى. ئابدۇلدىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە شۇ چاغدىكى يەنى 1993-يىلدىكى قازاقستاننىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مەھسۇلاتى ئىككى توننىغا يېتىپ، ئامېرىكىدىن بىر ھەسسە، روسىيىدىن ئىككى ھەسسە، جۇڭگودىن ئۈچ

ھەسسە يۇقىرى بولغان. ئىككىنچى، بۇ يەردىكى كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ناھايىتى مول، سورتلىرىمۇ تولۇق، مۇستەقىل چوڭ سانائەت سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بارلىق زۆرۈر بايلىقلارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك دېگۈدەك. كىشى بېشى بويىچە ھېسابلىنىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە باشقا كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ مىقدارى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى رايونى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ يەرنىڭ سانائەت ئاساسى مەزمۇت. ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، سىغىمچانلىقى 4 مىليون كىلوۋاتلىق چوڭ تىپتىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئۈچى، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئىككىسى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بىرى بار، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 17 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشىدۇ. يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 89 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. تۆتىنچى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئەسلىھەلەر بىرقەدەر مۇكەممەل، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ئىشلىرى راۋاج تاپقان. بەشىنچى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھەقسىز مائارىپ تۈزۈمى ئۇزۇن مۇددەت يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ يەردىكى خەلق مائارىپ ئىشلىرى راۋاج تاپقان. 1988 - يىلنى مىسالغا ئېلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئوتتۇرا ھېساب بويىچە ھەر 1000 ئاھالىدىن 166 كىشى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپتە بىكىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ 51.67 پىرسەنتىنى ەشكىل قىلغان. مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلار ئاساسەن يوق. شۇڭا، خەلقنىڭ ساپاسى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئېيتقاندا. بىرقەدەر يۇقىرى.

لېكىن، ھەممىگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى يېقىنقى يىللاردا زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بىز قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ۋاقىتقىچە بۇنداق تۆۋەنلەش تۈپتىن توسۇۋېلىنالمىدى. (مەن يېقىندا كۆرگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قازاقىستاننىڭ 1993 - يىللىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى 1992 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، تۆمۈر يول يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارى، مال چارۋىنىڭ سويۇلۇش مىقدارى، سۈتتە تەمىنلەش مىقدارىنىڭ ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقانلىقى، تۇخۇم ۋە يۇڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ئۆتكەن يىلدىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تۈرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆتكەن يىلدىكىنىڭ 60-90 پىرسەنتى ئارىسىدا بولغان. 1993 - يىل 11 - ئاۋغۇستقىچە بولغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىلەن مىللىي دارامەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 17.1 پىرسەنتى ۋە 17.5 پىرسەنتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. پۇل پاخاللىق نىسبىتى 16.80 پىرسەنتى بولغان، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16.1 پىرسەنت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 9.8 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. كىشى بېشى كىرىمى 13 ھەسسە ئېشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسى 22 ھەسسە ئاشقان.)

قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ھالىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئابدۇلدىن تولۇپ

تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «گەرچە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى ھېچ نەرسە بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىگە يەتمەيدىغان بولسىمۇ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىي ھالدا تۆۋەنلىگەن، خەلق تۇرمۇشى يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىزدە شۇنداق ئىشەنچ باركى، بازار ئىقتىسادىغا ئۆتۈش جەريانىدا، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ياش جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەرمىللەت خەلقى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىقتىسادنى نورمال ئىزغا سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. نۆۋەتتە، قازاقىستاننىڭ ئاشلىق، نېفىت، تۆمۈر رودىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشلاردىكى ئەھۋالى يەنىلا ئۈمىدلىك.»

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ «ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار ۋاقىتلىق، قازاقىستاننىڭ بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ. پەقەت سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى پەيدا قىلغان قىيىنچىلىق مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتسەڭلەرلا، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ» دېدىم.

«توغرا، شۇڭلاشقا، قازاقىستان ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسى جۇڭگونىڭ ياردىمىگە ئۈمىد باغلايدۇ. جۇڭگونىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى دۇنيانىڭ نەزەرىنى تارتماقتا. چوڭ داۋالغۇش بەدىلى تۆلىمەيلا، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلەرنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ» دېدى ئابدۇلدىن سەممىيلىك بىلەن.

مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقانلىرىم تەكەللۇپ سۆزلىرى ئەمەس، جۇڭگو-قازاقىستان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ يولىنى ھەقىقەتەنمۇ داۋاملىق ئېچىشقا ئەرزىيدۇ. قازاقىستان ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يۇقىرىقىدەك پايدىلىق ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقتىن چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى بىرقەدەر زور تارتىش كۈچى بار. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 1-يىلدا يەنى 1992-يىل غەربنىڭ مەبلەغ سېلىش كېلىشىم نىسبىتى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە سالغان سەرمايىسىدىن يۇقىرى بولدى. قازاقىستاننىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى نېفىت، تەبىئىي گازلارنى ئېچىش ۋە پىششىقلاش قاتارلىق تۈرلەرنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىگىلىۋالدى. ئاۋسترىيە قازاقىستاندا ئىقتىسادىي ۋەكالەت ئورنى قۇردى. گېرمانىيە پىششىقلاش سانائىتى ۋە يېمەكلىك سانائىتى ساھەسىدە قازاقىستان بىلەن ھەمكارلاشماقچى، قازاقىستاننىڭ ئەڭ چوڭ پىششىقلاش سانائىتى — خۇرۇم سانائىتىنىمۇ تۈركىيە، ئىران، ئىتالىيەلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. قازاقىستان مېتاللورگىيە، چارۋىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى بەزى تۈرلەردە كانادا بىلەن ھەمكارلاشماقچى. پاكىستانمۇ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىقتىسادىي باغلىنىشتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقلا، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روسىيە فېدراتسىيىسى يەنىلا قازاقىستاننىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي شېرىكى ھېسابلىنىدۇ. قازاقىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەت ئارىسىدىكى

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يولىمۇ ئېچىلىۋاتىدۇ. بىز قازاقىستانغا زىيارەتكە بارغان ۋاقىتقىچە، چەت دۆلەتلەرنىڭ قازاقىستاندا تىزىملاتقان بىرلەشمە مەبلەغلىق كارخانىلىرى 1500 دىن ئاشقان بولۇپ، بۇنىڭ 30پىرسەنتى رەسمىي ئىشقا كىرىشكەنىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، قازاقىستاننىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان جۇڭگونىڭمۇ قازاقىستاندىن ئىبارەت بۇ بازارغا ھەرگىز قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى.

ئۇ قازاقىستاننىڭ تاشقى سودا ھەمكارلىقى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنۇلارنى قەيت قىلىپ ئۆتتى: «قازاقىستان ئومۇمىي تۇرلەر بويىچە ئېچىۋېتىشتەك تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە فاڭجېنىنى ئەمەلگە قويدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش ھەممىنى ئىشلەش مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مۇشۇ رايون ۋە پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدىكى تىنچلىق، مۇقىملىقنى كۈچەيتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.» بۇنىڭغا قارىتا مەن چۈشىنىدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. «جۇڭگو ئەزەلدىن قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىنى، قازاقىستان خەلقىنىڭ تاللىشىنى ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ىز سىلەر بىلەن ئورتاق تىرىشىپ جۇڭگو-قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى وستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئالغا باسقۇزۇشنى خالايدۇ، شۇنداقلا، جۇڭگو ەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي ھەيئىتىمۇ قازاقىستان ئالىي سوۋېتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇ خىل ھەمكارلىقنى كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەردە ئېلىپ بېرىشقا، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار ئارا بېرىش-كېلىش قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بىز دۆلىتىڭلاردا جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي تېپىپ، خەلقنىڭ تىنچ-پاراۋان، خۇشال-خۇرام كۈن كەچۈرۈشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەيمىز» دېدىم.

بىر يېرىم سائەتلىك سۆھبەت سەممىي، دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكى كۆكچېتاۋ ئوبلاستىدا قۇرۇلغىنىغا 35 يىل بولغان، 1400 ئىشچىسى بار فار-فۇر قاچا زاۋۇتى، ئالدىن تەييارلانغان قۇرۇلۇش دېتاللىرى زاۋۇتىنى، بوغرائوۋېي كەنتىدىكى توخۇ فېرمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. كۆرگەنلىرىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماي، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئەسلىھەلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ھېلىقى فار-فۇر قاچا زاۋۇتىغا كېرەكلىك ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشياسىنى (ئاساسلىق توپا) تامامەن دېگۈدەك روسىيە تەمىنلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. زىيارەت داۋامىدا بىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ قازاقىستان ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتتۇق.

## نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش

ئالدىن بېكىتىلگەن كۈنتەرتىپ بويىچە 5-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئا. نەزەربايېۋ جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلماقچىدى.

نەزەربايېۋ ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان سىياسىئون. گەرچە ئۇ 1989-يىلى قازاقىستان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقى، 1990-يىل فېۋرالدا قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسلىكى، ئاپرېلدا قازاقىستان زۇڭتۇڭى ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي تۇردە پۈتۈن يەر شارى كۆز تىككەن سىياسىي يېڭى يۇلتۇز بولۇپ كۆتۈرۈلگەنلىكى يەنىلا «19-ئاۋغۇست» ۋەقەسىنىڭ ئالدى-كەينى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىش. ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەنلىكتىنمۇ ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە كۆپ خىل رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىسى مول بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇ ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىكەن، زور مەسىلىلەردە ھەمىشە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ماڭغىنى «ئوتتۇرا يول» ئىكەن. ئۇ قازاقىستان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، يولغا قويغىنى سالماقلىق، تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان ئىسلاھات لۇشيەنى بولغاچقا، روسىيە ۋە باشقا بەزى جۇمھۇرىيەتلەردە سادىر بولغاندەك چوڭ كۆلەمدىكى مىللىي ماجىرا ياكى ھەربىي توقۇنۇشلاردىن ساقلىنىپ قالدى. قازاقىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئاساسىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قالدى. 1991-يىلى دېكابىردىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا نەزەربايېۋ 99.88 پىرسەنت ئاۋاز بىلەن قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. شۇ مەزگىلدە نەزەربايېۋنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى داڭقىمۇ كۈنسايىن كۆتۈرۈلدى.

مەن نەزەربايېۋ بىلەن «كونا تونۇش»لاردىن دېسەممۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن 1990-يىلى ئۇنجى قېتىم قازاقىستانغا زىيارەتكە كەلگەن چېغىمدا تونۇشقان. ئېسىمدە تۇرۇپتىكى، شۇ قېتىم بىز 17-نويابىر ئالما-ئاتىغا يېتىپ كەلگەن بولساقمۇ نەزەربايېۋ موسكۋادا يىغىندا بولغانلىقتىن كۆرۈشۈشنى 19-نويابىر كەچكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەسلىدە بىر سائەتلىك دەپ بەلگىلەنگەن كۆرۈشۈشنىڭ ئەمەلىيەتتە يېرىم سائەتكىمۇ يەتمەيلا تۈگەپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدۇق. گەرچە بىز نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، ھەددىدىن تاشقىرى چارچاپ كەتكەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇرسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇچرىشىشتىكى كەيپىياتنىڭ سوس بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندۇق... شۇنداقلا شۇ كۈنى كەچتە بىز ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە نەزەربايېۋنىڭ قىزغىنلىققا تولۇپ تاشقان سۆز قىلىشى ھەمدە قازاق مىللىي ئادىتى بويىچە ئۇچامغا تۆگە يۇڭىدىن ئىشلەنگەن قىممەتلىك تون يېپىشىنىمۇ ھېچكىم

ئۆيلىمىغانىدى. مەنمۇ جاۋابەن ئۇستىگە بوغدا كۆلىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاسما ئەينەك سائەتنى سوۋغا قىلدىم. شۇ چاغدا مەن ئاسما سائەتنىڭ سترېلكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «دوستلۇق سەپىرىمىز ئاشۇ سائەتتەك مەڭگۇ توختىمىسۇن!» دېگىنىمدە، دەرھال گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ، بىزنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئەپسۇسلىنىش كەيپىياتىمىزنى تارقىتىۋەتتى. تېخىمۇ كۈتۈلمىگىنى شۇ بولدىكى، كەچلىك زىياپەتتىن ۋە شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا كېلىپ ماڭا: «رەئىس تۆمۈر، سىز بىلەن يەنە بىرئاز بىللە ئولتۇرۇشقا مۇمكىن بولسۇن دەپ مەن يەنە كەلدىم. يۈرۈڭ، ئازراق بىرنەرسە يەيلى!» دېدى. بىز غىزالانغاچ سۆھبەتلەشتۇق. كەيپىيات يەڭگىل، جۇشقۇن بولدى. نەزەربايېۋ جۇڭگو-قازاقىستان ھەمكارلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە بولدى؛ تۆمۈريول بىزنى بىر قىلىپ چاتتى، چېگرا سودىسى يىلدىن-يىلغا تەرەققىي تېپىۋاتىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە... بۇنداق ئىناق قوشىندارچىلىق دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرئىككىلا تەرەپ مۇقىم مۇھىت بولۇشقا موھتاج، بىزدە شىنجاڭغا قارىتا ھېچقانداق غەيرىي خىيال يوق.» نەزەربايېۋنىڭ تەكلىپى بىلەن بىز كۆپ قېتىم دوستلۇق ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشتۇق. شۇ قېتىمقى كەڭ-كۇشادە سۆھبەت ئارقىلىق بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز چوڭقۇرلىشىپ دوستلۇق ئورنىتىلدى.

ئالدىنقى يىلى يەنى 1991-يىل ئىيۇلدا، نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ جۇڭگوغا كېلىپ شىنجاڭ ۋە بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى. ھەققەتەنمۇ «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دېگەندەك بولدۇق. شىنجاڭدا نەزەربايېۋنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا-ئۇسسۇللۇق زىياپەتتە، نەزەربايېۋ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن دۇمبىرا چېلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇدارىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ناخشىسى ئېيتىشقا باشلىدىم. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ يېقىنچىلىق شەكىللەندۈرگەن.

ئۆتكەن قېتىمقى كۆرۈشۈش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش مۇستەقىل بولغىنىغا بىر يېرىم يىل بولغان قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇش سۈپىتىدە نەزەربايېۋنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى ئېنىق ئىدى. خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قازاقلارغا خاس تۇغما مەزمۇت بەستى گويا ھېچقانداق يۈكمۇ ئىگۈبېتەلمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قوللىرىمىنى مەھكەم قىسقان ئىككى قولدىن مەن خۇددى تەجرىبىگە باي كۈچلۈك سىياسىيونلاردىلا بولىدىغان «ئۇچۇر» نى قوبۇل قىلغاندەك بولدۇم. ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشىمايۋاتقىنى بېشىدىكى ئاق چاچلارنىڭ كۆپىيىپ قالغىنى ئىدى.

كۆرۈشۈشكە قاتناشقانلار ئىچىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار كابىنېتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى س. ئەبىشېۋ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ت. سۇلايمانوۋ، دۆلەت مەسلىھەتچىسى ت. روقىيوۋلار بار ئىدى. كۆرۈشۈش ئەھۋالى توغرىسىدا «قازاقىستان ھەققەت گېزىتى» 1993-يىل 6-ئاۋغۇستىكى سانىدا قىسقا خەۋەر بەرگەن. بۇ يەردە مەنمۇ بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قوشۇپ ئۆتەي.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ «قازاقىستان مۇستەقىللىككە ئېرىشتى، شۇڭا بىز يېڭى پرىنسىپ ئاساسىدا ئالاقە ئورنىتىشىمىز كېرەك» دېدى. زۇڭتۇڭ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلەر ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پوزىتسىيىسى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى يېقىنلاشتى.

قازاق خەلقى جۇڭگو-قازاقىستان ئىككى دۆلەت قۇرۇۋاتقان ئاۋئىئاتسىيە ۋە تۆمۈريول لىنىيىسىگە زور ئۈمىد باغلىماقتا. ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىشتىكى ئاساسلىق قاتناش يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغۇسى. زۇڭتۇڭ تۈرلۈك قاتناش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكارلىق پۇرسەتلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆزىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەر ئۇچراشقاندا مۇزاكىرىلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ ياردىمىگە ئېرىشسە، قازاقىستان تىنچ ئوكيانغا يۈزلىنىش ئىقتىدارىغىلا ئەمەس، يېقىن شەرققە يۈزلىنىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىق.»

زۇڭتۇڭ يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو قازاقىستان ئوتتۇرىغا قويغان ئاسىيادا ئىشىنىش ۋە ھەمكارلىشىش يىغىنى ئېچىش تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى ئالدى بىلەن بىلدۈردى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم قوللاشتۇر».

مەن زۇڭتۇڭنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتىم. ئورتاق تارىخقا ئىگە ئىككى قوشنا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىشىشنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

بۇ يەردە مېنىڭ ئازراق قوشۇمچە قىلىپ ئۆتىدىغىنىم شۇكى، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا، نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ قەتئىي تەلەپپۇزدا ماڭا: «قازاقىستان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا شۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇكى، بىزنىڭ شەرقىمىزدە بىر بۈيۈك قوشنىمىز بار، بىز جۇڭگودىن ئىنتايىن خاتىرجەم. بىز قازاقىستان زېمىنىدا جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن

شۇغۇللىنىشقا قەتئىي يول قويمايمىز. جۇڭگو بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرسا، بىز قازاقىستانمۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاشلا قارشى تۇرىمىز» دېدى.

جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتى روسىيىنىڭ سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى رولىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ چوڭ ئىش بولغاچقا نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ دەرھال ئايروپىلاندا موسكۋاغا ئۇچۇشى كېرەك بولدى. كۆرۈشۈشىمىز بىر سائەتتەك داۋاملاشتى. لېكىن، مەن بىزنىڭ كېيىنچە يەنە ئۇچرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم.

## ئورتاق يۈرەك ساداسى

نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن مەن بۇرۇلۇپ ھەيۋەتلىك زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە قارىدىم. زۇڭتۇڭنىڭ «جۇڭگو بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرسا، قازاقىستانمۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاشلا قارشى تۇرىمىز» دېگەن سۆزى دىلىمغا چوڭقۇر ئورنىدى. بۇ سۆزنى ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسى، دېيىشكە بولاتتى.

ھەممىگە ئايانكى، مىللىي مەسىلە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارغان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشنى يېڭى جۇمھۇرىيەتنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى ھەمدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

قازاقىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. جۇمھۇرىيەت چېگرىسى ئىچىدە 130 چوڭ-كىچىك مىللەت ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاق، رۇس، ئۇكرائىن، نېمىس، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، بېلورۇس، كەرىس، ئەزەربەيجان، پولەك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەم سانى نىسبەتەن كۆپ. قازاق مىللىتى قازاقىستاندىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبى، غەربى ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىكى ئوبلاستلارغا بىرقەدەر كۆپرەك مەركەزلەشكەن. رۇسلار بىلەن ئۇكرائىنلار جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى قازاقىستاننىڭ شىمالى، شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى ئوبلاستلاردا ئولتۇراقلاشقان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، قازاقىستاندا 60 پىرسەنت قازاقلار رۇس تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسلىق بولمىغان مىللەتلەر ئىچىدە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كىشىلەرمۇ قازاق تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ «تىل قانۇنى»غا بىنائەن قازاق تىلى دۆلەت تىلى ھېسابلىنىدىكەن. رۇس تىلى بولسا مىللەتلەر ئارا ئالاقىلىشىش تىلى سۈپىتىدە داۋاملىق قوللىنىلىۋېتىپتۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن كۆپلىگەن رايونلاردا «رۇسلارنى چەتكە قېقىش» خاھىشى پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق قازاقىستاندا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي تىنچلىقى ساقلاپ قېلىندى. بۇنى نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ. نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ قازاقىستاننىڭ كۆپ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرخىل سورۇنلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىغا خىزمەت ئىشلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز روسىيىنىڭ قوشنىسى. بىز 3 مىڭ 500 كىلومېتىرلىق چېگرا لىنىيىسىنى ئەسكەر بىلەن تولدۇرۇپ بولالمايمىز. بىز تىنچ شارائىتقا موھتاج. تىنچ شارائىتتا ئارمىيە قۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرىمىز». ئۇ دائىم ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا مەلۇم بىر مىللەتكە قانات ياپماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

قازاق مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن رۇس مىللىتىگە توغرا مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قازاق مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەربىر پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى. شۇنداقلا زۇڭتۇڭ بولغۇچىنىڭمۇ مەجبۇرىيىتى. ھەر بىر كىشى ئۆز مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تامامەن ھەقلىق. بىراق، رۇس مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مىللەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىش، كەمسىتىش ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ بەختسىزلىككە ۋە بالا-قازاغا ئۇچرىشىدا ئۇلارنىڭ جىنايىتى يوق. جىنايەتكار ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسەت. شۇڭا، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىناق بىللە ياشاپ ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىغاندىلا، مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ ھەقىقىي گىراژدانى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى بولغىلى بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق يول بىزنى خالتا كوچىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ نام-شۆھرىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئىززەت-ئابرويىغا داغ تەگكۈزىدۇ... بىزنىڭ بايرىقىمىز مۇستەقىللىك، بىزنىڭ مەقسىتىمىز تىنچلىق ۋە گۈللىنىش، بىز بارلىق كۈچىمىزنى ئايىماستىن زورلۇق كۈچ ۋە تالاش-ماجىرالاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك... ھازىر بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز جىسمانىي كۈچ ئەمەس، بەلكى ئەقىل-ئىدراك ۋە پەم-پاراسەتتۇر. ئۆتكۈنچى دەۋردە بۇ ئىنتايىن مۇھىم». («پۈتۈن دۇنيادىكى قازاق ۋەكىللىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز» دىن.)

قازاقىستاندىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن نەزەربايېۋ زۇڭتۇڭ يەنە قازاقىستاندىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان كىشىلەر (قازاقىستان پۇقراسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ)گە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» مۇكاپاتى

تارقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. گەرچە بەزى كىشىلەر نەزەربايېۋنى «رۇسپەرەس» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، بىراق نەزەربايېۋنىڭ بۇ سىياسىتى ھەرھالدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشتى.

بىز زىيارەت داۋامىدا قازاقىستاندا ياشاۋاتقان رۇس، ئۇكرائىن، ئۇيغۇر، كەرىس، نېمىس قاتارلىق مىللەت كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قازاقىستاندا بىر نەچچە ئەۋلادتىن بىرى ياشاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرمۇ قازاقىستاننى گۈللەندۈرۈش ۋە بۇ دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلاردا جۇڭگو خەلقىگە قارىتا دوستلۇق ھېسسىياتى بار ئىكەن.

قازاقىستان خەلقى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئىنتايىن قىزىقىدىكەن. بىزنىڭ مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقىمىزنى «ياخشى» دەپ قارايدىكەن. مەن قازاقىستاننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى بەزى ئۇسۇللىرىنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

زىيارەت ۋە سۆھبەتلەر ئارقىلىق، مەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ۋە خەلقئارالىق دوستلۇق، ئىناقلىق خىزمىتىنى داۋاملىق ئاكتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسىمىزنىڭ تىنچلىق، مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

جۇڭگو-قازاقىستان ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا دوست بولۇپ ئۆتۈشىنى تىلەيمەن!

## جەلپ قىلارلىق تېما

جۇڭگو بىلەن قازاقىستان يىراق تۇغقان ھەم يېقىن قوشنا ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنى ئەسلىگىنىمدە مەن بۇ يەردە جۇڭگو-قازاقىستان سودىسى ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى ئارتۇق قىلماي تۇرالمايمەن. زىيارەت داۋامىدا بىز قەيەرگىلا بارساق، ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇچراپلا تۇردى. قارىغاندا، ئىقتىساد-سودا ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا قازاقىستان مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن نىسبەتەن قويۇق ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان. جۇڭگو بىلەن قازاقىستان رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئىقتىساد-سودىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. مەسىلەن: ھۆكۈمەتلەر ئارا ئىقتىساد-سودا، تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش

ۋە ئۇنى قوغداش كېلىشمى، جۇڭگو قازاقستاننى 30 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى تاۋار بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى هۆكۈمەت قەرز كېلىشىمى، قازاقستان چېگرىسى ئىچىدە ماگىزىن ئېچىش كېلىشىمى، پۇقرالارنىڭ ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشى توغرىسىدىكى كېلىشىم ھەمدە ئىككى تەرەپ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، قاتناش، تۆمۈريول قاتارلىق تەرەپلەردە ھەمكارلىشىش ھۆججىتى قاتارلىقلار جۇڭگو بىلەن قازاقستاننىڭ ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى نىسبەتەن زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى. 1992-يىلغا كەلگەندە جۇڭگو قازاقستاننىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى بولۇپ قالدى. تاموژنىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، شۇ يىلى جۇڭگو-قازاقستان سودا مىقدارى 360 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگونىڭ قازاقستانغا قىلغان ئېكسپورت سوممىسى 220 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، قازاقستان ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، قازاقستانغا تاۋار ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار — يېمەكلىكلەر ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرمەزگىلدە جۇڭگونىڭ قازاقستاندىن كىرگۈزگەن ئىمپورت مىقدارى 144 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار — خىمىيىۋى ئوغۇت، كان مەھسۇلاتلىرى، رەڭلىك مېتال، سېمونت قاتارلىقلار بولغان. شۇنداقلا ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق ساھەسىدىمۇ پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. بىز قازاقستانغا زىيارەتكە بارغۇچە بولغان ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ قازاقستان چېگرىسى ئىچىدە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بىرلەشمە مەبلەغلىق ياكى يالغۇز مەبلەغلىق كارخانىلىرى 200 ئەتراپىغا يېتىپ، قازاقستاندىكى چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. جۇڭگو-قازاقستان ئىقتىساد ھەمكارلىقىدىكى ئاساسلىق ساھە ۋە شەكىللەردىن: ئەمگەك مۇلازىمىتىنى چەتكە چىقىرىش، خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىلما-توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشى، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش، دۇكان، ئاشخانا ئېچىش قاتارلىقلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىلدە شىنجاڭ بىلەن قازاقستاننىڭ يەرلىك چېگرا سودىسىدىمۇ زور بۆسۈشلەر بولغان. بولۇپمۇ قازاقستانغا قوشنا شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ يەرلىك چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان. شۇ چاغلاردا بەزى گېزىت ماقالىلىرىدە كۆرسىتىلگەندەك، ئالما-ئاتا شەھىرىدە: «كارىۋات ئاستىدا ساقلانغىنى جۇڭگونىڭ ئاق شېكىرى، كوچىلاردا ياشلارنىڭ كىيگىنى جۇڭگونىڭ مودا كىيىملىرى، خانىملار ئىشلەتكىنى جۇڭگونىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، بالىلارنىڭ چايناۋاتقىنى جۇڭگو سېغىزى بولۇشى مۇمكىن» ئىدى. (ئالمۇتىدا چىقىدىغان رۇس تىلىدىكى «ئاسىيا گېزىتى» نىڭ سۆزى.)

لېكىن، 1992-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1993-يىل ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرى، يازنىڭ باشلىرى ئارىلىقىدا ئالما-ئاتىنىڭ گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزورلىرىدا

جۇڭگونىڭ تاۋارلىرىنى سۆكىدىغان قويۇن كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قازاقىستان ھۆكۈمەت تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولۇۋاتقان سودىنى چەكلەش، جۇڭگو تاۋارلىرىنى مەخسۇس ساتىدىغان ئەركىن بازارلارنى تاقاش، جۇڭگونىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى تازىلاش قاتارلىق بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوللاندى. نەتىجىدە جۇڭگو-قازاقىستان سودا مىقدارى زور كۆلەمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1993-يىل يانۋاردىن ماي ئېيىغىچە قازاقىستاننىڭ جۇڭگوغا قىلغان سودا ئېكسپورتى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئون پىرسەنت، ئىمپورتى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن يېرىمدىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ، قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىدىكى نىسبىتى 24.3 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. جۇڭگونىڭ زور بىر تۈركۈمدىكى دۇكانلىرى تاقىلىشقا ياكى يېرىم تاقىلىش ھالىتىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى؟ قازاقىستاننىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە مۇنداق ئىككى تەرەپتىن قاراشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم:

قازاقىستان تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، خۇسۇسەن تاشقى پېرېۋوت ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. شۇڭا، تاشقى ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋاقىتتا، دىققەت نەزەرىنى دائىم چەت ئەلنىڭ قازاقىستانغا سالغان مەبلىغى تەرەپكىلا ئاغدۇرغان. ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ مەبلەغ سېلىشقا بولغان ئۈمىدى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي سالغان مەبلىغىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلاردا جۇڭگونىڭ ئىقتىساد-سودا سىياسىتىگە قارىتا بەزى خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. بۇ جامائەت پىكرى ساھەسىنىڭ جۇڭگو-قازاقىستان ئىقتىساد-سودا ھالىتى توغرىسىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى تەشۋىقاتلىرىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى ماقالىلەردە «جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا بىرلەشمە مەبلەغلىك ۋە يالغۇز مەبلەغلىك كارخانىلار قۇرۇشى قازاقىستان ئىقتىسادىغا سىڭىپ كىرگەنلىك، جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ قازاقىستاندا شۆبە تارماق ئورگانلىرى تەسىس قىلىشى پۇل مۇئامىلىسىدە كېڭەيمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىق» دېيىلگەن. بەزى جامائەتچىلىك «قازاقىستان جۇڭگو بىلەن بولغان سودىدا زىيان تارتتى. قازاقىستان پېرېۋوت يارىتالايدىغان خام ماتېرىياللارنى جۇڭگونىڭ ‹ئەخلەت›، ‹دەسمال›لىرىغا تېگىشتى، بەزى كارخانىلار بېيىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، دۆلەت تاشقى پېرېۋوتتىن ئايرىلدى» دەپ قارىدى. بەزىلەر «جۇڭگو كارخانىلىرى قازاقىستاننىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە پارا بېرىدۇ، تاموژنا، چېگرا مۇداپىئە ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار پارا يەپ جۇڭگوغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ» دېگەندەك گۇمانىي قاراشلاردا بولدى. ئۈچىنچىدىن، شۇنداق بىر خىل ئەھۋالنىمۇ ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەر (جۇڭگو قازاقىستان بازار-

لىرىغا ئارىلاشسا بىئارام بولىدىغان كىشىلەر) جۇڭگونىڭ كەمچىلىك، مەسىلىلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ تەشۋىق قىلىشۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ زور مىقداردا ئېقىپ كىرىشى ئۇلارنىڭ بازىرى ئىنتىك ماللارنى خالىغانچە مونوپول قىلىۋېلىپ مال باھاسىنى بولۇشىغا ئۆستۈرۈشكە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

جۇڭگو تەرەپنى ئېلىپ ئېيتقاندا: ئالدى بىلەن جۇڭگو-سوۋېت بېرىش-كېلىشى نەچچە ئون يىل ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، توڭ ئېرىش بىلەنلا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان بىر قىزغىنلىق تەبىئىي ھالدا پەيدا بولدى. بولۇپمۇ 1992-يىلدىن بۇيان قازاقىستانغا كىرگەن ئىقتىساد-سودا ئۆمەكلىرى كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن ياكى كەسپتىن خەۋىرى يوق. بەزى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى سىرتقا چىقارغۇچى ئورۇنلارنىڭ چىقارغان ئادەملەرنى باشقۇرۇشى، تەربىيىلىشى قاتتىق بولمىغانلىقتىن، بۇ ئادەملەر چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۇنداق ياكى بۇنداق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزگەن.

ئۇنىڭدىن قالسا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى جۈملىدىن قازاقىستاندىن جۇڭگوغا مال سېتىۋېلىش-ساياھەت قىلىشقا كەلگەنلەرگە بولغان باشقۇرۇشتا تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقتىن، دۆلەت ئىچىدىكى ساختا، ناچار، يالغان ماركىلىق تاۋارلارنىڭ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق چېگرا سىرتىغا ئېقىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جۇڭگونىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان قازاقىستان كۆرگۈلۈكنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈپ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. پۇقرالارنىڭ غەزەپلىك ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. زىيارەت داۋامىدا، مەن ئاممىغا يولۇققاندا يۈزتۇرانە تۇرۇپ «جۇڭگو قازاقىستانغا زادى قانچىلىك ساختا، ناچار تاۋار ئېلىپ كەلدى؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىشىدىكەن. مەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئىزاھلىغان ۋە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن كۆپ ساندىكى ئامما چۈشىنىشكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو تەرەپ قازاقىستاندا تېزىمغا ئالدۇرغان، بىرلەشمە ۋە يالغۇز مەبلەغلىك كارخانىلارنىڭ 70 پىرسەنت ئەتراپىدىكىسى سودا، مۇلازىمەت تىپىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە تەئەللۇق بولغانلىرى كۆپ ئەمەس. قازاقىستان «جۇڭگو پەقەت قازاقىستاننىڭ خام ماتېرىياللىرىنى توشۇپ كېتىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، قازاقىستاندا مەبلەغ سېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ» دەپ تونۇغان. ئۇنداقتا، جۇڭگو-قازاقىستان ئىقتىساد-سودىسىنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قاراش كېرەك؟ مېنىڭچە، ھەددىدىن تاشقىرى ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، قايغۇرۇپ كېتىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. چەكلەشنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز لازىم. قازاقىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودا بېرىش-كېلىشىنى ئۈزۈپ تاشلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سودىنىڭ ئۆزى ئۆزئارا مەنپەئەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاقىستان رەھبەرلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزدا جۇڭگونى تىلغا ئالغاندا دائىم «كۈچلۈك»، «بۈيۈك» دېگەندەك رەۋىشلەرنى قوشۇپ ئېيتىدۇ.

دوستانە بېرىش-كېلىش ئىككىلا تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. قازاقىستان رەھبەرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە جۇڭگو-قازاقىستان ئىككى دۆلەتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەمكارلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ھەمكارلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى ھەمكارلىق شەكىللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسىدىن تەدرىجىي ھالدا بىرلەشمە مەبلەغلىك زاۋۇت قۇرۇش قاتارلىق ھەمكارلىق تۈرلىرىگە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا بىلدۈردى. مېنىڭچە بۇ پىكىرلەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن ئويلايمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا مۇناسىۋەتتە، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت سىياسىي مۇناسىۋەتتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا سىياسىي مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. قازاقىستان ئېلىمىز بىلەن بىۋاسىتە قوشنا بولۇپ، 1 مىڭ 700 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئورتاق چېگىسى بار، ھەم مول تەبىئىي بايلىقلىرىغا ئىگە. يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودىسىدا قازاقىستان يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئالدى بىلەن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى ۋە چەتكە چىقىدىغان خادىملار تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بەزى «دۆلەتلىك ئەترەت» لەرنى ئەۋەتىپ قازاقىستاننىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش قاتارلىق ساھەلىرىدە ھەمكارلىشىپ، تەسىرى بولغان بىر قىسىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشىمىز، ئېسىل بۇيۇملار كۆرگەزمىلىرى ئېچىشىمىز لازىم. ئومۇمەن، ئۆتكەنكى ناچار تەسىرلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئۆگىشىۋېلىشىمىز لازىم.

5-ئاۋغۇست كەچقۇرۇن، مەن قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇلدىنىنىڭ بىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن زىياپىتىدە مۇنداق دېدىم:

«جۇڭگو-قازاقىستان ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى بىر مۇھىم تەرەپ. جۇڭگو بىلەن قازاقىستان تاغ-دەريالىرى تۇتاشقان ئەۋزەل يەر شارائىتى بولۇشتەك ئۇستۇنلۇككە ئىگە. ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى بار بولۇپ، ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك. بىز ئىككى تەرەپنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ۋەزىيىتىدىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلىنىپ، ھەمكارلىشىش شەكىللىرىنى بېيىتىپ، ھەمكارلىشىش ساھەلىرىنى كېڭەيتىپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.»

## كۆكچېتاۋ ئوبلاستىغا زىيارەت

ئۇدا ئىككى كۈنلۈك ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، سۆھبەت، زىياپەتلەر ئارقىلىق 5-ئاۋغۇست كەچ سائەت 21 دە ئالما-ئاتىدىكى پائالىيىتىمىزنى ۋاقىتىنچە ئاخىرلاشتۇردۇق.

6-ئاۋغۇست ھاۋا يەنە ئوچۇق بولدى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 20 مىنۇت
ئۆتكەندە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايرودرومغا يېتىپ كېلىپ ئالما-ئاتا شەھرىنىڭ 1
مىڭ 100 كىلومېتردىن كۆپرەك شىمالىغا جايلاشقان كۆكچېتاۋ ئوبلاستىغا زىيارەتكە بېرىشقا
تەييارلاندى. قازاقىستان سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يېلرىبوۋ بىزگە ھەمراھ بولدى.
ئالاھەزەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئايروپىلان كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى
كوكچېتاۋ شەھرىگە قوندى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئوبلاست سوۋېتىنىڭ رەئىسى
جاپپار مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىقلار قارشى ئالدى. چىرايلىق كىيىنگەن قازاق
ئۆسمۈرلىرى جۇڭگولۇق مېھمانلارغا گۈل، نان، تۇز تەقدىم قىلدى.
چۈشتىن كېيىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسخانىسىدا 50 — 60 تەك ئادەم
قاتناشقان قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئوبلاست سوۋېتى رەئىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى
ئارقىلىق بىز كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق.
كۆكچېتاۋ ئوبلاستى قازاقىستاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، 1944-يىلى قۇرۇلغان.
يەر مەيدانى 78 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، ئاھالىسى 670 مىڭ بولۇپ (قازاقىستان ئومۇمىي
نوپۇسىنىڭ ئاران 4 پىرسەنتىگە يېقىنىنىلا ئىگىلەيدۇ.) ئوبلاستتا قاراشلىق 16 رايون،
تۆت شەھەر، توققۇز بازار، 192 كەنت بار. بۇ ئوبلاست ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى قازاق
ۋە رۇسلار ئىگىلەيدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلارنىڭ نوپۇسى پۈتكۈل ئوبلاست نوپۇسىنىڭ
28.9 پىرسەنتىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قازاقلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 4 پىرسەنتىنى
ئىگىلەيدۇ) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇكرائىن، گېرمان، ئاق ئوروس، تاتار، مولداۋىيان
قاتارلىق مىللەتلەر بارئىكەن. كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ شەھەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ
40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، قازاقىستاندىكى نوپۇسنى شەھەرلەشتۈرۈش
دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن ئوبلاستلارنىڭ بىرى ئىكەن.
كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى كۆپىنچە ئېدىرلىق بولۇپ، تاغ كۆپ،
تۈزلەڭلىكلەر دېڭىز يۈزىدىن بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى
غەربىي سىبىر تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، غەربىي جەنۇبى بولسا سارى ئارقا
ئېدىرلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ، كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى
سۇ بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، «سەكسەن كۆل ئوبلاستى» دېگەن
چىرايلىق نامى بار. بۇ چوڭ-كىچىك كۆللەر داڭلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ، كۆكچېتاۋ ئوبلاستىغا ھۆسن قاتتى. ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتىمۇ ياخشى تەبىئىي شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بوغراباي كۆلى
ئۆزىنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسى بىلەن داڭلىق ساياھەت ئورنى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك دەم
ئېلىپ داۋالىنىش رايونى بولۇپ قالدى.
كۆكچېتاۋ ئوبلاستىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، رەڭلىك مېتال، كەم ئۇچرايدىغان
مېتاللار ھەمدە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بار. ئوبلاستنىڭ خەلق

ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، يېمەكلىكلەر سانائىتى ۋە كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلار سانائىتى قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئوبلاستنىڭ ئاشلىق تېرىقچىلىقى ۋە چارۋىچىلىقى راۋاج تاپقانىكەن. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى جۇمھۇرىيەت مەھسۇلاتىنىڭ 13.4 پىرسەنتىنى، كالا سۈتى 9.5 پىرسەنتىنى، گۆش 7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى يازغى بۇغداي، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى مايلىق زىغىر، كۆكتاتلاردىن ئاساسلىقى ياڭيۇ ۋە باشقا كۆكتاتلار تېرىلىدۇ.

بۇ ئوبلاستنىڭ سانائىتىگە ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە ئاساس سېلىنغانىكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى مەخپىي كۆچۈرۈپ كېلىنگەن چويۇن قۇيۇش زاۋۇتى ۋە ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ھازىر چوڭ تىپتىكى ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى زاۋۇتىغا ئايلىنىپ، ئىشلەپ چىقارغان ئاپتوماتىك ۋە يېرىم ئاپتوماتىك گىر، تارازىلار يىراق چەت ئەللەرگىچە سېتىلىۋېتىپتۇ. ئوكسىگېندا نەپەسلىنىش ئەسۋابى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرغانىكەن. چوڭراق تىپتىكى باشقا كارخانىلاردىن ئەسۋاب ياساش زاۋۇتى، پار قازان ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ئۆي جاھازلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى، فار-فۇر قاچىلار زاۋۇتى، توقۇلما كىيىملەر ۋە بۇيۇملار زاۋۇتى، سۈتچىلىك سانائىتى بىرلەشمە كارخانىسى، ئاشلىق يېمەكلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كارخانىسى، گۆش پىششىقلاش بىرلەشمە زاۋۇتى، ئوبلاستلىق يەرلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كارخانىسى، كان ئېچىش، رۇدا تاللاش بىرلەشمە كارخانىسى قاتارلىقلار بار. بۇ ئوبلاستتىكى يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاش سانائىتىنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى ئوبلاستنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

كۆكچېتاۋ ئوبلاستى گەرچە قازاقىستاننىڭ چەت-ياقىسىغا جايلاشقان، ئاھالىسى كۆپ ئەمەس كىچىك بىر ئوبلاست بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلىك كىشىلەر ئۇ يەردە قازاق مىللىتى تارىخىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس ئابلەيخان (1711 — 1781 - يىللار) نىڭ تۇغۇلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن. گەرچە ئۇ قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈز خانى بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىدار ۋە ئابروي تۈپەيلى قازاق يايلىقىدىكى ئۈچ يۈزلۈك ئىچىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە يېزىلىشىچە، 18 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنجىتىۋاتقاندا، ئابلەي ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇچراشقان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە سودا مۇناسىۋىتى قانائەتلىنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، بۇ قازاقىستان-جۇڭگو دوستلۇقى تارىخىدىكى قىزىقارلىق ھېكايە بولۇپ تارقالغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆكچېتاۋ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە ئالاھىدە دوستلۇق مۇھەببىتى بارئىكەن.

كۆكچېتاۋغا يېتىپ بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋە ئۇنىڭ ئەتىسى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ ئوبلاستنىڭ ئىرتاۋ رايونىدىكى ئاخان سېرى خاتىرە جايى ۋە ۋەلىخانوۋ تارىخ مۇزېيىنى، ئىككى زاۋۇت، شوشىنسكىي شەھىرى بوراۋۋي كەنتىدىكى بىر توخۇ فېرمىسىنى

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. گۈزەل ئورمان باغچىسىنى سەيلە قىلدۇق. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، ئىككى كۈنلۈك ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا بىزگە يېڭى توي قىلغان ياشلارنىڭ لېنىن ھەيكىلىگە گۈل تەقدىم قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئۇچراپلا تۇردى. قارىغاندا، بۇ جەزمەن كۆپ يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن ئادەت ئىدى. مېنىڭ رەپىقەم تارتىنىپ تۇرغان يېڭى كېلىنگە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلىۋىدى، كىشىلەر توپىدا قىزغىن چاۋاك ساداسى ياڭرىدى.

كۆكچېتاۋ ئوبلاستىغا زىيارەتكە بارغىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مېھمان ۋە ساھىبخانىلار سۈرەتتەك گۈزەل ئورمانلىق چىمەنلىكتە جەم بولۇشقانىدۇق. بەزىلەر غىزالانسا، بەزىلەر ناخشا-ئۇسسۇلغا چۈشكەن، كەيپىيات ئىنتايىن جانلىق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغلىرىدىكى رەڭدار ئورمان يايلىقىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈم بۇرۇن يازغان بىر شېئىرىم ئېسىمگە چۈشتى.

......

تىزما تاغلار سەن ئۈچۈن سېپىل
ئورمانلىقلار توق ۋە ئۆتكەل.
گىياھ-گۈللەر لىباس مىسالى
دەريا-بەلباغ باغلاش ئۈچۈن بەل.

بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى خۇش بۇي
شاماللىرى ئېيتىدۇ غەزەل.
رەڭدار بۇلۇت چاقنايدۇ كۆكتە
گۈللىرىدىن تامىدۇ ھەسەل.

يىگىتلىرى شۇڭقاردەك غەيۇر،
قىزلىرى گۈل-كۈلگەن ھەر مەھەل.
چارۋىچىنىڭ ماكانى يايلاق،
مەست قىلغۇدەك سۈرەتتۇر گۈزەل.

......

ياشلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، قولۇم قىچىشقاندەك بولدى-دە، دومبىرادىن بىرنى ئېلىپ چېرتىپ چېلىپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدىم. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدىكى يولداشلار «ئۆمەك باشلىقى» بولغان مېنىڭ ئىلھامىم كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شادلىققا چۆمۈپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئادەملەر سېپىگە ئارقا-ئارقىدىن قوشۇلۇپ كەتتى.

گۈزەل كۆكچېتاۋ! سېنىڭ مەنزىرەڭ كىشىنى شۇنداق مەستخۇش قىلىدىكەن، سېنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىڭ كۆڭۈلدىن مەڭگۈ چىقمايدىكەن...

## دوستلۇق كۈيى

قازاقىستاندىكى بەش كۈنلۈك زىيارەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن پايانسىز قازاق يايلىقى ۋە خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ قەلبىگە ئەبەدىيلىك ئورناپ قالدى.

خەير-خوش ئالما-ئاتا، ياخشى قال قازاقىستان! بىز قايتا ئۇچرىششنى كۈتەيلى. مېنىڭ بۇ «دوستلۇق كۈيى» دېگەن شېئىرىم سىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىڭلارغا ئېيتىلغان تەشەككۇرۇم بولۇپ قالسۇن.

......
ئىككى ئەل جان دوست ئىدۇق كۆپ ئۇزاقتىن،
يىپەك يولى شۇ دوستلۇققا يارقىن مىسال.
.....
تۇتاشتۇر قارىغايلىق تاغلىرىمىز،
يايرىتار چارۋىمىزنى تۇتاش ئوتلاق.
قاندۇرار تەشنالىقنى ئىلى سۈيى،
ئېرتىشنىڭ بېلىقلىرى بىزگە ئورتاق.

قوشناڭ تىنچ، سەنمۇ تىنچ دېگەن سۆز ھەق،
بۇ ئىنسان يۈرىكىدىن چىققان سادا.
قوشكېزەك تىنچلىق بىلەن دوستلۇق ھامان،
بۇنىڭسىز گۈللىنەلمەيدۇ چەكسىز دۇنيا.

سالاۋات ئۆتكەن ئىشقا، نىشان پارلاق،
قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەيلى بولۇپ ئىناق.
ئەقىدە-دوستلۇقنىڭ چىن مەنىسى شۇ،
ياشايلى بولۇپ ھەمدەم، چىن ئىتتىپاق.

1993-يىل ئەتىياز، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئادىل تۇنىياز

# شائىرنىڭ ئىش كۈنلىرى

## مەڭگۈ يېگىرمە ياش

بىلەمسىلەر بۈگۈن قانداق كۈن؟

ئۇخلاپ قوپسام خانەم ئالدىغا
ئاپئاق-ئاپئاق يېغىۋاپتۇ قار.
پىۋا ئىچتىم سىنى تەبرىكلەپ،
پىۋا ئىچتىم ئاپئاق-ئاپئاق قار.
ئۇغرىلىقچە ئاق قارغا ئوخشاش
يېگىرمىگە كىرىۋاپسەن يار.
پىۋا ئىچتىم سىنى تەبرىكلەپ،
پىۋا ئىچتىم ئاپئاق-ئاپئاق قار.

بۈگۈن، بازاردىن
گۈل ئەكەلگىن 11-ئاي،
مەي ئەكەلگىن 11-ئاي،
پاقلان سويغىن 11-ئاي.
كىچىككىنە تۇرۇپلا تېخى
يېگىرمىگە كىرىۋاپتۇ يار.
مۇشتەكتەك شۇ يارنى قۇتلۇقلاپ
پىۋا ئىچتىم قارنىڭ ئۈستىدە،
پىۋا ئىچتىم ئاپئاق-ئاپئاق قار.

كىردى بۈگۈن يېگىرمە ياشقا
ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشلىرى.
كىردى بۈگۈن يېگىرمە ياشقا
كوچىدىكى كىشىلەر توپى.
كىردى بۈگۈن يېگىرمە ياشقا
ئەڭ، ئەڭ يۇمران بۇ ماي قوڭغۇزى!

دەپ سالمىغىن خەققە قوڭغۇزۇم
سەھرالاردىن كەلگەن بىر شائىر
ئۆرۈمچىدە ئوغرى دەپ ھازىر.
ئەپقاچتىمەن گويا ئوغرىلاپ،
ساقلىغۇم بار ساندۇقتا سىنى.
قۇچىقىڭدا ياشاي بىر ئۆمۈر
كۆرسەتمىگىن ھېچكىمگە مېنى.

قۇشلار، قۇشلار
دېرىزەمنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ،
ئۆركۈمەستىن دانلىغلار بۈگۈن.
ھاراقكەشلەر، ياخشىمۇسىلەر
قەرز يېزىپ قويۇپ مەن ئۈچۈن

چىلاشقۇدەك ئىچكىلار بۈگۈن .
ئەي، سەككىز سوزۇق تاۋۇش،
ئەي، 24 ئۈزۈك تاۋۇش،
ئىختىيارى ئۈيناڭلار ئەمدى .
بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان
ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى .
ئەي شەھەر خەلقى
ئىشىكىمنى ئېچىپ قويدۇم كەڭ
كېلىپ مەشرەپ قىلىڭلار ئەمدى !

قاغىلىق ،
ئاي شەكىللىك قەسىر كەينىدە
قوللىرىنى سوزۇپ بەك كىچىك
ئۇخلىغاندۇ ئاي نۇرى ئېمىپ .
ئېھ، ئۇككىلىرىم
تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدۇ كېچە
سېۋەتلەرگە كېلىڭلار يىغىپ .
قولتۇقىدىن يۆلەپ دادامنىڭ
كەل، قۇتلۇقلاپ سەنمۇ جان ئانا ،
كىچىك بىر باغ سوۋغا ئېلىپ .

كىچىك بىر قىزچاق
ئويناۋېتىپ تۇساتتىن
كىرىپ قالدى يىگىرمە ياشقا .

## كۆل بويىدىكى كۆك قومۇشلۇق

يىڭنىچۇك قانىتىنىڭ سۈزۈك ئۇچى
ھاۋارەڭ پارچىلايدۇ كۈن نۇرىنى .
ئەينەكنىڭ خانىشىدەك سۇ يۈزىدە ،
بېلىق قىلتىرىقى چاقنايدۇ خىرە .
قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە
جىمجىتلىق تۇخۇملايدۇ
ئاپئاق ، يۇپيۇمىلاق .
سۇ قۇشلىرى چۇرۇقلىشار
تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئۇماق .

قوينۇڭغا ئالالامسەن كۆك قومۇشلۇق ،
رېئاللىق تاشلىۋەتكەن بىر ئادەمنى .
تۇرمۇشنىڭ قەھرىمانى بولالمايمەن ،
شېئىرغا بويسۇندۇرغان ئىرادەمنى .

گۈگۈمنىڭ ئەتراپىدا قارلىغاچلار
يېشىللىق قىيساياقتا قاراڭغۇ، نەم .
نازۇكمەن ئاۋايلاپ چاق، جېنىم پاشا ،
كۆڭلۈمنى بېسۋالدى تېگى يوق غەم .

كۆك قومۇشنىڭ ئۇچىدا ،
كۈمۈش رەڭ ئېچىلغان
بىر تال كېچە .

### ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

## بۇ يوللاردا ياتار مىڭ سېھىر

### كۆيۈك

بۇ يوللاردا ياتار مىڭ سېھىر ،
چەت - چېتىگە يەتمەيدۇ كۆزۈڭ .
تۆكۈلىدۇ چىلەكلەپ مېھىر ،
ماڭماقتىسەن ئۇندا بىر ئۆزۈڭ .

ئەگەر يېتىپ كەلسە تىنىقىڭ،
نېلۇپەردەك تىترىشىم ئايان.
ساددا كۈلكەڭ، ئوتلۇق بېقىشىڭ،
قېنى يوققۇ؟ يۈزلەندى قايان؟

### غەيۋەت

تۆت-بەشىمىز جەم بولۇپ قالساق،
ۋۇجۇدۇمغا ئولىشار تىترەك.
غەيۋەت ئوتى تۇتىشىپ كېتىپ،
ئاللىكىمنى تالايمىز ئىتتەك.

مۇمكىن ئەمەس ئېتىراپ قىلىش،
ئۆزىمىزنى ئاق دەيمىز، بىردەك.
مۇمكىن ئەمەس ئېغىزنى يىغىش،
ھۆركىرەيمىز گاھىدا شىردەك.

بەدبەشىرە چىرايىدا كۈلكە،
قاچان كېلەر بىزگە ئۆزگىرىش؟!
ھەر بىرىمىز قۇۋلۇقتا تۈلكە،
بىزدىن يىراق نومۇستىن ئۆلۈش...

غەيۋەت تارقاپ كەتتى ھاۋاغا،
داۋام قىلار كۆچەپ سۈمۈرۈش.
كېسەلمەنلەر موھتاج داۋاغا،
قاچان تۈگەر بۇ سەلبىي يۈرۈش؟

تايىپاس تاھىر

## شائىرغا تەبىر

شائىرلارنىڭ دىلى لاۋا تۈندىكى،
جاھالەتنى كۈل قىلىشنى كۆزلەيدۇ.
شائىرلارنىڭ تىلى نۇردۇر كۈندىكى،
كائىناتنى ئىللىتسام، دەپ سۆزلەيدۇ.

شائىرلارنىڭ خىيالىدۇر ھۇر ناھار،
ئۇندىن ئۆزگە ھېچبىر خىيال سۈرمەيدۇ.
شائىرلارنىڭ سۆيگۈنىدۇر نەۋ باھار،
زىمىستاننى ھەرگىز سۆيۈپ يۈرمەيدۇ.

شائىر ئۇنتار ھەتتا بەزى ئۆزىنى،
«مەن» دېگەنگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.
كەچۈرۈڭلار، شۇڭا شائىر سۆزىنى،
قەھرى تۇتسا ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ.

شائىرلارنىڭ قەلبىدۇر زۇلپىقار،
چاتقاللاردىن ئەل ئۈچۈن يول تۈزلەيدۇ.
شائىرلارنىڭ ئېتىقادى بىغۇبار،
مەنزىلىدىن مەڭگۈ ئۈمىد ئۈزمەيدۇ.

شائىر شۇنداق ئەل ئۈچۈنلا يارالغان،
ئەل-يۇرتسىز جەننەتكىمۇ كىرمەيدۇ.
شۇڭا شائىر ئۆلدى دېگەن سۆز يالغان،
ئەل ئۆلمىسە شائىر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

ئالىمجان ياسىن

# بىر كۆزۈم تولۇن ئاي، بىر كۆزۈم قۇياش،

## يەر شارىدىكى مەن

مەن شۇنداق تۇرىمەن، شۇنداق سۈپەتتە،
ئالەمنى نۇرلارغا قىلىپ پەيۋەندە.
مېھرىمدىن باغلاردا ئېچىلدۇردۇم گۈل،
ياراتتىم ھەقىقەت، مۇھەببەت ھەمدە.

زېمىندا تىرىلدى مەندىن مەۋجۇدات،
ۋە بەردىم ئۇلارغا بەخت-سائادەت.
بىر كۆزۈم تولۇن ئاي، بىر كۆزۈم قۇياش،
كۆزۈمدىن نۇرلىنار كۆزلەرمۇ پەقەت.

دېمەك مەن ئالەمگە بەردىم گۈزەللىك،
ئالەممۇ ھەم بەردى ماڭا ئەۋزەللىك.
شۇ قەدەر گۈزەلدۇر مېنىڭ ماكانىم،
(ياراتقان ئىگەمدە يوقتۇر سەۋەنلىك.)

ئۇچتۇممەن شۇڭلاشقا چىقىرىپ قانات،
پەرۋازىم ئەۋجىگە تار كەلدى ئاسمان.
ئادەملىك ئېتىمغا پەخرىم بىر دەريا،
زېمىننىڭ سۆيگۈسى تۈگىمەس داستان.

## ھايات

ھايات
پاك قانلاردىن ئېچىلغان چېچەك،
مىڭ ئازابتىن پۈتۈلگەن تومار.
كۆپ ئىزلاردىن تۈزۈلگەن كىتاب،
تۈگىمەس ۋە ئېسىلماس خۇمار.
سېنىڭدىكى چەكسىز ھېسسىيات،
مېنىڭدىكى ئىستەك ئۇلۇغۋار.

ئىلھامجان ئابلىز

# غەزەللەر

## 1

خىيالىم قۇشلىرى بۇ دەم زىبا چېھرىڭدە خال بولمىش.
نە خالكى، غۇنچە لېۋىڭدىن ئۈزۈپ گۈللەر شامال بولمىش.
شامال قايرىپ لېچەك ھەريان دەقىقە ئەندىكىپ قالساڭ،
كۆكۈل چاڭقاقلىقىم قورشاپ جاۋاب كۈتمەس سوئال بولمىش.
چۈشۈڭگە چۆل بولۇپ كىرسەم، بەرق ئۇرساڭ بولۇپ چوغلۇق،
تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇپراق قاراپ ھۆسنۈڭگە لال بولمىش.
سامان يولىدا سەيلە تىسەك قىلىپ يۇلتۇز تاماشاسى،

تولۇن ئايمۇ جامالىڭغا بولۇپ ھەيران ھىلال بولمىش.
زېمىن-ئاسمانغا شاھ سۇلتان بولۇپ تۇرساق مۇئەللەقتە،
رەشك ئەيلەپ ۋىناس ھەتتا ۋىسال پەيتى خايال بولمىش.
مەگەر مانان كۆلەڭگەڭگە كۆمۈپ قويسا ئەقدەمنى،
ساداسىز تەلمۈرۈپ ھەريان پىقىرغا بەك ئۇۋال بولمىش.
پىراقىڭ دەشتىدە يۈرسەم ساڭا يەتمەككە بوپ مەن زار،
ئايىغىڭ ئىزلىرى شوۋل چاغ ئۈمىد تۇغقان نىھال بولمىش.

2

زۆھەل سەنكى كېچەمنىڭ چەت-چېتىدە پارقىراپ تۇرغان،
نۇرۇڭ يايلىغا قول سوزسام يىراقلاپ بارغىنىڭ بارغان.
ئاداشماس ئارمىنىم بىرلە چۈشۈڭگە سۆرسەم يەلكەن،
سۆيۈپ ناخشاڭدا ماچىتامنى ئۈزاپ كەتتىڭ ياساپ ئوكيان.
سېنى قەلبىمدىكى يولدا تۇرۇپ كۈتتۈم ئەسىر تەنھا،
ئۇچۇپ كەلدىڭ ئىرا ئاتلاپ دەقىقەمگە بولۇپ شەيتان.
خىيال قىلغاندا باغرىڭنى سۈكۈت ساھىلى چوغلاندى،
خىياللارنى تېرىپ ئالسام پۈتەتتى سەن ئۈچۈن ئاسمان.
نە ئاسمان بىر قەدەھ مەيگە تولۇپ تۇرمامدۇ كەڭ ئالەم،
نىھايەت چوغلىنىپ باقسام نۇرۇڭ زاھىر، ئۆزۈڭ پىنھان.
تۇغۇمنىڭ لەززىتى قايچاغ ئۈلۈمچە تاج ئاتا قىلغان؟
سېنىڭ ئاسىيلىقىڭ بەرھەق، ئۆلۈمدىن تىكلىسەڭ ئارمان!
قاراڭغۇ جاڭگىلىم ئىچرە قەدىناس گۈلخىنىم يانسا،
ماڭا دىل كەڭلىكى تالىق، بىشارەت ئەيلىسە ئىنسان.

3

چۈشلىرىمگە قوغلىدى ئىلھام نوقۇپ،
چۈش ئارا كۆردۈم پەرىنى ئويغىنىپ.
تۇيغۇلار ئوكيان ياساپ باغرىم ئارا،
مەۋج ئۇرار قۇتراتقۇ دولقۇن تولغىنىپ.
پەيلەر باغرىمنى پارلاق ئاي نۇرى،
ئېرىقىپ چەكسىزلىكىمدىن خورسىنىپ.

چىرمىشىپ سوئاللىرىمغا كائىنات،
ئۈندىمەس، ئۈندەشلىرىمدىن تۇغۇلۇپ.
بولسا گەر مەندە ئازابىنىڭ ساھىلى،
شادلىناتتىم ئۇندا تەكرار تۇنجۇقۇپ...
ئېرىقىپ قالدىم بۇ تۈن سوئال بولۇپ،
قويدى كىم بىھوشلۇقۇمغا ئۆزۈتۈپ؟

## 4

ئەزىزسەن بىباھا تۇپراق تۇغۇلماس ھىچ ئانا سەنسىز،
خۇدامۇ بى ئامال ھەتتا، نە مەۋجۇتتۇر خۇدا سەنسىز.
تەبەسسۇم ئەيلسەڭ ھەر رەت بولۇر ماڭما جاھان ھەيھات!
قۇياش زاھىر ئەمەس شەكسىز، قۇياشكى نە، زىيا سەنسىز.
دىلىم مىھرىڭگە كۆي تۆكسە بولۇر چاك ئەۋجىدە ئاسمان،
نە ئاسمان، كائىنات مۇردا، تارالماس ھىچ سادا سەنسىز.
ماڭا ئارمان ئەمەس زىنھار مەدىنەمنى تاۋاپ ئەتمەك،
نە بولغاي ئارمىنىم مەقبۇل، بىھاجەت قىبلىگاھ سەنسىز.
يۈرىمەن گۈل قۇچاقىڭدا، سۈرۈپ شاھلىق ھۇزۇرىنى،
نە شاھ، يۈز ئۆرۈسە ئىلھام بولۇر بەرھەق گادا، سەنسىز.

**ئەسقەر ياسىن**

# ئىككى شېئىر

### دېرىزىدىن قاراش

بۇلۇتلار بىر تۇتام ئالتۇن گۈل بەرگى،
باقمەن يىراققا — ئاسمان چېتىگە.
بۇلۇتلار بىر-بىرلەپ يوقالدى كۆزدىن،
شادلىقىم ئالماشتى تەمسىز سەزگۈگە.

كىم چېكەر ئىشكنى؟ كۈتتۈم بەك ئۇزاق،
ئۆتىدۇ كۆپ ئادەم بۇ يەردىن جىمجىت.
يىراقتىن سىلكىنىپ ئۆتەر بىر جۈپ قول،
تۇتالماي مەن ئۇنى دەيمەن: ئاھ ئىست!

ئېھتىمال ئۇ قولمۇ ناتونۇش ماڭا
مەقسەتسىز سىلكىنىپ قالغاندۇر بەلكىم.

گۈللەرنىڭ غولىغا چۈشكەن يات ئىزدەك
تەشۋىشلەر كۆڭلۈمنى ئېزەر بىتىنىم.

بىراق مەن يىراققا باقمەن ئويچان،
باقمەن ناتونۇش ئاسمان چېتىگە.
كۆرۈنسە بىر جۈپ قول يىراقتىن غۇۋا،
قايغۇمۇ ئالمشار تاتلىق سەزگۈگە.

### كېچە، سائەت ئون ئىككى

بۆسۈلۈپ چېكىدىن يېرىلدى تۈيغۇ،
كۆزۈمگە يۈگىشىپ ئۆرلىدى تۇمان.

چىراغىنىڭ نۇرىمۇ،
بىلمىدىم سىنىڭ
جىلۋەڭمۇ، تۇساتتىن يورۇدى ئالەم.
قارىسام سائەتمۇ بوپتۇ ئون ئىككى.
تەڭرىمۇ ئۇيقۇغا كەتكەندۇ شۇ تاپ،
ئەسەر يوق بىزلەرگە ئۇيقۇدىن تېخى.

كېچە، سائەت ئون ئىككى
ھەممىگە قادىرسەن كېچە دەرياسى،
ئېقىنىڭ شادلىقىنىڭ سەيلىگاھىنى.

تىنىقلار چېقىلدى ئارقا-ئارقىدىن،
ئاڭلايمەن يارىمنىڭ مۇناجاتىنى.

نەقەدەر رايىشسەن ئەي جان، دىلكۆيەز،
كەرەشمە گۈلدە ئويغاتتىڭ مېنى.
بۆسۈلۈپ چېكىدىن يېرىلدى تۈيغۇ،
يوقاتتىم ھەم تاپتىم شۇندا ھەممىنى.

قانچىلىك گۈزەل ئېھ، بۇگۈنكى كېچە،
سائەتمۇ ئون ئىككى بوپتۇ ئاخىرى.
پەرىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندەك سەنمۇ
ئۇيقۇغا كەتكەيسەن قۇچاقلاپ مېنى.

مۇھەممەد سالىم

# سۆيگۈ ئېھرامىلىرى

## بىباھا سۆيگۈ

ھاياتلىقتىن ئۇمىدىم سەن، ئاداققى مۇددىئا بەلكى،
شۇڭا قەلبىمدە ياندۇردۇڭ مۇھەببەتتىن لاۋا بەلكى.
ئۆزىنىڭ خۇلقىغا كۆكلەم ئالارمىش ئەندىزە سەندىن،
قۇياشمۇ چېھرىگە ئالغان سېنىڭدىن نۇر-زىيا بەلكى.
رەڭ ئالمىش تۇن چېچىڭدىن، تاڭ يۈزۈڭدىن، گۈل لېۋىڭدىن ھەم
بىلەركىم پۈتتىمۇ زەڭگەر كۆزۈڭدىن كۆك-ساما بەلكى.
نىگاھ ئۈزمەي سېنىڭدىن تۈن بويى ئايمۇ چىقار بىدار،
سېنى كۆرمەككە چولپانمۇ تۇغار تاڭ ئالدىدا بەلكى.
ئىنبا ھەمدە رەھىمدىللىك جۇلاسى جۇپ قاراقىڭدا،
تارالغان ئەلگە سەندىن ئار-نومۇس ھەم چىن ۋاپا بەلكى،
سۆيۈلمەك ھەمدە سۆيمەكنى ئۆگەندىم مەن پەقەت سەندىن،
شۇڭا بەردى يۈرەك تارىم مۇھەببەت دەپ سادا بەلكى.
ئادا بولاي دېدى ئەركەك ھاياتلىقتىن ۋىسالىڭسىز،
ۋىسالغا بەرمىسەڭ ئىمكان بولار جاندىن جۇدا بەلكى.

## زادى شۇنداق بۇ جاھان

ئامتنىڭ كەلمەيدۇ دائىم، ھېچقاچان كەلگەن ئەمەس،
كەلسىمۇ ئۇ نەچچە ۋاقلىق، مەڭگۈ نەپ بەرگەن ئەمەس.
مېھنەتنىڭ-تەرنىڭ بىلەن كەلگەي ساڭا قۇت ھەرقاچان،
ئەجىرسىز راھەتنى ھېچ ئىنسان تېخى سۈرگەن ئەمەس.
ئارمىنىڭ ئاشماس ئەمەلگە، بولسىمۇ ھەرقانچە ئۆز،
چۈشتە كۆرگەننى ئۆڭدا ھېچ كىشى كۆرگەن ئەمەس.
نۇر-زىيا بەرمەي بۆلەككە، كۈتمىگىن زىنھار جىلا،
چۈنكى مەقسەت ھېچقاچان بەرمەي بەدەل كۈلگەن ئەمەس.
گۈلنى كۆر، شەبنەمگە قانسا يۈز ئاچار خۇش ھىد چېچىپ،
گەرچە ئاخىر سۇلسىمۇ بۇ زادى ئۆزگەرگەن ئەمەس.
ئۈمتۈلۈپ سۆيمەككە پەرۋانە چىراغنى ئايلىنار،
ۋە لېكىن بىلسە چىراغ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيگەن ئەمەس.
لال بولۇپ قاتما، ئەزەلدىن زادى شۇنداق بۇ جاھان،
ئەسلىدىن قىسمەت كىشىنىڭ رايىچە يۈرگەن ئەمەس.

## سۇنماس ئەقىدە

رەھمىتىم چەكسىز ساڭا چۈنكى ئۆگەتتىڭ سەن ماڭا،
ئادىمىيلىككە قوشۇپ سۆيگۈ-مۇھەببەتنى يانا.
ئارزۇلاپ سۆيمەككە ئەزىيسەن پۈتۈن، ئېيتچۇ قېنى،
ئايمۇ ياكى پەرىمۇ، تۇغقان سېنى قانداق ئانا؟
دەپ يىقىملىق جىلمىيىپ يەردىن نىگاھ تاشلاشلىرىڭ،
كۆن ئۆگەنگەنمۇ سېنىڭدىن بۇ خۇلقنى، ئېيتقىنا.
ئىككى مەڭزىڭ خۇددى ئوتقاش، ئۇ قۇياشنىڭ ئەكسىمۇ؟
نە ئامال، بولدۇم ئۇنىڭغا بىر قاراپلا مەھلىيا.
يۇلتۇزۇممۇ كۆزلىرىڭ، ئۇ زادى مەندىن ئاغمىدى،
بولسا شۇنداق مەن نېچۈن يەنە دەردكە مۇپتىلا؟
ئەي نىگار، شۇنداقتىمۇ سۇنماس ئەقىدەم تائەبەد،
يەتكىلى ۋەسلىڭگە زارمەن ھەم تەقەززا مەن ساڭا.

## كەلمەدىڭ

گۈلباھار، گۈل مەشۇقۇم، كۆيدۈردى ھىجران، كەلمەدىڭ،
قالمىدى بەرمەككە بەرداش زەررە ئىمكان، كەلمەدىڭ.
ئۈزمىدىم ئەمما ئۈمىدنى شۇندىمۇ ۋەسلىڭنى دەپ،
ۋە لېكىن كۆڭلۈڭدە بارمۇ ئۆزگە مېھمان، كەلمەدىڭ.
لەۋلىرىم تىترەپ تىنىمسىز ياد ئېتىپ ئىسمىڭنىمۇ،
پۈتسە شەنىڭگە تالايلاپ ناخشا-داستان، كەلمەدىڭ.
بىۋاپالىقتا ئۆگەندىڭ سەن قاچاندىن، ئېيتقىنا،
شۇ سەۋەب بولغاندىمۇ يا ئەھدى-پەيمان كەلمەدىڭ.
ئويلىرىمغا قويدى چەك ئەقلىم خىيال دەپ بولمىغۇر،
ھەم سېنى ئەيىبلىمەسكە بەردى پەرمان، كەلمەدىڭ.
سەن ئۈچۈن تۆككەن يېشىمدىن قالدى ئوكيان بەش بولۇپ،
چاغلىدىڭمۇ كۆز يېشىمنى شۇنچە ئەرزان، كەلمەدىڭ.
تۈتتى ئالەمنى پىغانىم، تاغ ئېرىم بولدى سىماب،
تاشمۇ باغرىڭ، بولغىلى دەردىمگە دەرمان كەلمەدىڭ.
ئاھ! ساڭا سۆيگۈ بېرىپ ئالغانلىرىم شۇ بولدىمۇ؟
كىم مۇھەببەتتە مېنىڭدەك دەردتە قالغان، كەلمەدىڭ.
نۇرلىرى ئۈچتى كۆزۈمنىڭ يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ،
ئەرك سېنى كۆرمەكنى شۇنچە قىلسا ئارمان، كەلمەدىڭ.

## ۋەتەننىڭ سىرتىدا

ۋەتەن،
ئوخشامدىكىن سەگۈنچەكتىكى
تاتلىق كۈلۈپ ياتقان بوۋاققا؟
ئوخشامدىكىن خىلۋەتتە ياكى
شىلدىرلىغان سۈزۈك بۇلاققا؟
ۋەتەن،
بوۋاق بولساڭ يېڭى كۆز ئاچقان،
ئىسمىم قويساڭ چاقىرىپ ئەزان.
بۇلاق بولساڭ، بىگانە ئۆزۈم

سەيلە قىلسام، چۈمۈلۈپ ئالسام،
يەنە ۋەتەن،
سەدىقىگە بەرگەن نان بولساڭ،
خۇرجۇنۇمغا سېلىپ ئەپكەتسەم.
مەيلى جەننەت بولمىسا نىسىپ،
مەيلى ئۇدۇل دوزاخقا كەتسەم.
ۋەتەن،
ئوخشامدىكىن كەچكۈزدە ياپراق
چۈشلىرىدە كۆرگەن كۆكلەمگە؟

ئوخشامدىكىن كۆزلىرىمگە، ياق!
يۈرىكىمگە كۆمۈلگەن «سەن»گە؟
ۋەتەن،
قۇچاقلىسام يېتەرمۇ قولۇم،
سۆيۈپ ئۆتسە سېنى بار ئۆمرۈم.

**ئەكبەر نىياز پەتتارى**

# سەھرايىم

خىلۋەتتىكى يۇلغۇنلىرىڭغا
ئېيتىپ بەرسەم كېچىچە چۆچەك؛
ھەسرەتلىرىم توزغاقتەك توزۇپ،
مۇراد گۈلۈم ئاچارمۇ چېچەك؟!
باش باھارنىڭ يامغۇرى بولۇپ،
سايلىرىڭنىڭ سىڭسەم تېشىغا.
باغلىرىڭنىڭ ئۇسمىسى بولۇپ،
قىزلىرىڭنىڭ قونسام قېشىغا.

كارىزلارنىڭ زەمزەملىرىنى
يۈرىكىمگە كېلەر باشلىغۇم.
ئۇپراتماستىن مەزمۇتلۇقۇمنى
تېرىكىڭدەك باردۇر ياشىغۇم.
بوۋام كەبى قېرى ئۈجمىلەر،
بىر شاخ بولسام يىلتىزلىرىڭغا.
شېئىرلىرىم بەرسە مول ھوسۇل،
ئوخشاپ، سەھرا، ئېتىزلىرىڭغا.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت**





## باھار يەنە كېلىدۇ

(پوۋېست) *

### ئۆز ماكانىڭ ئالتۇن بۆشۈك

بۇ يىل يۇز بەرگەن تەبىئي ئاپەت باغجىگدىلىكلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئەتىيازدىن بۇيان توختىماي چىققان بوران بۇغدايىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، يېقىندىن بۇيان كەينى-كەينىدىن ياغقان مۆلدۈر بىلەن يامغۇر بۇغدايىنىڭ پىشىشىنى كەينىگە سۈرۈپ قويدى. بۇ كېلىشمەسلىك دېھقان ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر. مۇبادا تەبىئەت يەنە رەھىمسىزلىك قىلسا، بۇغدايىنىڭ يېڭى سورتلىرى تەس ماسلىشىدىغان بۇ شور تۇپراقلىق يۇرتتا ئاپەت يۈز بېرەتتى. « خۇدا، بىزگە ئۆلۈك كۆزۈڭدە بىر قاراپ قويارسەن! » بۇ مۇناجات ھەر بىر دېھقانىنىڭ تىلىدا ۋە دىل قېتىدا تەكرارلىناتتى. خامان ئالغاندىن كېيىن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز-يىگىتلەرمۇ، تېرىغان بۇغدايلىرىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالىدىغانلارمۇ، ئوغۇللىرىغا ۋېلسىپىت، قىزلىرىغا بىرەر كىيىملىك رەخت ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلغانلارنىڭمۇ ئۈمىدلىك كۆزلىرى يەنىلا بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئىدى.

بۈگۈن ئېتىزلىرىنى ئايلىنىپ كۆڭلى غەش ھالدا قايتقانلار توختاش بوۋايىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى كۆل بويىغا توپلىشىپ قالدى. پاراڭ بۇغداي ئۈستىدە ئىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال توختاش بوۋاي سۆز قاتتى:

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

— ئەيسا ئاخۇنۇم جۇمە كۈنى مەسچىتتە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى دەپ بەردىغۇ! سايۋا ئۇزۇم پىشمىغىلى قىرىق يىل بولدى. قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدە، ئانىسى بالىسىغا دېدەك بولىدۇ دېيىلگەن. مانا شۇنداق بولۇۋاتىدىغۇ! كادىر دېگەنلەر بالىلىرىنى ئانىلىرىغا باقتۇرۇۋاتامدۇ! بىرىپ-بىرىپ زىرائەت پىشمايدۇ، جاھاننى ئاچارچىلىق قاپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت قايىم بولىدۇ.

— مەن ئاڭلىغان ھەدىستە «جاھاننى ناھەقچىلىك قاپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېمىن چىداپ تۇرالماي يېرىلىدۇ، ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ، قىيامەت كۈنى كۈن مەغرىبتىن چىقىدۇ» دېيىلگەن، — دېدى قاسىم دېھقان بېشىنى چايقاپ، — ئەممازە، ئاچارچىلىق بولىدۇ دېگەننى ئاڭلىمىغانىكەنمەن. كۈنىغۇ مەغرىبتىن چىقىدىغانىدەك قىلمايدۇ، ناھەقچىلىكلەرگە قارىسام بۈگۈن-ئەتە قىيامەت قايىم بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— توختى ھەر نېمە بولسىمۇ يوقالدى دېسەك، قاسىم ئاكام ئۇنىڭ ئورنىغا قالدىمۇ-نېمە، «ناھەقچىلىك» دەپ قاقشاپ قاپسىزغۇ، باي ئاكا. ھەممىمىزنىڭ مال-بىساتىنى يىغساقمۇ سىزگە يەتمەيمىز، — ئوسمان توكچى كېلىپلا قاسىم دېھقاننىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— ياق ئوكام، — دېدى قاسىم دېھقان ئوسمانغا تەنە ئارىلاش ھىجىيىپ، — مەنلا ئەمەس ھەممەيلەن باي بولساق بولاتتى. دەپ باققىنا، سەن دۈمبە بېسىلغان پولۇنى يەپ ئولتۇرساڭ، يېنىڭدا بىرى زاغرا ئاجاپ ئولتۇرسا، ئۇ ئېسىل تائام گېلىڭدىن ئۆتەمدۇ؟

— مەن دېگەن ئۇنىڭغا پولۇنى بېرىمەن، ھا... ھا...

— بۆلۈپ بەرگەن تائامنى ئادەم تازا مەززە قىلىپ، ئېچىلىپ ئولتۇرۇپ يېگىلى بولمايدۇ. ھەي، بۇ گەپلەرنى قويايلى، نەدىن كېلىشىڭ؟

— توك ئىدارىسىگە بېرىپ كەلدىم، — دېدى ئوسمان ۋېلىسىپىتنى تىرەپ قويۇپ.

— توك پۇلى يەنە ئۆسىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ بۇ گەپ؟ — سورىدى توختاش بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىرىق ياشلاردىكى دېھقان ئوسمانغا تىكىلىپ قاراپ.

— ئۆسمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ سىزمۇ تۇخۇمنى ئۆتكەن يىلى بىر كويغا ئۈچ-تۆتتىن بېرەتتىڭىز، ئۇلۇشكۈن تۇخۇمغا بالا ئەۋەتسەم، ئۈچ كويغا سەككىز تۇخۇم بېرىپسىز، تۇخۇمنىڭ باھاسى ئۆسكەن يەردە توكنىڭ باھاسى ئۆسمەي قالامدۇ!

— مۇشۇ كادىر دېگەنلەرنىڭ مائاشى ئۆسسە، ھەممە نەرسە قىممەتلىشىپ كېتىدىكەن. ئاڭلىسام، كادىرلارغا يەنە بىر دەرىجە كەپتۇمىش. ئىبراھىم مۇئەللىممۇ بىر چاغلاردا ئاران ئەللىك كوي ئالاتتى. ئەمدى بولسا پۇلنى خالتىغا ئۇسىدىكەن.

— دەرىجەن دېگىنى نېمە دېگىنى ئۇ؟

— دەرىجەن ئەمەس، دەرىجە، توختاشكا. كادىرلارنىڭ مائاشىغا يەنە مائاش قوشۇلسا دەرىجە كەلدى دېگەن گەپ، — قاسىم دېھقان گەپ قىستۇردى.

— ئېمكىن دەپتىمەن، قورۇسۇن ئۇنداق دەرىجە. خۇدايىم ئاخىرەتتە بەرگىنى ھېساب.

— پۇل باسىدىغان زاۋۇت كادىرنىڭ قولىدا، كادىر كادىرنىڭ قايىشى. ئۇلارنىڭ دېھقان خەق بىلەن ئېمە كارى. مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۇگۇت قىلىپ ساڭغا ئەكىرگەن بۇغدايىنى ئۇنداقكەن، بۇنداقكەن دەپ ئالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشى تېخى! — دېدى ئەتىدىن بېرى زوۋان سورمەي تۇرغان ئىمىن كالا شالاڭ ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ.

— ئۇ دېگەنىڭ ئادەتتىكى ئىش. بۇ يىل كۆرسىلەر تېخى، بۇغدايىنىڭ ھالى شۇ. ئەنە، ئاۋۇنىڭ كۈنىمۇ ئوبدان كۈن.

ئەتراپتىكىلەر سەپكۈن يۈز دېھقانىنىڭ سۆزىنى ئويلاشقا ئۇلگۈرمەيلا، ئۇ بېشى بىلەن ئىشارە قىلغان تەرەپكە قاراشتى. تار چىغىر يولدا ناسىر يىگى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى.

— ماۋۇ بەگگە تولا ماگىدىغان بولۇپ قالدى. يەنە توخۇ ئوغرىلاپ يۈرمىگىدى-ھە!

ئوسماننىڭ بۇ سۆزىگە قاسىم دېھقان جاۋاب بەردى:

— كونا سامانىنى سورۇپ يۈرمە ئۇكا. ئۇ چاغلاردا قايسىبىرىمىز ئوغرىلىق قىلمىغان. ھېچ بولمىسا كۆكباش بولسىمۇ ئوغرىلاپ يېگەن، قورساق دېگەن يامان نەرسە.

— ئىبراھىم مۇئەللىم كۆندۈرۈۋاپتۇ ئۇ سوكاننى. ئۇ مۇئەللىممۇ نەشىنى بوش چەكمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئوسمان ئۇكا، سەن تولىمۇ گۇمانخور بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ئۇ مۇئەللىم ئەزەلدىن كەيپ قىلىپ باقمىغان تۇرسا، — قاسىم دېھقان ناسىرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى توختاتتى. كۆل بويىغا توپلاشقانلارنىڭ ناسىرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە قىزىقىشى ناسىرنىڭ كېلىپلا ئوسماننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ «سەن مۇتتەھەمنى ئۇلتۇرۇۋېتىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن» دېگەن سۆزى بىلەن بىردىنلا ۋەھىمىگە ئۆزگەردى.

ئوسمان تېگىرقاش ئىچىدە ناسىرنىڭ تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇق قوللىرىنى ياقىسىدىن ئاجرىتىشقا ئالدىرىسا، ناسىر كۈتۈلمىگەندە ئۇچراپ قالغان پاقلاننى ئىلكىدىن چىقىرىپ قويۇشقا كۆزى قىيمىغان بۆرىدەك ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم بوغۇشقا تىرىشاتتى. ئەتراپتىكىلەر ناسىرنىڭ بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىۋاتقانلىقىغا، ئوسماننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشقا ھازىرلانغانلىقىغا قاراپ، گاڭگىراپ قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى تونۇپ يەتتى بولغاي، ئارىغا چۈشۈشتى. ئۇلار ناسىرنىڭ قولىنى ئاجرىتىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ بىر ئېغىزدىن سوراشقا باشلىدى:

— ئېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ نەشىنى ئېمانچە كۆپ چەكتىڭ؟

ئوسمان قولىنى ناسىرغا شىلتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھوي، توخۇ پوقى بەگگى! ماڭا ئېمىدەپ سالىمدەك چاپلىشىسەن؟ مەندە ئېمەڭ

بار ئىدى؟ كۆپچىلىك، قاراڭلار ماۋۇ ئۇسال سوكاننىڭ قىلغان ئىشىنى! مۇشۇ تۇرقۇم بېقىنىدىن تۆكۈلۈك ئېچىۋەتسەم ئازلىق قىلىدۇ.

— ئاچچىقىڭغا هاي بەرگىن، ئوسمانجان... هەي خۇدايىم بەگگى دېگەننى شۇنداقمۇ خۇيى سەت يارىتىدىكەن، — توختاش بوۋاي سۆزىنى توختىتىپ ئوسماننىڭ قولىدىن تارتتى. ناسىر خىرقىراپ نەپەس ئېلىپ ئولتۇراتتى. قاسىم دېھقان بىر نەرسىنى قىياس قىلدى بولغاي، سورىدى:

— ناسىر، نېمە بولدۇڭ؟ سۆزلۈك بولسا ئۇرۇشماي چىرايلىقچە دېمەمسەن!؟

ناسىر تەلپىكىنىڭ قاسقىنىغا قىستۇرۇپ قويغان قالدۇق تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئارقا-ئارقىدىن شوراپ بولۇپ تاشلىدى-دە، تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سۆزلەپ كەتتى:

— ھەممىڭلار مېنى بەگگى دەپ كۆزۈڭلارغا ئىلمايسىلەر، مەن پۇتۇمنى چىشلەپ ناكا قىلغان ئىتقىمۇ بىر تال چالما ئاتقان بەندە ئەمەسمەن، ماۋۇ مۇتەھەم تۇۋرۇك قىلمەن دەپ تازا سۇلۇق ئىككى تۈپ تېرەكنى كېسىپ كېتىپتۇ. نەدە تۇۋرۇك ئېتىدۇ، ئەگەرى جىگدە بىلەن تۇۋرۇك ئېتىپ تېرەكنى ئۆز ئۆيىگە ئەكەتىپتۇ.

قاسىم دېھقان ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى:

— ئۇكام، سېنىڭ بەش-ئالتە تۈپ ئۆرۈكتىن باشقا تېرىكىڭ بولمىسا، ئوسمان قايسى تېرەكنى كەسسۇن؟

— توختىنىڭ تېرىكىنى!

ئوسمان غەزەپ بىلەن دېدى:

— سېنىڭ نېمە كارىڭ، بەگگى! شۇجى كەس دېگەچكە كەستىم. سېنى بىر كىم ساقچى سايلاپ قويدىمۇ؟

— توۋا، نېمىشقا ئۇرۇشىدىغاندۇ دەپتىمەن. ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىلسەڭ بولمامدۇ، تەشكىل ئۆزى بىر نېمىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغاندۇ ھەقاچان.

— نېمىشقا كارىم بولمايدۇ؟ توختى بىلەن ئاغىنە تۇرسام. ئۇنىڭغا ھەممىڭلار ئۆچ، شۇڭىمۇ ئۇ مەھەللىنى تاشلاپ كەتتى، ئۆلۈپ قالسا خۇش بولارسىلەر.

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى، ئوسمان ناسىرغا ئالىيىپ:

— گېپىڭ بولسا، ئەنە ئابدۇغېنىكام كەلدى، شۇنىڭغا دېگىن، — دېدى كۆل بويىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئابدۇغېنىغا قاراپ. ئاڭغىچە ئابدۇغېنى يېتىپ كېلىپ ماجرانىڭ سەۋەبىنى چالا-بۇلا ئاڭلاپ ناسىرغا گۈلەيدى-دە:

— قايسى ھالىڭغا بۇنچە كاداڭلىق قىلىسەن؟ سېنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىششقا نېمە ھەددىڭ. ماڭ بېرىپ كۆمىچىڭنى كۆم! — دېدى. ناسىر بەئەينى گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغان مۈشۈكتەك بوينىنى سوزۇپ «خەپ، خەپ» دېيەلىدى.

— ئوسماننىڭ قىلغان ئىشىمۇ ئۇسال ئىشكەن، ئابدۇغېناخۇن. توختىنى ھەممىدىن

قۇرۇق قويمايلى، ئىنساب بىلەنرەك ئىش قىلايلى، ھۆكۈمەت بار، سىياسەت ئېنىق، ئۇ بىچارىمۇ قايتىپ كېلەر، — دېدى قاسىم دېھقان ئابدۇغېنىغا.

— مۇنداق ئىش قاسىم ئاكا، ئوسماننىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىگە كەنت تېخى پۇل بەرمىدى. شۇجى ئەزالاردىن جەرىمانە يىغىلغاندا بىر ئاز پۇل بېرەيلى دېگەن، توختىنىڭكى جەرىمانە پۇلنى ئالايلى دېسەك ئۇ يوق، شۇڭا...

ناسىر ئابدۇغېنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ توۋلىدى:

— مەن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمەن!

— تېزرەك بارغىن، ھۆكۈمەت سەندەك جېدەلخورلارنى تاپالماي قالدى. ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، ئەمدى بۇرۇنقىدەك كۆكەملىك قىلالمايسەن، ماڭ بارغىن، ئالتە دەرۋازا ئوچۇق، — ئابدۇغېنى كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى.

ناسىر «خەپ» دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئابدۇغېنى ئوسمان بىلەن كۆل بويىدىن يىراقلاشتى. ئارىدىكى ماجىرانىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ئاڭقىرالماي تۇرغان تۇراخۇن ئەجەبلىنىپ دېدى:

— توۋا، ماۋۇ بەڭگى توختىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، توختى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. «مۇشۇكۇك يوقاپ كەتسىمۇ يوقلىنىدۇ» دېگەندەك، مەھەللىدە ئىزى ئۆچۈپ زەپمۇ يوقلاندى سەپرا.

— ھەر نېمە قىلغانبىلەن، بىزمۇ ئاشۇ بەڭگىچىلىك بولالمىدۇق. ئادەم دېگەن بىر-بىرىگە كۆيۈنمىسە نېمە بولغىنى. توختىنى يەردىن قۇرۇق قويغاننى ئاز دەپ، ئەمدى تېرەكلىرىدىنمۇ قۇرۇق قويساق قاملاشمامدۇ؟

— توختىنى قوشئېرىقتىكى مەسچىتتە تام ئېتىپ يۈرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، راستمىدۇ بۇ گەپ؟

توختاش بوۋاينىڭ سوئالىغا يەنە قاسىم دېھقان جاۋاب بەردى:

— بۇ گەپمۇ راست بولۇشى مۇمكىن توختاشكا. جان باقماق ئوڭاي ئەمەس.

ئۇلار بىر پەس تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تارقىلىشتى. قاسىم دېھقان كېتىۋېتىپ توختىنىڭ غېرىبانە ئۆيىگە ئارىلاپ قاراپ قوياتتى.

* * *

توختىنىڭ قوشئېرىق مەھەللىدىكى مەسچىتتە تام سېلىپ يۈرگەنلىكى راست. ئەمما، سادىق كاۋاپچىغا شاگىرت بولۇپ تىجارەت قىلىۋاتقىنىمۇ يالغان ئەمەس ئىدى. ئۇ سادىق كاۋاپچىغا ئەگىشىپ قوشئېرىق يېزىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. شۇ يەردىكى مەسچىتنىڭ تېمى يېقىندىن ئېتىلىۋاتاتتى، ئۇ سادىق كاۋاپچىدىن مەسچىت تېمىنى ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سورىدى. سادىق كاۋاپچى

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى قاتناش بېكىتىدە ئۆيگە ئەكىرىشىپ بەرگەن، ياۋاش، مۇلايىملىقىدىن باشقا ۋۇجۇدىدىن كۈچ تېمىپ تۇرغان توختىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. كېيىن ئۇ بۇ مەسچىتكە خۇدا يولىدا 15 پارچە بورا ئېلىپ كەلگەندە، توختىنىڭ مەسچىت ئىمىنى شۇنداق چىرايلىق ئېتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان بەش ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى پارچە-پۇرات نەرسىلەر قويۇلىدىغان ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇۋاتقان توختىغا ھويلىدىكى چاقىقانغىنا مېھمانخانىسىنى جابدۇپ بەردى. ئىككىلىنىپ تۇرغان توختىنى قولىدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان قارىغاندىن باشقا توختىنىڭ زاتىنى سۈرۈشتۈرۈپ «تۇغقانىكەنمىز، مېنىڭمۇ ئانا جەمەتىم پاسارلاردىن» دەپ ئىزاھلاپ قويدى. توختى سادىق كاۋاپچىنىڭ ئائىلىسىدە كۆنۈپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، سادىق كاۋاپچى بىلەن مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئايال خوجايىن گۈلنارخانغا سۇ، ئوتۇن تەق قىلىپ بېرىپ، ماللارنى هارۋىغا باسىدۇ. كېيىن ناشتا قىلىپ دۇكانغا بارىدۇ-دە، كەچ كىرگۈچە ئۆي بىلەن دۇكان ئارىلىقىدا قاتناپ پارچە-پۇرات ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ تىنىم تاپماي ئىشلىگەنلىكىنىڭ پايدىسىنى خېلى كۆردى. گۈلنارخانىنىڭ تىكىپ بەرگەن بىر قۇر كىيىمى كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەن بەستىگە بەكمۇ يارىشىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھۆسن قوشتى. سادىق كاۋاپچىنىڭ ئەتەيگە گىلەم ئاستىغا پۇل تاشلاپ قويۇپ كۆزەتكەن سىنىقىدىن ئۆتۈپ، تۆت-بەش كۈندە ئۇ بېرىدىغان بەش-ئالتە يۈەن خىراجەتكىمۇ ئىگە بولدى. قارىغاندا، خۇدا ئۇنىڭ بېشىنى ئەمدى سىلايدىغاندەك ئىدى.

كەچ. توختى ئۆز ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ، گۈلنارخانىنىڭ تەلپى بويىچە ھويلىغا چىرايلىق بىر ئوچاقمۇ سېلىۋەتكەنىدى. گۈلنارخان بولسا توختىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرگەچ: «توختاخۇن، قوللىرى گۈل ئىكەن، ئوچاق ياساشنى قاچان ئۆگەنگەنىدىلە؟» دەپ ئۇنى ھەدەپ ماختىماقتا ئىدى. توختى بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆز ئىززىتىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كامالىغا يەتكۈزگەن بۇ سىپايە ئايال ئالدىدا قورۇنۇپ تۇراتتى.

دۇكاندىن خۇشال ھالدا قايتقان سادىق كاۋاپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىگە بۇنىڭدىن بەش كۈن ئىلگىرى توختىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئورۇق ئادەمنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— سېنى ئىككىنچى بۇ يەرگە كەلگۈچى بولما، دەپ جېكىلىگەنىدىمغۇ! — دېدى ئۇ ئاۋاقىقا گۈلىيىپ.

بۇ ئاۋاق ناسىر ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ سادىق كاۋاپچىنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن سالام بەردى. سادىق كاۋاپچىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— نېمىدەپ كەلدىڭ؟ گەپ ئۆتمەيدىغان قېلىن بىر نېمىكەنغۇ بۇ!

ناسىر بويىننى غازدەك سوزۇپ هويلىغا قارىدى. كېيىن:

— ئىسمايىل بەگدىن بەك باي بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇنچە چوڭلۇق قىلمىسلا! هەر ئىككىلىمىز خۇدانىڭ بەندىسى. ئۆلگەندە سەككىز مېتىر خەسە بىلەنلا كېتىمىز. توختىنى چاقىرىپ بەرسىلە، گېپىم بار، دەپ بولۇپ كېتىمەن، — دېدى-دە، ئىشىك ئالدىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

سادىق كاۋاپچىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ناسىرنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاسان كەتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ زەردە بىلەن سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ناسىرباي.

— كۆر تېخى، بايمىش!

سادىق كاۋاپچى مەسخىرىلىك هىجايدى.

— يەنە توختاخۇننى يېزىغا چىللاپ كەلدىڭمۇ؟ تېز كەت، بولمىسا...

— سىلى ئۆتكەندە ماڭا بىكارغا ئازار بەردىلە، مەن توختىنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرغىنىغا خوش. ئاغىنە بولغاندىكىن كۆرۈشكىلى كەلمەمدىم؟

شۇ ئەسنادا، توختى ئۆيدىن چىقىپ قالدى. ناسىرنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىققا قاراپ ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— باشقا ئىش ئەمەس، مۇنداق ئىش، ئاداش. مۇئەللىم يەنە يېتىپ قالدى، كېسىلى خېلى ئېغىر. يەنە بىر ئىش، سەن بۇ يەردە تۇرار بولساڭ، ئۆيۈڭنىڭ زېمىنىغا پۇل تۆلەپ بەرمىسەڭ، قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىدىكەنسەن. يەنە تېرەكلىرىڭنى كېسىپ، ئۆيۈڭگە جايلاپ قويۇپ كەلگىن. ئىككى تۈپ تېرىكىڭنى ئوسمان تۇۋۇرۇك قىلىمەن دەپ كېسىپتۇ. شۇڭىغا ئەهۋالنى دېسەم «قەرزگە هېسابلاپ كەستۇق» دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدى.

— نېمە قەرزكەن ئۇ؟ — توختى ئالدىراپ سورىدى.

— نېمە قەرز بولاتتى، يەر تېرىماي شەهەرگە كىرىۋالغانلار ئۆيلۈك يېرى ئۈچۈن پۇل تۆلەيدىكەن ياكى ئۆيىنى چىقۇۋېتىدىكەن، شۇ. مەن كېتەي.

ناسىر شۇنداق دېدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

— توختا، — توختى يانچۇقىدىن ئۈچ يۈەن ئېلىپ ناسىرغا سۇنۇپ دېدى، — مۇئەللىمگە بىر نەرسە ئالغاچ بار. مەن دۈشەنبە كۈنى باراي.

سادىق كاۋاپچى ناسىرنىڭ كەتكەنلىكىگە خۇش بولۇپ توختىنى ئەگەشتۈرۈپ هويلىغا كىرگەندە، سەۋزە توغراپ ئولتۇرغان گۈلنارخاننىڭ يۇمىلاق، ئاق سۈزۈك چىرايىدا بىر خىل رازىمەنلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

تاماق پىشىپ داستىخان تارتىلدى. توختى تولىمۇ ئۇخشىغان پولۇنى ئىشتىها بىلەن

يەپ ئۆلتۈرۈپ، خۇددى تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا سوراپ قالدى:

— ئۇستام، سىزنىڭ بىرمۇ بالىڭىز يوقكەنغۇ!

توختىنىڭ بۇ بالىلارچە سورىغان سوئالىدىن سادىق كاۋاپچى ئىغىزىغا ئاپارغان ئاشنى ياندۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— تۆت بالام بار، ئەمما، سىز بالىلارنى كۆرمىدىڭىز. ئۇلار ئانىسىنىڭ يېنىدا.

توختى گاڭگىراپ قالدى. يەنە سورىماقچىدى، ئەمما كۈلۈپ ئولتۇرغان گۈلنارخاننىڭ بىردىنلا جىمىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قايتا ئىغىز ئاچمىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن سادىق كاۋاپچى بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكام، نەچچە تۈپ تېرىكىڭ بار ئىدى؟

— كارغا كەلگۈدەك بولغانلىرىدىن يىگىرمە سەككىز تۈپ بار. قالغانلىرى تېخى كىچىك.

— ئۆيۈڭنىڭ ياغاچلىرى قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، بىرى ۋاسادەم، ئىككىسى ۋاساتاق.

— ئەگەر سېتىۋەتسەڭ، تۇغقانلىرىڭ قوشۇلامدۇ؟

— ئۇلارنىڭ مەن بىلەن كارى يوق.

— قارا ئۇكام، مەن ئويلاپ قالدىم. سېنى يېزىدىكىلەر بەكمۇ بوزەك قىلىپتۇ. هازىرقى جاهاننى كۆرۈۋاتسەن، پۇل بولسىلا خەققە بوزەك بولمايسەن، مەن خۇدا يولىدا سېنى ئوقەتنىڭ يولىغا سېلىپ قوياي. ئۆيۈڭنى، دەل-دەرەخلىرىڭنى سېتىۋېتەيلى. خالساڭ ماڭا بەرگىن، ئىككىمىز دەسمايىنى قوشۇۋېتەيلى، پايدىنى تەڭ بۆلۈشىمىز، سەن ئاتۇشتىن مال ئەكەلگىلى تۇرساڭ، مەن ساتقىلى تۇرسام، قاراپ تۇر، ئىككى يىلغا قالماي، ئاشۇ يېزىدىكىلەرگە ئۆزۈڭنى تازا كۆرسىتىپ قويسەن، قانداق دېدىم ئۇكام؟

— ئۆينى ساتمىسام بولامدىكىن ئۇستام. ئاتا-ئانامنىڭ روهى قورۇنۇپ قالارمىكىن.

— هى... هى... ئۇكام، پۇل تېپىپ ئاتا-ئاناڭنىڭ روهىغا نەزىر-چىراغ قىلساڭ بولمامدۇ؟ پۇل تاپماي «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ ئولتۇرغانلار قىيامەت كۈنى قارا يۈز بولۇپ قوپىدۇ. بىر هەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ دۇنيادا تاپقان مال-دۇنيا قىيامەت كۈنى تۈلپار بولۇپ سېنى پىلسىراتتىن ئۆتكۈزىدۇ»، بۇ هەدىسنى كۆپ ئاخۇنلار بىلمەيدۇ.

— توختاخۇن كىچىك بالا بولمىغاندىكىن ئۆزى بىلسۇن، ئاتا-ئانىسىدىن قالغان ئۆينى بۇزۇشقا چىدىماس بەلكىم، — قاچا يۇيۇپ ئولتۇرغان گۈلنارخان گەپ قىستۇردى.

— سىلە نېمىنى بىلسىلە! ئايال خەق دېگەن ئەر خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، ئاڭلىمىدىڭلىمۇ، كەنتتىكىلەر توختاخۇننى ئاق توپىدا قويغىلى قويۇپتۇ. مەن خۇدا يولىدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاۋاتىمەن، مېنىڭ مال-دۇنيالىرىم يېتىپ ئاشىدۇ.

گۈلنارخان جىمپلا قالدى. توختى خوجايىنىغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي قايتىپ چىقىپ، تىنچ ئۆيدە بىر ھازا خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ قالغاندا، سادىق كاۋاپچىنىڭ يېنىدا تۇغۇلۇپ ياتقان گۈلنارخان كېچىنىڭ تۈن نىسپى بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ خىيال سۈرەتتى. گۈلنارخان باشتا توختىنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرىقى بىر قاتار ئىشلىرىنى ئويلىدى. بۇنىڭدىن توختىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ بارغانسېرى ئېشۋاتقانلىقىنى سەزدى. كېيىن توختىنىڭ بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى سادىق كاۋاپچىدىن سورىغان سوئالىنى ئېسىگە ئېلىپ بىر ھازا ئازابلاندى. ئۇ قانداقمۇ ئازابلانمىسۇن؟ گەرچە توختىنىڭ ئەقلى بۇ باياشاد ئائىلىدە ئەر-خوتۇن ئىككىسىدىن باشقا بىرمۇ كىچىك بالىنىڭ يوقلۇقىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ كېيىن چۈشىنىپ قالدۇ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ مال-دۇنيا ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىدىن 25 ياش چوڭ بولغان سادىق كاۋاپچىغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى. يۈرىكىدە يىغلاپ كېلىپ، بۇ يەردىكى تىقىلىپ تۇرغان سەرەمجانلاردا قول ئىزى قالغان ياۋاش ئايالنى تۆت بالا بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ ئائىلىگە خوجايىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدۇ. گۈلنارخان يېنىك تىن ئېلىپ يېتىپ خىيال سۈرەتتى. ئۇ ئاستا ئۆرۈلۈپ، بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتكەن سادىق كاۋاپچىغا قارىدى. قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ ئۆيىنى سېتىش ھەققىدە توختىغا دېگەن سۆزلىرى قايتا جاراڭلىدى. سادىق كاۋاپچى ئۆز ئىلكىدىكى بەختىنىڭ قوينىدا بەھۇزۇر ئۇخلايتتى. گۈلنارخان تۇرۇقسىز قاراپ يېتىپ، خىيالنى ئۈچ يىل ئىلگىرىكى ئىشلارغا يۆتكىدى.

ئۇ چاغلاردا گۈلنارخان ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىرمە ئىككى يېشىدىلا تۇغماس بولۇپ قالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن كۈلپەتلەرنى. ئاز دېگەندەك، بىر يىل ئۆتمەيلا يولدىشى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى تۇل خوتۇن قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ يولدىشىغا بولغان ئەقىدىسى، سۆيگۈسى يولدىشىنىڭ بالىغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشى ۋە تەقەززاسىنىڭ قۇربانى بولدى. ئۇ بۇ پالاكەتلەر ئارىسىدا گاڭگىراپ يۈرۈپ كۆپ ئۆتمەيلا تۆت بالىنىڭ ئاتىسى بولغان سادىق كاۋاپچىغا نېسىپ بولۇپ قالدى. گەرچە بۇ ئىش ئۇنىڭغا خۇددى ياغاچقا تاڭغاندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، سادىق كاۋاپچىنىڭ ئائىلىسىدىكى توقچىلىقى تەل تۇرمۇش ئۇنى كۆندۈردى. گۈلنارخان بۇ ئۆيگە كەلگەندە، سادىق كاۋاپچى ئاتا مىراس كەسپى — كاۋاپچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلاپ، خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن سودىگەر بولۇپ قالغانىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، گۈلنارخان تەقدىرگە تەن بەرگەن قەلبىنى شەھەردە مانا مەن دەيدىغان چوڭچى ئاياللارمۇ بىر مەزگىل پۇل يىغمىسا كىيەلمەيدىغان ئېسىل رەختلەردىن قوش-قوش كىيىم كىيىپ شادلاندۇرغان بولسا، سادىق كاۋاپچىنىڭ قېرىلىقىنى يوشۇرۇپ تۇرىدىغان پارقىراق چىرايىغا، كىرپىكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكىلى ئازلا قالغان قويۇق قاشلىرىغا ئۆزىنىڭ بوۋاقلارنىڭكىدەك ئوماق، غۇبارسىز چېھرىنى بەخت نۇرلىرى بىلەن بېزەپ، ياشلىقىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى ئۆچمىگەن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ قويىدىغان

بولدى. سادىق كاۋاپچىنىڭ بارا-بارا ئاشكارا بولۇۋاتقان ئۆزگىچە خۇيلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلالمىدى.

سادىق كاۋاپچىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۆتىلىشى گۈلنارخاننىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپ ياتماقچى بولۇۋىدى، ئەمما سادىق كاۋاپچىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىگە يۆگىشىپ قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئېرىدىن تۇنجى قېتىم يىرگىنىپ كەتتى.

* * *

توختى سادىق كاۋاپچى بىلەن موتىسىكلىتقا مىنىپ ئارائۆستەڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە كۈن غەربكە قىيسايغانىدى. توختى تاشلىنىپ قالغىنىغا سەككىز ئايدىن ئارتۇق بولغان ئۆيىگە كىرگەندە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۆي ئىچىنى چاشقانلار بولدى دېگۈچە ۋەيران قىلغانىدى. ئورۇس ساندۇق ئۈستىدىكى باش قوناقلارنى يەپ، مەدەكلىرىنى بولسا ھەر تەرەپكە چېچىۋەتكەنىدى. خېمىر پارچىلىرى قېتىپ قالغان كاسا ئىچىگە يەتكۈچە ماياقلاپ قويغانىدى، كىگىز بولسا تۆكۈلۈكتىن چۈشكەن توپا-چاڭلار ئارىسىدا ئۆز رەڭگىنى يوقاتقانىدى. توختى ئۆي ئىچىدىكى بۇ مەينەتچىلىكنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك ھەمراھىغا قارىدى. بۇ چاغدا سادىق كاۋاپچى يۈز-كۆزلىرىگە ئىلىشىپ قالغان ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈرتۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ، تورۇسقا قاراپ لىم ياغاچلارنى ساناۋاتاتتى. شۇ چاغدا تاشقىرىدا ناسىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشىك ئالدىدا ناسىر قولىدا بىر چۈشەنى ئېلىپ موتىسىكلىتقا ئولىشىۋالغان باللارغا تەنبىھ بېرىپ تۇراتتى:

— ھوي چۈشەنلار، بوشراق ئولىشىۋالساڭلارچۇ! كىمنىڭكەن دەمسەن؟ كىمنىڭ بولاتتى، توختى ئاكاڭنىڭ! بۇزۇپ قويۇشساڭ تۆلەپ بولالامسەن؟

ناسىر چوكىدەك ئورۇق قوللىرىنى سوزۇپ توختى بىلەن كۆرۈشتى. سادىق كاۋاپچى «نەگە بارسام شۇ يەردىن ئۇنۇپ چىقىدىغۇ ماۋۇ بويۇنتۇرۇق» دەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭغاندا، ئۇ ناسىرنىڭ كېتىۋېتىپ توختىغا نېمىلەرنىدۇر دېگەنلىكىنى كۆرۈپ «سىمبۇرۇت ئوغرى» دېگىنىچە ناسىرنى ئىچىدە تىللاپ قويدى.

دېگەندەك، ناسىر توختىنىڭ ئۆي ۋە تېرەكلىرىنى سادىق كاۋاپچىغا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، چىرايى تاتاردى:

— ئۆينى ساتما ئاداش، قاراپ تۇرۇپ پوق يېمە! مۇبادا شەھەردىن قايتىپ كەلگۈڭ بولمىسا، كەنتكە پۇل تۆلەپ بېرىپ ئۆيۈڭنى ساقلاپ قال.

ناسىرنىڭ سۆزىگە توختى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، مۇئەللىم كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— قاراڭ مۇئەللىم، توختى ئۆيىنى سېتىۋېتىپتۇ.

ئىبراھىم مۇئەللىم توختىغا نەزەر تاشلىدى. توختىنىڭ رەتلىك كىيىنگەنلىكىگە،

چىرايىنىڭ بىر ئاز ئاقارغانلىقىغا قاراپ سۆيۈندى. ئارىدا ناسىر ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ توختىنىڭ ئۆي ئىشى توغرۇلۇق سۆز ئاچماي ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ:

— بىر نېمە دېمەمسىز مۇئەللىم. ئۆي دېگەن ھامان لازىم، ماۋۇ دۆۋەڭ ئاداش پۇلنى دەپ ئۆيىنى ۋەيران قىلمىسۇن! پۇل دېگەن تۈگەيدۇ، — دېدى.

توختى پەس ئاۋازدا دېدى:

— پۇلنى خەجلەپ تۈگەتمەيمەن، ئۇستام بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلمەن.

ئىبراھىم مۇئەللىم بېشىنى چايقاپ دېدى:

— تىجارەت قىلىشمۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس توختى. مەن سەندىن سوراپ باقاي، راست گەپ قىل. مەھەللىگە قايتىپ كېلەمسەن ياكى كەلمەمسەن؟

— كەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟ مەھەللىدىكىلەرگە يامانلاپ شۇنداق قىلامسەن؟

توختى ئېغىز يېرىپ بىر نېمە دېمىدى.

— ساقىسىز بولۇپ قالمىغان بولسام، ھېلىغىچە يەر مەسىلىگىنى سۆزلىشەتتىم. ھېلىمۇ بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرغىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆيىنى ساتما.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭىزلا مۇئەللىم. ئۆيىنى ساتقان ئەخمەقنىڭ ئىشى!

مۇئەللىم توختىغا بىر ھازا نەسىھەت قىلدى. توختى بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مۇئەللىم، خېلىلا جۇدەپ كېتىپسىز، دوختۇرخانىغا بېرىڭ، — دېدى.

— بېرىپ باقتىم. بۇ كېسەل ماڭا چاپلاشقىلى خېلى يىللار بولغان. ئەمدى دورا كېلىشمەيدىغان بولدى. سەن ماڭا نەسىھەت قىلماي، گېپىمگە قۇلاق سال. ئۆيۈڭنى ساتماي ياغاچلىرىڭنى سات.

توختى يەنە ئۈندىمىدى.

سادىق كاۋاپچى توختىنىڭ روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ناسىرنى ئىچىدە بىر ھازا تىللاپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ سادىق كاۋاپچى توختىنىڭ قولىغا ئىككى مىڭ يۈەننى تۇتقۇزۇپ:

— ئۆيىنى ئەتىلا ئېچىپ ياغاچلارنى يۆتكەپ كېلەيلى، — دېگەن ئاخشىمى توختى جىم ئولتۇردى. گۈلنارخان بولسا سەۋەبىنى ئۆزىمۇ دەرھال چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە توختىغا يەر تېگىدىن قاراپ ئولتۇراتتى. سادىق كاۋاپچى توختىنىڭ نىيىتىنى چۈشەندى، شۇڭا:

— پۇل ئاز بولۇپ قالغان بولسا تىجارەت ئۈستىدە يۇرۇشتۇرەرمىز، ئۇكام، ئۆيىڭىزنى ۋاقتىدا ئېچىپ يەرنى بىكار قىلىپ بەرمىسەك، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغۇدەكسىز، — دېدى.

توختى پۇلنى قولىغا ئېلىپ يەنە سادىق كاۋاپچىغا سۇندى ۋە:

— بوپتۇ، ئۇستام، سىزدىن كەتسە ماڭا، مەندىن كەتسە سىزگە. پۇل سىزدە

مەزگىلىدە پەيدا بولغان ناسىرمۇ خېلى كارغا كەلدى. ئۇ بىرنەچچە قاتار تاڭغا ئارتىلغان ماللارنى مۇھاپىزەت قىلدى. دېمىسىمۇ، باشقا سودىگەرلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا خېرىدارلار كۆپ توپلانغانىدى. گۈلنارخان چاققانلىق بىلەن خېرىدارلاردىن پۇل ئېلىپ ئۈلگۈرسە، توختى بۇرۇنقىدەك مېتىرنى قولىدا تىترىتىپ ئەمەس، پىشقان سودىگەردەك ئويىنىتىپ تۇتاتتى. بىر چاغدا گۈلنارخان توختىنىڭ قولىنىڭ تىترەپ چىرايىنىڭ ئۆڭۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— نېمە بولدىلا توختاخۇن، بىر يەرلىرى ئاغرىمىدۇ؟

— ياق، ھېچنېمە.

گۈلنارخان يەنە سورىماقچىدى، ئەمما ھېلىلا بىر كىيىملىك ئاق شىپۇڭ دۇخاۋا ئېلىپ قايتۇرۇلغان ئۈچ يۈەن پۇلنى ئالماي كېتىپ قالغان ئايالنى چاقىرىش بىلەن بولۇپ كېتىپ سورىيالماي قويدى. كەچ كىرىپ دۇكان يىغىلغاندا، ماللارنى هارۋىغا بېسىۋاتقان ناسىر توختىدىن سوراپ قالدى:

— سەن كۆرمىدىڭ ئاداش، تۇرسۇن كۇرۇك، ئابدۇغېنى سېرىقلار باياتىن كەلگەنىكەن، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ تازا گەپ قىلىپ قويدۇم. تېخى مېنى كۆزگە ئىلىشماي، توختىنىغا سېتىلدىڭمۇ دەيدۇ. چوڭ گەپ قىلماڭلار، سىلەرمۇ ئىككى يىلدىن كېيىن سېتىلىسىلەر، دېدىم. راست، يەنە زۇلەيخانمۇ كەلگەنىدى. ساڭا قاراپ ئىچى كۆيۈپ كەتتي. پۇشايمانىنى بوش قىلمىدى ئەتىمالىم.

رەختلەرنى قاتلاپ يىغىشتۇرۇۋاتقان گۈلنارخان «زۇلەيخان» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. توختى گۈلنارخان بىلەن ئۆيگە قايتىش ئالدىدا ناسىرغا بەش يۈەن سۇنۇپ دېدى:

— ئال ئاداش، خەجلە. گۆش ئېلىپ يە، تۇگۈنچەك ئالما يەنە.

ناسىر تارتىنىپ تۇرۇپ پۇلنى ئالدى-دە، كېتىپ قالدى.

گۈلنارخان يۇكۈنۇپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان توختىنىغا پات-پات قاراپ قويۇپ ئاماق ئېتىۋاتاتتى. ئۇ ناسىرنىڭ بايىقى سۆزى بىلەن توختىنىڭ بۇ ھالىنى بىرلەشتۈرۈپ، توختىنىڭ دۇكاندىكى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشىگە ھەممە ئۆيدىكى بۇنداق تىنچ ئولتۇرۇۋېلىشىغا ناسىر ئېيتقان زۇلەيخان دېگەن ئايالنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، يۈرىكىنىڭ ئۇشتۇمتۇت سىقىلغانلىقىنى سەزدى-دە، سورىدى:

— توختاخۇن، مەندىن يوشۇرىدىغان گەپلىرى يوقتۇ، زۇلەيخان دېگەن كىم؟ ئۇ بۇرۇن ئالغان خوتۇنلىرىمۇيا؟

توختى ھىجايغىنىچە بىردەم زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى.

توختى زۇلەيخان بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بولۇپ، بايا دۇكاندا ئۆزىدىن ئاق رەڭلىك شىپۇڭ دۇخاۋا سېتىۋېلىپ، ئۈچ يۈەن پۇلنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئايالنىڭ

زۇلەيخان ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. گۈلنارخان ئۇچاقتىكى ئۇتقا تىكىلگىنىچە توختىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە، چاچلىرى تېقىمىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، قويۇق قاشلىرى، ئۆسكىلەك كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرىدىن يېقىملىق نۇر يېغىپ تۇرىدىغان زۇلەيخانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدە، ئۆزىنى تونۇر ئىچىگە كىرىپ قالغانىدەك ئازابلىق ھېس قىلدى.

تۈن كېچە. توختى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى زۇلەيخانىنىڭ شۇنچە كۆپ سودىگەرلەر ئىچىدىن ئۆزىنى تېپىپ، ئاق ياغلىق بولمىسىمۇ ئاق رەڭلىك رەخت سېتىۋېلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن شادلىقىغا تەنتەنە قىلىپ گۈپۈلدەيتتى. بەلكىم زۇلەيخان پۇشايمان قىلغاندۇ! ئەپسۇس، توختىغا شادلىق ئاتا قىلغان بۇ كېچە، ئۇنىڭدەك ئۇخلىيالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان گۈلنارخانغا يەتكۈچە ئازاب سوۋغا قىلغانىدى. ئۇ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگەن ئاجايىپ كۈچلۈك ھېسسىيات ئىسكەنجىسىدە، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەشەددىي خىيانەتكار ھېس قىلاتتىيۇ، يەنە ئارقىدىنلا بۇ خىل ھېسسىياتنى قەلبىدىن قوغلاپ ئاچچىق تولغىناتتى.

* * *

كۆكلەم پەسلى — تەبىئەتنىڭ بۇ سېخىي كۈنلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كىشىلەر ئۇچۇن تېخىمۇ سۆيۈملۈك. گۈلنارخان ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تەكچە ئۈستىگە قاتار تىزىلغان تەشتەكلەردىكى ئەمدىلا ياپراق چىقارغان گۈللەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ سادىق كاۋاپچىنىڭ ئۆيىدىن تۆتىنچى قېتىم يامانلاپ كېلىشى ئىدى. بۇ تۆت قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئىككىسى ئۇ سادىق كاۋاپچىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىنكى بەش ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن بولسا، كېيىنكى ئىككىسى توختى بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنكى بىر يىلدا بولدى. ئۇ ئازاب ئىچىدە ئۇخلىيالمىغان ئاشۇ كېچىدىن كېيىن تولىمۇ غەمكىن بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ سادىق كاۋاپچى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپلا توختىنى «ماللارنى ئەرزان سېتىۋېتىپسەن» دېگەن باھانە بىلەن ھارغۇچە تىللىغاندىن كېيىن توختىنىڭ تېگىشلىك پۇلىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈۋالغاندا، ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشۈپ كەتكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ يولدىشىنىڭ پۇلى كۆپەيگەنسېرى بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا ئاياللار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. گۈلنارخان تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غۇنچىدەك بويىنى، ساپ كۆڭلىنى ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان سادىق كاۋاپچىنىڭ ھۇزۇرىغا تاپشۇرۇپ، قىممەتلىك ياشلىق ھاياتىدا چوڭ قۇربان بەرگەن بولسىمۇ، بىراق سادىق كاۋاپچىنىڭ قولىدىكى ئاشۇ پۇل ئۇنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىپ كېلىۋاتقان كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى.

گۈلنارخان يۇمران گۈل ياپرىقىدىكى چاڭنى ئاۋايلاپ پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىۋىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھويلىغا توختى كىرىپ

كەلدى. ئۇ ھەيران بولغانلىقتىن، كۆرۈشمىگىلى ئون كۈندىن ئارتۇق بولغان توختىدىن ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇدى. توختى كەسكىن كۆرۈنەتتى.

— مەن سىلىنى قايتۇرۇپ كەتكىلى كەلدىم، خاپا بولمىسىلا، ئۇستام ئەسلى ئۆزى كېلەي دېگەنىدى، مىجەزى يوق، — دېدى.

گۈلنارخان توختىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، گۈلنارخاننىڭ ئاتا - ئانىسى تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. گۈلنارخان ئانىسىنىڭ توختى بىلەن كېتىش توغرىسىدا قىلغان نەسىھەتلىرىگە بىزار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا قايتىپ كېتىشنى لايىق كۆردى. «تۆت يىلدىن بېرى يىغقان - تەرگىنىمنى ئۇ ھازازۇلغا قالدۇرۇپ كەلگۈچە، ئوت قويۇپ كۆل قىلىۋەتسەممۇ بولىدىغۇ!» گۈلنارخان شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ توختى مىنىپ كەلگەن موتسىكلىتنىڭ كەينىگە ئولتۇردى. ئۇ يول بويى توختىغا دەرد تۆككەندىن باشقا نۇرغۇن ئەقىللەرنى ئۆگەتتى. ياۋاشلىق قىلىپ سادىق كاۋاپچىغا بوزەك بولماسلىقنى تاپىلىدى: توختى نېمە دېيىشنى بىلمەي كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «گۈلنارخان مېنى سىناۋاتىدۇ، ئۆز ئېرىنى ئەسكى دەيدىغان خوتۇن نەدە بار؟» دەپ ئويلايتتى. گۈلنارخان توختىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— سىلىنى دېمىسەم كەلمەيتتىم. ھېلىمۇ ئۆزۈن تۇرمايمەن. ئۆتكەنكى ھېسابات تاراپ تۇرۇپ سىلىنى زىيانغا ئۇردى. بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىم. نېمىشقىكىن سىلىگە كۆڭلۈم بەك يېقىن تۇرىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىرنەچچە قېتىم چۈشۈمگە كىردىلە. بىراق، سىلى ماڭا ئىشەنمىدىلە، — دېدى.

بۇ قانداق سۆزلەر؟ توختى چۈشەنمەيتتى، گاڭگىرايتتى. توختى سادىق كاۋاپچىنىڭ بازار سىرتىدىكى ئۇستەڭ بويىغا سېلىنغان ئۆيىنىڭ تېمىنى سېلىشتا ھەقىقەتەن زور كۈچىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇستىسىنىڭ رەنجىگەن كۆڭلىنى ئېچىشنى ئويلىسا، بىر تەرەپتىن توختاپ قالغىنىغا تۆت ئايدىن ئارتۇق بولغان تىجارەتنى تېزرەك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيىتسىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇشقا ئالدىرايتتى. دېمىسىمۇ، سادىق كاۋاپچى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن موتسىكلىتقا مىنىپ ئۇ يېزىدىن بۇ يېزىغا قاتناشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى. توختىغا بولسا: «ھازىر مالنىڭ بازىرى كاسات، بىر مەزگىل مال ئەكەلمەيلى» دەپ قويىدى. توختى بازىرى كاساتلاشقان بىر قىسىم كونا ماللارنى .بىرنەچچە قېتىم بازارغا سېلىپ تۈزۈك سودا قىلالماي ھاردى. توختى بۈگۈن ئېتىلگەن تام تۈۋىگە قاش ياساپ بولۇپ، نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سادىق كاۋاپچى ئۆيدە يوق بولۇپ، گۈلنارخان ئۆگەي قىزىغا كۆڭلەك تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ توختىنىڭ ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلگىنىدە، توختى ئۆرۈلۈپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. گۈلنارخان توختىنى تاماق يەۋېلىشقا توختىتىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغىچە چىققان بولسىمۇ، توختىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى.

توختى بازارنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا بىر ھازا ئايلىنىپ يۈردى. بىر چاغدا ئۇ تار

كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغان هويلىدا سادىق كاۋاپچىنىڭ موتىسىكلىتىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ ئۆينى ئوبدان بىلىدۇ، بۇ ئۆي تولۇمدەك سېمىز، گازىرچى تول ئايالنىڭ ئۆيى. توختى قانداقتۇر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-دە، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئىككىلىنىپ قوروغا كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، گازىرچى ئايال كارىۋاتتا يېنىچە يېتىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. توختى ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرغاندا، ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئەر-ئايالنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا گازىرچى ئايال ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ سادىق كاۋاپچى بىلەن بىرگە يېنىپ چىقتى. سادىق كاۋاپچى سوغۇق ھىجايغىنىچە:

— توپا دۆۋىلىنىپ بولدىمۇ؟ — دېدى.

توختى زىۋۋان سۇرمەي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن:

— ئۇستام، ئۆتكەندە بۇ يەرگە كەلمەيمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ! — دېدى. توختى يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچىدى، ئەمما، سادىق كاۋاپچىنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ زىۋۋان سۇرمىدى. شۇ ئەسنادا سادىق كاۋاپچى:

— مېنىڭ ئىزىمنى ئىزلاپ يۈرمەي، كىنوغا كىرسەڭ كىرىپ ئۆيگە كەتكىن، مەن ساڭا ئەتە بىر خۇش خەۋەرنى دەپ بېرىمەن، مەن ھازىر قوماغ يېزىسىغا بارىمەن، ئىشىكنى ئوبدان تاقاپ يات، — دېدى.

توختى خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك پەرىشان ھالدا ئۆيدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ خىلۋەت كوچىدا يىگانە كېتىۋېتىپ تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتى.

توختى ئۆيگە كەلگەندە، گۈلنارخان ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. توختىنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇ داستىخان سېلىۋېتىپ دېدى:

— بەكمۇ جاپا تارتتىڭلا توختاخۇن، مېنىڭ گېپىمنى ئالمايلا، بۇ ئىنسابسىزنىڭ پۇلى كۆپ بولغاندىن كېيىن ئادەم سېلىپ قىلدۇرسۇن. ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى ئارامىمۇ ئالمىدىڭلا...

توختى گۈلنارخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك، بىر چىنە چاينى ئىچىپلا، يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا چىقىپ كەتتى. گۈلنارخان ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قالدى.

جىمى ھاياتلىق شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، توختى ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلىيالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇ خۇدانىڭ ئۆز قۇدرىتىگە باش قويىدىغان سادىق كاۋاپچىدەك بەندىسىنىمۇ ئاشۇنداق يامان خۇيلارغا سالغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا سادىق كاۋاپچىنىڭ نۇرانە چىرايى نامايان بولسا، قۇلاق تۈۋىدە گۈلنارخاننىڭ ئۆزىنى بىزار قىلىدىغان سۆزلىرى قايتا جاراڭلايتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن يوتقاننى بېشىغا پۈركىدى. ئەمما، ئىشىكنىڭ تولىمۇ يېنىك ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ

چۆچۈگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. قورققىنىدىن تىلىنى چايناپ:

— كىم... كىم بۇ؟ — دېگىنىچە چىراغنى ياندۇرۇش ئۈچۈن توكنىڭ يېپىنى ئىزلەشكە باشلىدى.

— بۇ مەن، توكنى ياندۇرمىسىلا، — بۇ گۈلنارخاننىڭ ئاۋازى ئىدى. توختى جىددىيلىك ئىچىدە تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئىسسىق بىر قول ئۇنىڭ بەزگەكتەك تىترەپ تۇرغان دولىسىغا تەگدى. گۈلنارخان ئاستا سىلاشتۇرۇپ كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇرغانىدى. توختى ھودۇققىنىچە ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويغان كۆڭلىكىنى ئىزدەۋاتقاندا، قولى ياستۇقنىڭ بۇرجىكىنى بېسىپ ئولتۇرغان گۈلنارخاننىڭ يۇمشاق ئىچ كۆڭلىكىگە تېگىپ كەتتى.

— نېمانداق بۇ كېچىدە چىقتىلا؟ مېنىڭ كۆڭلىكىم...



— ئاختۇرماي يېتىۋەرسىلە، قاراڭغۇ بولغاندىكىن، مېنى ساراڭ بوپتۇ دېسىلىمۇ مەيلى، چىقىپ كەت دېسىلىمۇ سىلىدىن رەنجىمەيمەن، سىلىگە بىر گەپنى دەپ قويغىلى كىردىم. سىلى ئەتە-ئۆگۈندىن قالماي ماۋۇ ئىنسابسىز بىلەن ھېسابلىشىپ پۇللىرىنى ئېلىۋالسىلا، تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلىدىم. سىلىنى «تامنىڭ سىرتقى قىسمى پۈتكەن ھامان ھەيدىۋېتىمەن، خېلى ئوبدانىدەك قىلاتتى، غەرەز ئوقمايدىغان جاھىلكەن» دەيدۇ. سىلى بىلمەيلا، ئۇ قارىماققا ئوبدان كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان نېمە، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدىلا، پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ.»

گۈلنارخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. توختى مىدىرلاشقىمۇ قۇدرىتى يوقتەك جەينىكىنى ياستۇققا تىرىگەن ھالدا قېتىپلا قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى كۆڭلەكسىز ھالدا تىكەنلىك چاتقال ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۇ كەچتە كۆرگەنلىرىنى گۈلنارخانغا ئېيتىشقا تەمشەلدىيۇ، كېيىن زۇۋان سۈرمىدى.

— چىقىپ كەتسىلە، گەپ بولسا ئەتە دېيىشەيلى، — توختىنىڭ ئاغزىدىن شۇ

سۆز شۇنچە تەستە چىقتى. چۈنكى، گۈلنارخان كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىپ جىسمىنى تىترەتكەن يېقىملىق پۇراق ئۇنىڭ ئارىسالدىلىق، خىجىللىق ئىلكىدە دۈپۈلدەپ تۇرغان يۈرىكىنى سىقىپ قويغانىدى.

— چىقىپ كەتمەيمەن، تىللىسىلىمۇ چىقىپ كەتمەيمەن... مەن... مەن بۇ نىجىستىن ئاجرىشىپ كېتىمەن.

دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنى بىر مەزگىل بولسىمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ، ئەمما كۆڭۈلنىڭ غايىۋى كۈچىنى، ئۇنىڭ مەنزىلگە بېرىش ئۈچۈن قىلغان ئازابلىرىنى يوشۇرۇش بەك مۇشكۈل. ھاياتلىق ئىنسانغا مۇنداق ئاجىزلىقنى نېمدەپ تېڭىپ قويغان بولغىيدى؟ گۈلنارخان ھەقىقەتەن توختىنى خېلىدىن بېرى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەر ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە بىر خىل غايىۋى كۈچ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى سادىق كاۋاپچىدىن قايتۇرۇپ توختىغا مەھكەم باغلاپ قويغانىدى. ئۇنىڭ سادىق كاۋاپچىغا بولغان كۈچلۈك نەپرىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە توختىغا ئىللىق سۆيگۈ مېھرىنى كۈچەيتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، بىرقېتىم تىكىلىپ قاراشتىلا مەغلۇپ بولىدىغان توختىغا ئۇ قانداقمۇ كۆڭلىنى ئىزھار قىلالىسۇن؟

توختى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە يوتقاننى ئېچىپ قويماقچى بولغانىدى، لېكىن گۈلنارخاننىڭ ئوتقاشتەك قىزىق، يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ دولىسىنى ئۇشتۇمتۇت سىلاپ ئۇنى توختىتىپ قويدى. شۇ ئەسنادا، توختى قاتتىق جىددىيلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى. تۇيۇقسىز گۈلنارخان خۇددى بىر نەرسىدىن قورققاندەك چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ توختىغا چاپلىشىپ ياتتى-دە، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان ھالدا بوغۇلۇپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن... مەن ياتمەن، مۇشۇ يەردە... مەن بۇزۇق ئەمەس، پاك، جېنىم توختاخۇن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ياش يۇقى مەڭزىنى توختىنىڭ مەڭزىگە يېقىشقا باشلىدى. توختى «بۇزۇق رەسۋا، مەن ئۇستامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» دېمەكچى بولاتتىيۇ، ئەمما بۇ سۆزنى ئۇنلۇك دېيىشكە تىلى بارمايتتى. كۆپ ئۆتمەي توختى ۋۇجۇدىدا دەھشەتلىك پارتلىغان ئىشقى ئىنتىلىشنىڭ كۈچىدە، گۈلنارخاننىڭ زىلۋا بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. خۇددى تۇتسىلا پارتلايدىغان ۋەھىملىك بومبىدەك تۇيۇلغان گۈلنارخان ئەمدى ئۇنىڭغا زۇلەيخاندەك سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. كېچە تىنچ ئىدى...

* * *

گۈلنارخان شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ توختىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ سادىق كاۋاپچىنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى توختىنى ئەگەشتۈرۈپ يېزىغا قاتراپ يۈرۈشىدىن قانداقتۇر بىر

شۇملۇقنى سەزگەندى. ئۇ قاتتىق ئۈركۈنەتتى. توختىنىڭ گالۋاڭلىق قىلىپ ئاشۇ غەپلەت باسقان كېچىدىكى نەسىھىتىگە پىسەنت قىلماي يۈرۈشى گۈلنارخان ئۈچۈن راستىنلا ھار كەلدى. ئۇ مۇشۇ ئەنسىز كۈنلەردە، ئۆزىنى قىيناۋاتقان ئەلەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇرۇنقى پىلانى بويىچە سادىق كاۋاپچىدىن خېتىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، ئەمما بىر خىل كۈچ ئۇنى بۇ ئۆيگە مەھكەم باغلاپ، سەۋر تاقىتى بىلەن پۈتىنى چۇشەپ قويدى. ئۇنىڭغا ئەلەملىك سۈكۈت قىلىشتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلاتتى. ئەمما، ئاخشامقى ئىش ئۇنى خېلى چۆچۈتۈپ قويدى.

ئاخشام سادىق كاۋاپچى توختى بىلەن بىر مەھەل بولغۇچە ئىنچىكە ھېسابات قىلىشتى. توختىغا تېگىشلىك بولغان ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز يۈەنىنىڭ بەش يۈز يۈەنىنى ئۇ بۇرۇن توختىغا بەرگەن پارچە - پۇرات خىراجەت، كىيىم - كېچەكلەرگە ھېسابلاپ ئۆزىگە قايتۇرۇۋالدى. كېيىن توختىغا ئالتە يۈز سەكسەن يۈەن بېرىپ قالغان ئىككى مىڭ يۈەننى ئۆزىدە قالدۇردى. توختى بىر پەس ھەيران بولغان بولسىمۇ، كېيىن جىمپىلا قالدى. بۇ ئىش سادىق كاۋاپچىنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرۇن پۈككەن پىلانىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى. ئۇ راستىنلا خېلىدىن بېرى توختىنى كۆزدىن يىراق قىلىشنى ئويلىغانىدى. ئۇ دەسلەپتە توختىنى ئۆزىگە كۆندۈرۈش ئۈچۈن خېلى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق تىرىشچانلىق بىلەن توختىنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئاۋارە ئىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشقا توختىنى ھەربىر سودىدا «پۇختا» بولماسلىقلا ئەمەس، سادىق كاۋاپچىنىڭ سودىگەرچىلىكنى تاشلاپ ئېلىپ يۈرۈپ پۇل تاپماقچى بولغان خالىس ئويىغا ماسلىشالمىغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولدى. چۈنكى، سادىق كاۋاپچى بۇرۇنقى تىجارىتىدىن زېرىككەن بولۇپ، ئەمدى كونا تەڭگە، ئالتۇن، ياقۇت، قاشتېشى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈش ۋە تاپقانلىرىنى ھايىنىغا سېتىش بىلەن بەنت ئىدى. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە سەزگۈرلۈك، چاققانلىق بولغاندىن باشقا، باج ۋە قانۇنغا دۇچ كېلىپ قالغاندا بولسا ئۇستىلىق بىلەن چاندۇرماي ئەگىپ - ئۆتۈپ كېتەلىغان «سەنئەت» بولمىسا بولمايتتى.

گۈلنارخاننىڭ بۈگۈن ئۆيدە ئۆگەي قىزىنىڭ بېشىنى تاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن تالاي خىياللىرىنىڭ ۋە پەرىشان بولۇشىنىڭ سەۋەبى سادىق كاۋاپچىنىڭ توختىنى ئاتنى تاپقانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەتىگەندىلا «بىر يەردە ئىككى مىڭ يۈەنلىك تەڭگە بار، سىزگە ئېلىپ بېرەي. قەشقەرگە ئاپارسىڭىزلا بەش يۈز يۈەن پايدا تېگىدۇ» دەپ ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئىدى. گۈلنارخان تولىمۇ تېت - تېت بولغان بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى. پەقەت ئۇ ياستۇققا يۆلىنىپ يېتىپ غەپلەت ئىچىدە كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتكەندىلا، سىرتتا موتسىكلىتنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ توختى بىلەن سادىق كاۋاپچىنى كۆرۈپ بىر ئاز خاتىرجەملەندى. بىر پەستىن كېيىن توختى يېتىش ئۈچۈن ماڭغاندا سادىق كاۋاپچى گەپ ئاچتى.

— ئىش سالامەت پۈتتى. قەشقەرگە ئەتە ماڭامسىز، ئۆگۈنمۇ، ئۆزىڭىز بىلىڭ. ھەسەن زەرگەرگە كۆرسىتمەن دېمەك. ئۇ مۇتەھەم تەڭگىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ. ئىشقىلىپ تېزرەك بولۇڭ توختاخۇن. مەن يېقىندا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ماڭىمەن، — دېدى.

— ماقۇل ئۇستام، سىلىگە كۆپ جاپا سالدىم. ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. خۇدايىم ئاز-تولا پايدا بەرسە... — توختى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى-دە، چىقىپ كەتتى. گۈلنارخان ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدى. كېيىن ئازراق سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن نازلىنىپ دېدى:

— ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن، سىزنى كۆرگۈم كېلىپ...

— ھى... ھى... ئەقىلسىز خوتۇن، ماڭا يېقىنراق كېلە، — گۈلنارخان كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، يىنىچە ياتقان سادىق كاۋاپچىنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى. سادىق كاۋاپچى بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتكەن قىزىغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن گۈلنارخاننى قۇچاقلاپ مەڭزىگە بىرنى سۆيدى ۋە تولىمۇ پەس ئاۋازدا دېدى:

— مەن ئىچكىرىگە نېمىشقا بارىمەن! شۇنداق دەپ قويمىسام، ماۋۇ دەلدۈش يىلىمدەك چاپلىشىۋالامدۇ، تېزرەك يوقالسۇن دەپ شۇنداق دەپ قويدۇم.

— راست دېدىڭىز. تېزرەك كەتسۇن، تاماق ئېتىپ ھاردىم. خۇيىمۇ جىق يەيدىكەن — گۈلنارخان سۆزىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى. چاققانلىق بىلەن ئورۇن راستىلىدى. ئىككىسى يېتىپ قېلىشتى. بىر چاغدا گۈلنارخان ھارغىنلىقتىن كۆزلىرى ئاللىقاچان ئۇيقۇغا ئىلىنغان سادىق كاۋاپچىنى نوقۇدى:

— ئۇخلىدىڭىزمۇ؟ ماياققا قارىڭا، توختىغا تەڭگە بەردىڭىزمۇ؟ يانچۇقىڭىزدا شۇنچە كۆپ پۇلىڭىز بولغاندىكىن، ئۆزىڭىز ئالسىڭىز بولمامدۇ؟ ھېچ بولمىسا بىرەر كاللەك پايدا قالاتتى.

— ھى... ھى... ھەي نادان خوتۇن. مېنى ئۇنچە دۆت چاغلىماڭلار. ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن تەڭگەم... ھى... ھى... ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۆزۈم ئىككى يۈز كويغا ئېلىپ، يىگىرمە كويغىمۇ ساتالمىغان يالغان تەڭگە. غوجەك تاز مۇشۇ تەڭگە بىلەن مېنى تازا جايلىغانىدى. مەنمۇ ماۋۇ دەلدۈشنى چاندۇرماي جايلىدىم. بۇ تېخى ئاز بۇ دەلدۈشكە، سىلى ئاڭلىمىدىڭلار، ئۆتكەندە قاراسايدىكى چۆپقەتلەر ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئىجىك يۈك ئەكىلىپ بەرگەنىدى. تۇردىمەت قارىمغا ساتسام، باجچىلار ئاڭلاپ قاپتۇ. مەن ئۇلارغا «ساتقىنىم ئاران ئىككى يۈز جىك يۈك ئىدى» دەپ تۇرسام، بۇ دەلدۈش ئىشنى ئاشكارا قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن جەرىمانە قويۇپ شۇنچە پۇلنى ئېلىپ كەتتى، كاززاپلار.

— تازا ئوبدان قىلىپسىز. ئادەم دېگەن شۇنچىمۇ دۆت بولامدۇ؟ — گۈلنار-خان شۇنداق دەپلا جىمىپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى سادىق كاۋاپچىنىڭ

خۇددى چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خورەككە چۈشۈشى بۇزدى.

توختى تۈن نىسپى بولغۇچە نەرسە-كېرەكلىرىنى يېغىشتۇرۇپ، سېرىتمىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن سومكىسىغا قاچىلىدى. ئۇنىڭ بار-يوق مۈلكى مۇشۇ بىر سومكىغا پاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۆز-ئۆزىگە خاپا بولدى. ئۇنىڭ نېمىگە ئاچچىقى كەلدى؟ سادىق كاۋاپچىنىڭ يۈزسىزلىكىگىمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ تەڭگە ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە يول ئۈستىدە دېگەن «مەن سىزگە يول ئۆگىتىپ قويدۇم، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ جېنىنى بېقىڭ» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ؟ ياق، ئۆزىگە ھەم گۈلنارخانغا، ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىگە، گۈلنارخاننىڭ رەسۋالىقىغا، ئاشۇ بىر قىسىم ماللارنى سەۋەنلىكتە ئەرزان سېتىپ قويغاندىن كېيىن گۈلنارخاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىدىن باشقا، سېمىز باجگىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈچە بولغان جەرياننى يىغىپ كۆرسە، گۈلنارخاننىڭ «رەسۋالىقىنى»، ئۆزىنىڭ «بەڭباشلىقىنى» سادىق كاۋاپچى سېزىپ قالدى دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. قىسقىسى، ئۇ سادىق كاۋاپچىنىڭ مۇزدەك سوغۇق سۆزلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا، ئاشۇ كېچىدىكى بەڭباشلىقتا قىلىپ قويغان جىنايىتىنى ئويلاپ لام-جىم دېمەي تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا سادىق كاۋاپچى ئاتىدارچىلىق قىلماي، تەڭگىلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈيىاقتا تۇرسۇن، بىر تىيىنىمۇ ھەق بەرمەي ھەيدىۋەتكەن بولسىمۇ بۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھەق ھېسابلايتتى.

توختى كىيىملىرىنىمۇ سالماي كارىۋاتتا تولغۇلۇپ ياتتى. يېزىدىن ئايرىلغاندىن تارتىپ، ئۆزىگە باشپاناھ بولغان بۇ بەختلىك ئائىلىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ سائەتكىچە بولغان ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزدى. دەسلەپتە، يېزىدىن ئابدۇغېنىنى. ئاندىن گۈلنارخاننى تىللىدى. كېيىن ئۆزىنى تىللىدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، بىر كۆلەڭگە كىرىپ كەلدى. توختى بېشىنى ئىشىك كۆتۈرۈپ:

— كىم؟ — دېدى.

— مەن، پەسرەك گەپ قىلىسىلا، مەن گۈلنارخان.

— چىقىپ كەت! — توختى نېمىشقىدۇر ئۆزىنى توختىتالماي ۋارقىرىدى.

— خۇدا ھەققى، پەس گەپ قىلسىلا، مەن ھازىرلا چىقىپ كېتەي، توكنى ياندۇرمىسىلا.

توختى گۈلنارخاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي توكنى ياندۇرۇپ، قولىدا چوڭ بىر سومكا كۆتۈرۈپ تۇرغان گۈلنارخانغا تىكىلدى. ئۇنى تىللىماقچى بولغانىدى، ئەمما گۈلنارخاننىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى كۆرۈپ زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇردى. گۈلنارخان يېشىنى سۈرتۈپ جوزا ئۈستىدە تۇرغان سومكىغا قارىدى، پەس ئاۋازدا دېدى:

— قويسىلا، سومكىنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭسىلا، چاققان بولسىلا.

— مېنى قانداق قىلسەن؟ ماڭ، چىقىپ كەت! ئۇستامنى چاقىرىمەن ھېلى، قانجۇق — توختى ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلنارخانغا دېۋەيلەپ كەلدى. گۈلنارخان يېشىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمىدى. قولىدىكى سومكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ دېدى:

— جېنىم توختاخۇن، دېۋەڭلىك قىلمىسىلا، سىلى ئالدانىدىلا. جا تەڭگىنى ئالدىلا. مانا پۇل... پۇل... بۇ... بۇ خېلى كۆپ پۇل. بىز بىللە كېتەيلى. يىراققا... يىراققا كېتەيلى... — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ توختىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ ئېتىكىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشكەن بەش باغلام پۇل چۇۋۇلۇپ كەتتى. توختى بۇنچە كۆپ پۇلنى تۇنجى قېتىم سادىق كاۋاپچى بىلەن قەشقەرگە مالغا بارغاندىلا كۆرگەنىدى. گۈلنارخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۈندىمەي تۇرغان توختىغا تىكىلدى. توختى پۇلدىن كۆزىنى يۆتكەپ دېدى:

— هارام... هارام پۇل.

— ياق... هارام ئەمەس، هالال... سىلىنىڭ پۇللىرى. سىلى كەلگەندىن بېرى تاپقان پۇل. تام ئەتكەن، مال ساتقان...

توختىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. گۈلنارخاننى ئىتتەردى-دە، سومكىسىنى ئېلىپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. گۈلنارخان چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغانىدى، توختى كەينىگە يېنىپ ئۇنى قاتتىق سىلكىشلەپ يەرگە يىقىتىۋەتتى. گۈلنارخان خېلى ئۇزۇنۇپىتۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. بىر قولىدا بىقىنىنى تۇتقىنىچە، يەنە بىر قولىدا يەردە چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى كۆرسىتىپ:

— ئەمىسە... پۇلنى... ماۋۇ پۇلنى ئېلىۋالسىلا، مەن قالاي. مەن سىلىنى ئىزدەيمەن، — دېدى هاسىراپ.

— ياق، مەن كەلمەيمەن، ئۆلگۈچە كەلمەيمەن! — توختى سۆزىنى توختىتىپلا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ گۈلنارخان تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئازاب ئىلكىدە هويلىغا قارىدى. قۇلىقىغا يىراقتىن ئاڭلانغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالدىراپ ئولتۇردى-دە، چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى يىغىشتۇردى. كېيىن ئۇ سومكىنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىۋېتىپ كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى سۈرتكىنىچە پىچىرلىدى: «جېنىم توختاخۇن، ئۇنداق دېمىسىلە»

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

توختى سابىر



# ئاچامنىڭ چېيى

(ھېكايە)

مەن يېقىندا يۇرتقا تۇغقان
يوقلاپ بارغانىدىم. بارغان
كۈنىنىڭ ئەتىسىلا چايچىلىق باشلى-
نىپ كەتتى. بىزنىڭ بۇ يۇرتتىن
چىقىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغانلار جانىنى
ئالقانغا ئېلىپ قوپۇپ يەپ يېرىلىپ كېتىشتىن
قورقمايدىغان قەتئىي ئىرادىگە كېلەلىگەندىلا
ئاندىن يۇرتقا بارسا بولىدۇ. مەن مۇشۇن-
داق ئىرادىگە كېلەلىگەنلىكىم ئۈچۈن
يۇرتتا يېرىم ئاي تۇرۇپ، يېرىم ئاي چاي
ئىچىپ، يۇرتتىن ئايرىلغان كۈنى بىر قانچە
قېتىم ئۇھ دەۋېتىپ، ئاندىن مېنى تونۇمايدى-
غان باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ بىر قانچە
كۈن دەم ئېلىپ، قانغۇدەك ئۇخلاپ پۇت-قو-
لۇمغا ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە
يېنىپ كەلدىم. شۇ چاغدا مەن بىر
تۇرۇپ، ھۆرمەت-ئىززەتلەنگەنلىكىمگە خۇشال
بولسام، بىر تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى چايچىلىقتىن
تىنچ-ئامان قۇتۇلۇپ چىققىنىمغا شۈكرى
قىلدىم. قارىمىلىق دېگەنمۇ ياش ۋاقىتدا
ئاقىدىغان ئىشكەن، مېنىڭ بۇ قېتىم يۇرتتىن
تىنچ-ئامان، ساق-سالامەت قايتىپ كېلە-
لىگىنىمگە مۇشۇ ياشلىقىم بەرداشلىق
بېرەلىدىمىكىن دەپ قالدىم.

مەن يۇرتقا بارغاندىن كېيىن كۈنىگە
تۆت-بەش ئۆيدە، بەزىدە يەتتە-سەككىز
ئۆيدىمۇ چاي ئىچتۇق. قويى بارلار قوي
ئۆلتۈردى، ئوغلىقى بارلار ئوغلاق ئۆلتۈردى،
كۈندە گۆش، ھەممە ئۆيدە گۆش ...
لەغمەن، گاڭپەن، چۆچۈرە دېگەنلەرنى
يالۋۇرۇپ، بۇيرۇتۇپمۇ ئەتتۇرەلمىدۇق.

— سىلىدەك مېھمانغا ئۇنداق تائاملارنى
قىلساق قانداق بولىدۇ؟ يا سىلە كۈندە
كېلىپ تۇرمىسىلا، گاڭپەن، چۆچۈرە دېگەننىڭ
گېپىنى قىلمىسىلا، ئۇنىمۇ مېھماننىڭ ئالدىغا
ئېلىپ چىققىلى بولامدۇ؟ سىلەر ئۈرۈمچىدىن
كەلگەنلەر گاڭپەننىڭ گېپىنى قىلىپ
كېتىدىكەنسىلەر، قايسى بىر ئاتا-بوۋىلاردىن
قېلىپ قالغاندەك ... — دېگەن گەپ
ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن بىردەكلا چىقىۋات-
قان.

ئەتە-ئۆگۈن ماڭىمەن دەپ تۇرغان
كۈنلەرنىڭ بىردە ۋاقچىراق تۇرۇپ يۈزۈمنى
يۇيۇۋاتاتتىم، ھاماچام دەرۋازىدىن سۆزلە-
گەنچە كىرىپ كەلدى:

— ئۇكام، سىز مانا — ئەنە دەپ،

مېنى ئۇن نەچچە كۈندىن بۇيان ساقلاتتىڭىز، كېتىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ يېقىنلاپ قالدى، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن يا چۈشتە، يا كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بارمىسىڭىز بولمايدۇ. مېنى تۇل خوتۇن دەپ ئانچە ئايىماپمۇ كەتمەڭ. باللىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ھال-ئەھۋالى ياخشى، بىر قوينى سىزگە ئاتاپ ساقلىغىلى نەچچە ئاي بولدى. سىزنى كېلىدىكەن دەپ خەۋەر ئاڭلىغاندىن بۇيان بېقىپ كېلىۋاتىمەن. ئەتىگەن قاسساپ ئېلىپ قوينى سويۇڭلار دەپ پىچاق سۈرگەندىن كېيىن مەن بۇ يەرگە ماڭدىم. ئەمدى كەينىڭگە يېنىپ سۆرىسىڭىز بولمايدۇ. قېنى، گېپىڭىزنى ئوچۇق قىلىڭ.

بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى، «يوق بولسا قاتتىقچىلىق، بار بولسا قېتىقچىلىق» بولىدىغانلىقنى مانا ئەمدى بىلىپ ئولتۇرىمەن.

— ھاما ئاچا، بۈگۈن يەنە نەچچە كۈندىن بۇيان دەپ كېلىۋاتقانلاردىن تۆت، بەش كىشىگە ماقۇل دەپ قويغانىدىم، نېمىشقا ئالدىدىن دېيىشمەيلا قوينى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز؟

— ھوي ئۇكام، دېيىشمەي دېگىنىڭىز نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز كەلگىلى 12، 13 كۈن بولدى، كۈندە دەۋاتقىنىم ھېساب ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ ھېساب، مەن قوينى ئۆلتۈرۈشنى دېمىدىما!

— شۇنداق قىلمىسام مەن سىزنى ئۆيگە ئاپىرالمايدىغان ئوخشايمەن.

— نەچچە قېتىم باردىمىغۇ؟ پولۇ، گاڭپەن، سۈتلۈك چاي بىلەن قاتلىما نانلىرىڭىزنى يېدىمىغۇ؟

— گاڭپەننىڭ گېپىنى قىلماڭا. سىز دەپ تۇرۇۋالمىسىڭىز ئۇنى ھەرگىز ئالدىڭىزغا ئېلىپ چىقمايتتىم، گەپ يورغىلاتماي بۈگۈنكى نەق گەپنى قىلىڭا؟

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئىسسىقتا پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ؟ يا سىزنىڭ توڭلاتقۇڭىز بولمىسا؟

— ئۇكام توڭلاتقۇ-پوڭلاتقۇ دېگىنىڭىزنى قويۇڭ، سىلەر شەھەرلىكلەر شۇنداق قىلىپ كېتىدىكەنسىلەر. مەن سىزنىڭ قورسىقىڭىزغا كىرىپ چىققۇدەك بولسام، شۇ ھاماچامنىڭ بىر قويى ئۆزىگە قالسىكەن دەپ مېنى ئاياۋاتىسىز-ھە؟ بۇ كۆڭلىڭىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، سىز تېخى قانچىلىك قوي، ئوغلاق يېدىڭىز؟ مەن سىزگە دەپ قوياي، سىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىزنىڭ يۇرتلۇق ئاغىنىڭىز بۇلتۇر كەلگەندىچۇ 28 كۈندە 73 ئوغلاق، 12 پاقلاننى يەپ، قايتىدىغان ۋاقتىدا بىر ئوغلاق بىلەن ئىككى پاقلاننىڭ گۆشىنى ئېلىپ كەتتى. مەن قوينى ئۆلتۈرۈپ بولدۇم، بۈگۈن بارمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر قورسىقىم توق دېسىڭىز، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ بۇ يۇرتتا گۆش يېيىشىپ بېرىدىغان نى-نى نوچىلار بار. سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرسىلا بولدى، ئاغىنىڭىزدىن جىق باشلاپ بېرىڭ. شۇنداق بولسۇن. چۈشكە خىجىللىقتا قالسىڭىز ئاخشاملىققا تەييارلايلى. كەچلىك تاماقىمۇ بولمايدۇ دېسىڭىز تېخىمۇ كەچراق قىلايلى، كەچلىك تامىقىڭىزنى دېيىشىپ قويغان يەردە يەپ بىردەم بازار ئايلىنىڭ. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ھازىر كەچلىك بازار تازا قىزىيدىغان بولدى. قورسىقىڭلارنى بىر ئاز بوشىتىپ

بارساڭلارمۇ بولىدۇ. ئەمسە گەپ شۇنداق بولسۇن، — مېنىڭ يەنە بىرەر سەۋەب كۆرسىتىشىمدىن قورقىقاندەك ھاماچام قانداق سۆزلەپ كىرگەن بولسا شۇنداق سۆزلىگىنىچە كەينىگىمۇ قاراپ قويماي چىقىپ كەتتى.

— بىزنىڭ بۇ يۇرتتا بىر ئادەت بار. يىراق جايلاردىن كەلگەن مېھماننى شۇ مېھمانغا ساھىبخان بولغان ئاساسىي ئۆي ئىگىسى شۇ كۈنلا ياكى ئەتىسى قوي ئۆلتۈرۈپ ھەممە يىراق-يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ، تۇغقىنىم كەپتىكەن، ھەر قايسىڭلار بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن دېگەنتۇق، دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە چايچىلىقنىڭ باشلىنىشىنىڭ سەپەرۋەرلىكى. شۇنىڭ بىلەن چايچىلىق باشلىنىپ كېتىدۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئۆز جەمەتىدىكى يۈز تاپقان كاتتىلىرى چاقىرىشقا باشلايدۇ. كاتتىلار چاقىرىپ بولغۇچە ھەر كۈنى خۇددى ھېيتلىغاندەك بەش، ئالتە ھەتتا يەتتە، سەككىز ئۆيدە چاي ئىچىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلاردىن بىرى ئاساسلىق چاقىرغۇچى بولسا، سىز شۇ يەرگە بارغاندا، ئۇنىڭ قولۇم-قوشنىلىرىمۇ ئۆز مەھەللىسىگە كېلىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن بىر ئۆيدىكى چاي ئۈچ، تۆت ئۆيگىچە كېڭىيىپ كېتىپ، ئەتەگەنلىكى چۈشلۈكىنى، چۈشلۈكى كەچلىكىنى ئارقىغا سۈرۈپ، بەزىدە يېرىم كېچىگىچە مېھماندارچىلىق تۈگىمەي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىر ياخشى يېرى، ئاساسلىق مېھمان ۋە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولىدىغانلارنىڭ قانچىلىك يېيىشىنى زورلاپ كەتمەيدۇ. «كۆزى كۆرسە، ئېغىز تەگسە» بولدى قىلىدۇ.

مېھمان ۋە ساھىبخانىنىڭ ھەر مەھەللىدە بىللە قوشۇلۇپ گۆش يېيىشىپ بېرىدىغان ئادەملىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرىنچى ئۆيدە قوشۇلۇپ، بىردەمدە داستىرخاننى سۈپۈرۈپ قويسىمۇ ئىككى، ئۈچ ئۆيدە ئۇلارمۇ پەسكويغا چۈشىدۇ-دە، ئاساسلىق مېھمانلار بىلەن «كۆزى كۆرۈپ، ئېغىز تېگىشىپ» ئولتۇرۇشۇپ بېرىدۇ. كېيىنكى ئۆيلەردە يەنە يېڭى مېھمانلار قوشۇلىدۇ. ئۇلار خېلى كۈچەپ يېسىمۇ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، داستىخاننى سۈپۈرەلمەيدۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ ئۇلارنىڭ يەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، نۇرغۇن تەكەللۇپتىن كېيىن «يېيىشمىدىڭلار مېھمانلار، ئاشقۇچىلىك بىر نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى، ھەشقاللا رەھمەت» دەپ قالغان گۆشنى چىپتىگە ① يۆگەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇگرە ئاش، ياكى تونۇردىن ھېلىلا ئالغان قاتلىما ناننى شورپىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنىڭدىمۇ يۇقىرىقىدەك رەسمىيەت ئۆتۈلۈپ، قورسىقى توق مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۇگرە ئاش ياكى شورپا بىر قوشۇق ئېغىز تەگكۈزۈشتىن كېيىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدۇ. لېكىن مەن ئىچمەيمەن دېگەنگە ئۇنىمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى يېمىگەن، ئىچمىگەن بىلەن

① چىپتە — نېپىز يېقىلغان بىر خىل نان. بىزنىڭ يۇرتتا ھەرقانداق ئۆيدە گۆشنى لېگەندە ئەمەس، ئۈچ ياكى بەش چىپتىنى بىر قېلىپ گۆشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. مېھمانلار ئۇنىڭغا گۆشنى يۆگەپ يەيدۇ.

يېڭىدىن قوشۇلغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۇگرە ئاشنى، ياكى چىنىنىڭ گىرۋىكىدىن ئۇستۈن كۆتۈرۈلگىچە قاتلىما چىلانغان شورپىنى ئىچىپ بولغۇچە پاراڭ بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ياز، كۈز كۈنلىرى بولسا ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئۆرۈك، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇل دېگەندەك مېۋىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن دۇئا بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن يېڭىدىن قوشۇلۇپ تۇرىدىغان مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى ساھىبخان تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلسىمۇ، كۆپلىرى پالانى ئەپەندى ياكى پالانى ئاخۇننى پالانى يەردىن كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى دەپ تۇرساق بۈگۈن پالانچىنىڭ ئۆيىگە كېلىدىكەن دېدى. شۇڭا كۆرۈشۈپ چىقايلى دەپ كىرىدۇق دەپ كىرىدۇ. بۇنداقلار تۆر ياكى پەگادىمۇ ئولتۇرۇپ كەتمەيدۇ، گۆشكە ئۈلگۈرسە، گۆشكە ئېغىز تېگىدۇ. گۆش تۈگىسە، ئاشقا ئېغىز تېگىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئۈلگۈرەلمىسە، بىر توغرام چېپتى ياكى نانغا ئېغىز تېگىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كادىرلار ئارىسىدا يەنە بىر خىل مېھماندارچىلىق پەيدا بوپتۇ. ئۇلار كادىرلار، مويسىپىتلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنى بىرلەشتۈرۈپ چاقىرغان مېھماندارچىلىقتا يۇقىرىدىكى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، مويسىپىتلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار تاراپ بولغاندا ئۆزلىرىگە لازىملىق ئادەملەرنى ئېلىپ قېلىپ، قورۇملارنى قورۇپ، ھاراق-پىۋىلارنى كەلتۈرۈپ مېھماندارچىلىقنى يېڭىباشتىن داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئۇلار بۇنى ئىككىنچى باسقۇچ دەپ ئاتايدىكەن. ئىككىنچى باسقۇچ مەيلى چۈشتە ياكى كەچتە بولسۇن، خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدىكەن.

ھاماچام چاقىرغان كۈنى بىزنىڭ دەل ئىككى قېتىم بىر باسقۇچلۇق، ئىككى قېتىم ئىككى باسقۇچلۇق مېھمان بولىدىغان كۈنىمىز ئىدى. شۇڭا مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە دەككە-دۈككىدە يۈردۈم. چۈنكى ئۇنىڭغا ئازراق قورساق ئېلىپ قويمىسام بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكان قەدەر تاماقتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، ھاراقنىمۇ ئاز ئىچىپ، قورسىقىمنى ئىقتىساد قىلىپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم. بۇ ئارىلىقتا كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھاماچام ئۈچ قېتىم كۈيئوغلىنى ئەۋەتىپ، تۆتىنچى قېتىم ئۆزى كېلىپ، بىز ئاخىرقى قېتىم مېھمان بولغان ئۆيگە سۆزلىگەنچە كىرىپ كېلىپ،

— ئەمىسە ماڭىدىغانلار-ھە؟ مەن بېرىپ تۇراي. ئەمدى يەنە بىر يەرگە كىرىۋالماڭلار، — دەپ ئالدىرىتىپ سۆزلىگەنچە چىقىپ كەتتى.

بىز ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يەنە 10 — 15 مىنۇتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ھاماچامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق.

مەن ئەزەلدىن ھاراقنى كۆپ ئىچمەيمەن، نىزىقاپ خەقنى قاقشىتىپمۇ كەتمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر قانچە رومكا ئىچىپ، باشقىلارنىڭ سالاسىغىمۇ قارىماي توختىۋالىمەن. ئۇ كۈنى ھاماچامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن تېخىمۇ ئاز ئىچكەن ئىدىم. لېكىن يولدا كېتىۋاتقاندا يەنىلا مەستەكلا بوشاپ كېتىۋاتتىم. نېمە بولدۇم؟ بۈگۈن ھاراقنى شۇنچە ئاز

ئىچىمدەمۇ ئەجەپ بوشاپ كەتتىما، دېگەنـ
لەرنى ئويلىدىم. تىنماي كېكىرىپ، قورسـ
قىمنىڭ چىڭقىلىشىدىن، ھەي، مەن ھاراقتىن
ئەمەس، تاماقتىن مەست بولۇپ قالغان
ئوخشايمەن جۇمۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن
ئۆتكۈزدۈم.

بىز مېھمان بولۇپ چىققان ئۆي بىلەن
ھامماچامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق
ئەمەس ئىدى. مەن پاراڭ بىلەن بولۇپ
كەينىمگە قارىماي، بىر قانچە ئاساسلىق
ھەمراھ بولغۇچىلار بىلەن مېڭىۋېرىپتىمەن.
ھامماچامنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئاران ئالتە
ئەر بىلەن تۆت ئايال قاپتۇق. ھامماچام
ھەممە ئادەم تولۇق كۆپ كېلىدۇ، ئۆيگە
پاتمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ھويلىسىغا سىم
تارتقۇزۇپ 100 ۋاتلىق چوڭ لامپۇچكىدىن
ئىككىنى ئاستۇرۇپ، 30 — 40 كىشىلىك
ئورۇن تەييارلاپ، كىگىز، كۆرپىلەرنى
ئەرلەر، ئاياللار بويىچە ئايرىپ سالدۇرۇپ،
ئىشىكتە بىزگە قاراپ تۇرغان ئىكەن. بىز
كىرگەندىن كېيىن دەسلەپتە خۇش بولۇپ
كېتىپ:

— ئاخىر سىلەرنى ئەكەلدىم-ھە
ئوكام، — دېگىنىچە ھويلىنىڭ سىرتقى
ئىشىكىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن
بىردىنلا ئۆگۈپ، — ئوكام، قالغان مېھمانلار
قېنى؟ — دەپلا سۆزلەپ كەتتى.

مەنمۇ يېنىمدىكىلەردىن «قالغانلار
قېنى؟» دەپ سورىسام ئۇلارمۇ بىر-بىرىدىن
سوراشۇپ «قالغانلار قېنى؟» دېيىشىپ
كەتتى.

ئارىمىزدىكى ناھىيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن
بىرى:

— ئەمەت جۇرىن، ھەممەيلەن
كېلىشۋاتقانتىغۇ؟ قېنى ئۇلار، — دېدى ئۇمۇ
ھەيران بولۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھامماچام يىغلىغىلى
تۇردى:

— مەن مېھمان كۆپ كېلىدۇ، دەپ
بىر قوينىڭ گۆشىنىڭ ھەممىسىنى قازانغا
سالغاندىن تاشقىرى ئۆپكە-ھېسىپلىرىنىمۇ
قويۇپ تەييارلاپ قويسام، ئۆيگە پاتمايدۇ
دەپ ھويلىغا سىم تارتىپ شۇنچە ئورۇننى
راسلىسام بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ بۇ گۆشنى
ئەمدى كىم يەيدۇ؟ ئۆپكە-ھېسىپنى قانداق
قىلىمەن؟ مەن سەمەتكە، ئوكامنى ئۆيۈڭدە
ئۇزاق تۇتۇۋالماي بۇرۇنراق قويۇۋەت، باشقا
مېھمانلارنى قاچۇرۇپ قويما، ئۆزۈڭ باشلاپ
كەل، دەپ شۇنچە جېكىسەممۇ تېخى ئۆزىمۇ
يوق. ئۇنىڭ ئۆزى قېنى؟

— ھامماچا، چىچىلماي تۇرۇڭ ئۇلارمۇ
كېلىپ قالار.

— ھازىر نېكەم بولدى، ئەمدى قاچان
كېلىدۇ؟

— بەلكى ئۇلارمۇ كېلىپ قالار، —
ئولتۇرۇپ قوللىرىمنى يۇيۇۋېتىپ شۇنداق
دېدىم مەن ھامماچامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلانـ
دۇرماقچى بولۇپ. ھامماچام جىددىيلەشكىنىدـ
ىن بۇ ئارىلىقتا ئىككى قېتىم سىرتقى
دەرۋازىغا قارىغىلى چىقتى. كېيىنكى قېتىم
قايتىپ كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چىچىلىپ
سۆزلىدى. ئاندىن كېيىن بىردىنلا ئەقىل
تاپقاندەك:

— ئوكام، مېنىڭ گۆش يەيدىغانغا
ئادەم تېپىپ كېلىڭ! — دېدى ماڭا بۇيرۇق
بېرىپ.

— هامماچا، بۇنداق كەچ بولغاندا نەدىن ئادەم تاپمەن، بولۇشچە يەيلى. قالغىنىنى ئەتە سوغۇق گۆش پېتى يېمەمدۇق، — دېدىم ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك ئۆزۈمنى ئامالسىز كۆرسىتىپ.

— سىلە ئەتىگەندىن كەچكىچە يەپ، تېخى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئۇلتۇرۇشنىمۇ قىلىپ قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋالغان تۇرساڭلار، قانچىلىك يېيەلەيتتىڭلار؟ بىرمۇ يېڭى مېھمان بولمىسا، تۇرۇڭ، نەدىن تاپسىڭىز تېپىڭ، گۆش بىلەن ئۆپكە-ھېسپىنى بۇگۈن تۈگەتمىسىڭىز، ھازىرلا ئاچامغا ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلمەن، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىچىككىنىمۇ بوشايدىغان ئەلپازى يوق ئىدى.

مەن بېشىمنى قاشلاپ: «بولىدۇ، تېپىپ كېلەي» دەپ ئامالسىز سىرتقا ماڭدىم، شۇنداق قىلسام بولدى قىلامدىكىن دېسەم، نەدىكىنى، بوشايدىغاندەك ئەمەس. مەن ئورنىمدىن تۇرۇشۇمغا ماڭا ھەمراھ بولغان ناھىيە مەسئۇلى:

— مەن تېپىپ كىرەي، — دەپ ئورنىدىن دەس تۇرىۋىدى ھامماچام:

— ياق، ئۆزى تېپىپ كىرىدۇ، پەممىچە سىزمۇ قاچاي دەمسىز؟ سىزنىڭمۇ قورسىقىڭىز توق بولغاندىن كېيىن شۇ باھانە بىلەن قېچىپ كېتىپ ئۇخلىۋالغۇڭلار كېلىۋاتىدۇ-ھە، — دەپلا ئۇنى كۈچ بىلەن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

شۇ ئارىلىقتا كۆڭلۈمگە بىر پىلان كەلدى-دە، بولىدۇ. مەن تېپىپ كىرەي، دەپ چىقىپ كەتتىم.

بىز هامماچامنىڭ ئۆيىگە ماڭغاندا يول ئۈستىدە ئىككى توپ ئادەم ئىككى سىمتاناپ تۈۋرۈكىدىكى چىراغ ئاستىدا ھە-ھۇ دېيىشكىنىچە قىزىق قارت ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن چىقسام ئۇلار تازا قىزىپ ئويناۋېتىپتۇ. بىردەم قاراپ تۇرغاچ ساناپ باقسام ئىككى جايدا 12، 13دەك ئادەم بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر توپقا ئېگىشىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئويناپ تۇرغان قولى ئاياغلىشىپ، بىرى قارتنى شىلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇلگۇرتۇپ:

— ئاغىنىلەر، خاپا بولمىساڭلار ئازراق بىر ئىش بار ئىدى. شۇنى قىلىشىپ بەرگەن بولساڭلار، — دېدىم.

ئۇلار بىردەكلا بېشىنى كۆتۈرۈشۈپ:

— ھوي، سىلىمدىلە؟ ئىش بولسا قىلىشىپ بەرمەمدىغان، ئەتە قىلىشىپ بەرسەك بولمامدۇ؟ بۇگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، — دېيىشتى.

— ياق، ئەتىگە قالسا بولمايدۇ. پەقەت يېرىم سائەتتىلا تۈگەيدۇ، — دېدىم

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن ئىككىنچى توپتىكىلەرگە بېرىپ بۇ گەپنى تەكرارلىسام ئۇلار دەسلەپتە ئاڭلىماس بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى، كېيىن يەنە تەكرارلىغاندىن كېيىن بىر قانچىسى دەرھال ئورنىدىن تۇردى. لېكىن مېنى تونۇمايدىغان باللاردىن بىر نەچچىسى:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز يىراقراق، بەك كەچ قالساق بولمايدۇ، ئەگەر ئىشلىرى بولسا ئەتە قىلىشىپ بېرەيلى! — دېگىنىچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان ۋېلسىپىتلىرىگە

مىڭگىنچە كېتىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مەھەللىلىك بىرى ئۇلار ئۇچۇن خىجىل بولغاندەك:

— قاراپ باقسىلا، ئەگەر ئادەم يېتىشمىسە، ئاۋۇ يەردە يەنە قارت ئويىنا-ۋاتقانلار بار، شۇلارنى چاقىرىپ كېلەيمۇ يا؟ — دېدى جاۋاب كۈتۈپ.

مەن ساناپ باقسام ئوندەك ئادەم بوپتۇ. كۆڭلۈمدە بۇ يېڭى مېھمانلار هاماماچام-نىڭ گۆش يېيىش ۋەزىپىسىنى تاماملايدىغۇ دېگەننى پەرەز قىلىپ:

— بولدى، سىلەر يېتىشىپمۇ قالارسىلەر، ئەمىسە ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، — دېدىم-دە، ئۇدۇل هاماماچامنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردىم.

هاماماچام ياكى خۇش بولۇشىنى ياكى خاپا بولۇشىنى بىلمەي بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ كېتىپ، چىرايىنىمۇ ئاچماي:

— ئولتۇرۇڭلار، ئۇكىلىرىم، ئولتۇرۇڭلار، — دەپ ئۇلارنى ئولتۇرغۇزدى.

هېلىقى بىرىنىڭ مەھەللىلىك تۇرسۇن:

— ئىش بار دېگەن ئىدىلىغۇ؟ ئىشنى قىلىۋېتىپ ئاندىن ئولتۇرمايلىمۇ؟ — دەپ ماڭا قارىدى.

— ئىش دېگەن مۇشۇ. هېكىم ئاخۇن، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەر، — دېدىم مەن هاماماچامنىڭ كۈيئوغلىنى بۇيرۇپ.

مەن باشلاپ كىرگەن «مېھمان» دىن بىرى ئاستا قوپۇپ قاچماقچى بولۇۋاتاتتى.

— ئولتۇرۇڭ، گۆش يەپ بولۇپ ئاندىن ئىشلەيمىز، — دەپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم.

شۇ ئارىلىقتا هاماماچام گەپ-سۆز قىلماي سان-سېنى بويىچە ئايرىپ پىشۇرۇل-غان بىر قوينىڭ گۆشىنى، كەينىدىن ئۆپكە-هېسىپلىرىنى چىپتىلەرگە بۆلۈپ، ئەرلەرگە تۆت يەرگە، ئاياللارغا ئىككى يەرگە قويدى.

— قېنى مېھمانلار، گۆش، هېسىپلارغا باقايلى. بولۇپمۇ يېڭى كەلگەن مېھمانلار تارتىنماي كۆپرەك ئېلىڭلار، — دەپ سۆيلەپ تۇردۇم. ئۆزۈممۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ قول تەگكۈزۈپ قويدۇم.

سېمىزلىكىمدىن بەدەشقان قۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرالماي قىمىرلاپ تۇرۇشۇمغا هاماماچام ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ ماڭا، مايەرگە كېلىڭ، دەپ ئىشارەت قىلدى.

مەن گەپ ئاڭلايدىغان بولدۇم-دە، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىشىمگە، چىرايىنى يىرۇشتۇرۇپ بوش ئاۋاز بىلەن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مېھمان چاقىرىپ كىرىڭ دېسەم ساپلا كوچىدىكى قىمارۋازلارنى چاقىرىپ كىرىپسىزغۇ؟ توۋا خۇدايىم ما بالىنىڭ قىلغىنى... — دەپ قايناپ كەتتى.

— ئۇلار قىمارۋاز ئەمەس، قارت ئويناۋاتقانلار ئىكەن.

شۇ دەم يۈزۈمگە سەل كۈلكە يۈگۈرگىنى-نى هاماماچام كۆرۈپ قالدى بولغاي:

— يەنە كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ قەستەنگە شۇنداق قىلدىڭىز ھە ئۇكام. سىلەر كادىر خەقنىڭغۇ ئوڭكى كۆپ ئەمەس. شۇنچە يوغان يەردىن كېلىپ قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭىزنى قارىمامدىغان... ئەمدى گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. بولىدىغىنى بولۇپ بولدى. مەن سىزنى ناھىيدىكى مەسئۇللار-

نى، ئاغىنىڭىزنى چاقىرامدىكىن دەپ شۇنچە قىلسام تېپىپ كىرگەن ئادەملىرىڭىزنى قارىمامدىغان! — دېدى ماڭا كايىش ئارىلاش كۈلۈپ.

— ھەي ھاماچا، ئۆزىڭىز كىمنى چاقىرسىڭىز مەيلى، گۆش يەيدىغان ئادەم تېپىپ كىرىڭ دېمىدىڭىزمۇ؟

— مەن شۇنداق دېدىمما؟

— ھە شۇنداق دېدىڭىز!

— ئۇكام ھېلىقى ماۋجۇشى ئاتىمىز ئادەم كۆپ ئوقۇغانچە دۆتلىشىپ كېتىدۇ دېگەنمۇ؟ مەن بىرىدىن شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم.

— شۇنداق دېگەن.

— راستىكەن جۇمۇ. سىزمۇ ئوقۇغانچە دۆتلىشىپ كېتىپسىز. ئادەم تېپىپ كىرىڭ دېسەم قىمارۋازلارنى تېپىپ كېرەمتىڭىز؟

— قىمارۋازلار گۆش يېمەمدۇ؟

— بولدى، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭا. ئەتىگەندىن بېرى بىرگە يۈرگەنلەر قېنى؟

— ئۇلار قورسىقى توق بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كېتىپ قاپتۇ. ھېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، مەنمۇ ئۇقماي قاپتىمەن.

— بىز ئىشلەپ ھارمىساق ئۇلار يېگەنگىمۇ ھېرىپ قالامدۇ؟ توۋا خۇدايىم ما زاماننىڭ ئادەملىرىنى.

— ناھىيىدىكىلەرنى چاقىرىپ تائامدىن كېيىن دەيدىغان بىرەر گېپىڭىز بارمىتى؟ بولمىسا ئەرتە مەن دەي.

— مېنىڭ نېمە گېپىم بولىدۇ. شۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى دەپ قىلغان گەپ بۇ، — دېدى ئۇ ئەمدى بولدى قىلىدىغان قىياپەت بىلەن.

بىز ئەمدى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقساق بىر نەچچە پارچە چىپتىدىن باشقا گۆشمۇ، -ئۆپكە-ھېسىپمۇ تۈگەپ، ئەرلەر ئالدىدىكى داستىخان قۇرۇپ قاپتۇ. ئاياللار ئالدىدىكى داستىخاندا ئۆپكە-ھېسىپ تۈگەپ، خېلى گۆش قالغان ئىكەن. ئۇلار ئۇ گۆشنىمۇ بىردىن-ئىككىدىن چىپتىگە يۆگەپ زەللە قىلىشىۋېدى، ئۇمۇ تۈگىدى. ۋاقىتمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغان ئىدى. ھاماچام ئانچە چىرايىنى ئاچمايراق:

— ئىنىم كەپتىكەن، تۇغقانلار بىلەن يۈز كۆرۈشسۇن، دېگەنتۇق. داستىخىنىمىز سەل غورىگىل بولۇپ قالدى. ئىنىمىزنىڭ بۇنچە كۆپ «ئاغىنىلىرى» نىڭ بارلىقىنى بىلمەي بىر قويلا ئۆلتۈرۈپتۇق، بۇنى بىلگەن بولساق قويدىن ئىككىنى ئۆلتۈرەركەنمىز. شۇنداق بولسا رەنجىمەي يېنىشالا، — دېدى-دە، ماڭا قاراپ، قانداق؟ سىزنىمۇ گەپتە چېقىۋالدىمۇ، دېگەندەك چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگۈرتتى. ھەممەيلەن دۇئا قىلىپ، رەھمەت ئېيتىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىز كوچىغا چىقىپ تازا كۈلۈشتۇق. ئەتىسى بۇ ئىش پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كېتىپتۇ.

ئا. ئابدۇقادىر



# بۆرە ئىت

(ھېكايە)

كامىل بازار ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە موتىسىكلىتىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، يول ياقىسىدىكىلەرگە مەغرۇرلانغان نەزەردە قاراپ قويدى. بازارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىغا قونۇپ ئولتۇرغانلار يېپيېڭى موتىسىكلىتتا كېرىلىپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بۆرە ئىتقا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قالدى.

— ئەجەب قاملاشقان ئىت ئىكەن-ھە؟— دېدى تۆمۈر رېشاتكا ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ پىنەك چېكىۋاتقان ۋىجىك بىر ئادەم پىيالىدەك يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى ئىتتىن ئۈزەلمەي.

— ئىت ئەمەس بۆرە جۇمۇ، بۆرە، — دەپ نارازىلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى تور دوپپا كىيگەن ياش بىر بالا.

— بۆرىنىڭ كۈچۈكى ئىكەنغۇ ئۇ، كا شاڭجاڭنىڭ بىر ئاغىنىسى تاغدىن ئالغاچ كەپتىكەن. ئۆزىمۇ بۆرىگىلا ئوخشاپ تۇرامدۇ؟ — كۆۋرۈك بېشىدىكى قارا سۆگەت سايىسىدە موخۇركا سېتىپ ئولتۇرغان تەمبەل بىر ئادەم ئۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەستە پۈتتۈرگەن كامىل يېزىلىق مائارىپ گۇرۇپ-پىسىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر باشلىقى بولغان دادىسىنىڭ «ۋايىغا يەتكۈچە ئوقۇتۇش» خىيالىنى يوققا چىقىرىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ شەرەپ



بىلەن ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىندى.
ئۈچ يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتنى تولۇق
ئادا قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
دەسلەپ يېزىنىڭ قوغداش كادىرى بولدى.
تۆت يىلدىن كېيىن ئۇ 30 نەچچە مىڭ
نوپۇسلۇق بۇ چوڭ يېزىنىڭ قوغداش خىزمە-
تىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ قالدى.

كىچىكىدىن تارتىپ ئىنتايىن ئامراق كامىل
ئۆلگىرى ھەربىي سەپتە بىللە تۇرغان
دوستلىرىغا ئېيتىپ تاغدىن بىر كۈچۈك
ئەكەلدۈرگەنىدى. دېگىنىپ تۇرىدىغان
بىر جۈپ قۇلىقى، ياپيېشىل نۇرلۇق كۆزلىرى،
پارقىراق، سارغۇچ بوز رەڭگى بىلەن
ئادەتتىكى كۈچۈكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ
تۇرىدىغان بۇ جانىۋارغا ئۇ «بۆرە ئىت»
دەپ ئىسىم قويدى ۋە ئىخلاس بىلەن بېقىپ
چوڭ قىلدى.

بۇ يىل تومۇز بالدۇرلا كېلىپ، ئادەتتىمۇ
ھاۋاسى قۇرغاق بۇ يېزىدىكى ھەممە
جانلىقلار ئىسسىققا چىدىماي كەتتى. ئۇرۇق--
ئەۋلادىدىن تاغدا ياشاپ كەلگەن بۆرە
ئىت بۇ ھاۋادىن بىزار بولغاندەك دائىملا
غىڭشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئىتنىڭ
بۇ تىنچسىزلىنىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان كامىل
بۈگۈن ئۇنى موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغۇ-
زۇپ سەگىتىپ قايتىشى ئىدى. بۇ چاغدا
ئۇنىڭ ئايالى دىلبەر ئۆيدە كەچلىك تاماققا
تۇتۇنغانىدى.

— كەللىمۇ، — دېدى دىلبەر يولدىشىغا
ناز بىلەن قىيا بېقىپ، — ئىشتىن چۈشەي
دەپ تۇرسام ئىككى خوتۇن بالىلىرىنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ قېلىشتى. شۇلارنىڭ ئوكۇلىنى
ئۇرۇۋېتىپ كەلگۈچە كېچىكىپ قالدىم. تاماق

ھازىر پىشىدۇ، ئۇسسۇغانلا-ھە؟ توڭلاتقۇغا
پىۋا سېلىپ قويغانتىم، سوۋۇغانمىكىن؟

— پىۋا تۇگىگەنىدىغۇ؟ — سوئال
نەزەرى بىلەن ئايالىغا قارىدى كامىل.

— مەي چاڭجاڭ بىر يەشىك پىۋا
ئەكىرىپتىكەن ھېلى، — دىلبەرنىڭ يۈزى
قىزىرىپ كەتتى.

— بۇ ئاداشىزە، بىردەم ساقلاپ تۇر-
ماي، قېنى ئۆزى؟ — كامىل بارماقلىرى
بىلەن ئۆسكىلەك قارا چاچلىرىنى تاراۋېتىپ
ئىچكىرىكى ئۆيگە ماڭدى.

— سىلىنى ئازراق ساقلاپ باقتى، —
شۇنداق دەۋېتىپ دىلبەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا
ئېغىپ، توقاچتەك قىزىل لەۋلىرى تاتىرىپ
كەتتى. ئۇ قولىدىكى لەغمەن پىلتىسىنى
ئاشتاختىغا كۆچەپ ئۇرۇۋېتىپ ئاۋازىنى ئەتەي
كۆتۈرۈپ ئېيتتى، — كەچقۇرۇن بىر دەم پاراڭ-
لىشىپ ئولتۇرۇشارمىز دەپ چىقىپ كەتتى...

دىلبەرنىڭ سۆزىنى تاشقىرىقى ھويلىدى-
كى تاراق-تۇرۇق ۋە بۆرە ئىتنىڭ خىرقىراپ
خىرىس قىلغان ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى.

كامىل ئىشىككە چىقتى. ئۇستىگە ساقچى
فورمىسى كىيگەن ياش يىگىت — يېزىلىق
پەيچۇسونىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئابلىز
بۆرە ئىتنىڭ يېشىل كۆزلىرىگە قورقۇمسىراپ
قاراپ تۇراتتى.

— بۆرە، ماڭ كىرىپ كەت، —
كامىلنىڭ زەردىلىك بۇيرۇقى بىلەن بۆرە
ئىت بېشىنى سىلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ
كەتتى، — ھە نېمە گەپ؟

— كا شياڭجاڭ، ھېلىقى كېرىم
ھاجىنىڭ ئوتتۇز قويىنى ئوغرىلىغان ئوغرىلار
تۇتۇلۇپتىكەن، ھە راست، قوي ئىگىسى

ئۇلارنى يامانيار بازىرىدا قوي سېتىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئەكېتىپتىكەن. پەيچۇسوغا سولاپ قويۇپ تۇردۇق. ناھىيىگە ئاپىرىپ بېرەمدۇقكىن، سوجاڭ سوراپ كەل دېگەن...

— ھە، ھە، تۇتۇلدىما، ئاناڭنى...— كامىل ئاچچىقى بىلەن تىللىدى، — نەلىك نېمىلەركەن؟

— ئاۋاتئېرىقلىق ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئىكەن. مەخدۇم قارىيھاجىمنىڭ تاغىسىنىڭ نەۋرىلىرى، دەمدۇ؟

— نېمە؟ — كامىل چۆچۈپ كەتتى-دە، بىردىنلا يۈرىكى تىترەپ، دېمى تۇتۇلدى، — مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، — غوپۇر سوجاڭنى ئېلىپ بىزنىڭكىگە كەلگىن، ئولتۇرۇپ مەسىلىنى ھەل قىلىشايلى. ئاۋۇ... ئۈچەيلەن ھازىرچە سولاقلىق تۇرۇپ تۇرسۇن. تېزرەك بولغىن-ھە، بولمىسا مېنىڭ ھارۋامنى مىنىپلا بارە، — كامىل يانچۇقىدىن موتسىكلىتىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئابلىزغا بەردى-دە، يەنە جېكىلەپ ئېيتتى، — ئىتتىكرەك كېلىڭلار جۇمۇ!

مەخدۇم قارىيھاجىم، — ئويلايتتى ئۇ — ئۇنى غوپۇر سوجاڭمۇ بىلمەي قالامدۇ؟ ئۇ، دېگەن پۈتۈن ناھىيىگىلا ئەمەس، ھەتتا ۋىلايەتكىمۇ مەشھۇر بولغان كاتتا باي، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھېلىقى ئىمپورت قىلىنغان كىچىك ماشىنىنى مۇشۇ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىككى كۆزى ساق ئادەمنىڭ قايسىبىرى تونۇمايدۇ؟ يىتكەن مال تېپىلغاندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ؟ ناھىيىگە مەلۇم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى... بۇ ئىش يېزىمىزنىڭ بۇ يىل «سىياسىي قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا» بولۇشىغىمۇ پايدىسىز، شۇنداق قىلساق مەي شۇجىمۇ رازى بولىدۇ، مەخدۇم قارىيھاجىمنىڭ ئۆيىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق كاتتىلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتىن خەۋىرىم بولمىسا كاشكى... كامىل شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ تاشقىرىقى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ئالدى ئىككى پۇتىغا تايىنىپ يېرىم ئۆرە تۇرغان بۆرە ئىتىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

... ئولتۇرۇش باشلاندى. كامىلنىڭ ئايالى دىلبەر ئۇلارغا زاكۇسكىلارنى تەييارلاپ بېرىپ، مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مۇنداق ئىچسە بەك پەيزى بولىدۇ جۇمۇ، — دېدى ياپما قاپاق، ئاق سېرىق مەمەت چاڭجاڭ چىنىگە قۇيۇلغان پىۋىغا ئىككى دانە تۇخۇمنى چېقىپ تۆكۈپ تۇرۇپ، — ئۆتكەندە-ھە، كا شياڭجاڭ مانا مۇشۇنداق تۇخۇم چېقىپ ھەر بىرىمىز ئون شىشە پىۋا ئىچىپمۇ ھېچنېمە بولماپتۇق.

— نېمە كا شياڭجاڭ، كا شياڭجاڭ؟ — دېدى كامىل قولىنى سىلكىپ، — سەن بىلەن بىز دېگەن 10—15 يىللىق قەدىناس ئاغىنىلەردىن تۇرساق، «كامىل» دېۋەرسەڭ بولمامدۇ-ھە؟ شۇنداقمۇ غو سوجاڭ، مەنمۇ سېنى «مەي چاڭجاڭ» دەيمۇيا؟

— ماقۇل، ماقۇل، ئادەمنى تولا خىجىل قىلمىغىنا ئاداش، سېنىڭ ماڭا ئوخشاش بىر تايىنى يوق زاۋۇتنىڭ باشلىقىنى دوست بىلىپ كەلگىنىڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ جۇمۇ، خوشتۇر قىنى.

— خوش غو سوجاڭ.

— سىڭسۇن كا شياڭجاڭ.

— ......

— ھەي ئابلىز، سەنزە قىز بالىچىلىكىمۇ بولالمايدىكەنسەن جۇمۇ، — دېدى ساقىيلىق قىلىۋاتقان مەمەت چاڭجاڭ ئابلىزغا قاراپ، — ئۇتتۇرا مەكتەپنىڭ ھېلىقى خانىمچاقلىرى بارغۇ، پىشۋا تۇرماق ئاقىنمۇ قارا چاي ئىچكەندەك ئىچىۋېتىدىكەن دەيمەن-ھە، كامىل، ھېلىقى كۈنى...

كامىل خەۋپسىرىگەندەك ئىنتىك بۇرۇلۇپ مەمەتكە ئالايدى. مەمەت شۇئان ئارتۇق سۆزلەپ قويغىنىنى سېزىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ھېلىدىن-ھېلى ئىگىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تاپىسىدا يېرىم ئۆرە ھالەتتە تۇرغان بۆرە ئىت ياپپېشىل كۆزلىرىنى ئىگىسىدىن مەمەتكە ئاغدۇرۇپ نېمىنىدۇر سەزگەندەك تىكىلەندى. بىراق، كۆزلىرى كامىلنىڭ ھېچبىر ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن قايتا ئۇچراشقاندىن كېيىن بوشىشىپ لاسسىدە زوڭزايدى.

— كاشياڭجاڭ، بۇ بۆرە ئىتزە، بەك نوچى چوڭ بوپتۇ جۇمۇ، ساپ بۆرە نەسلىدىن ئوخشامدۇ؟ — سورىدى كۆتەكتەك مەزمۇت، بەستلىك ئۈستىخىنىغا ساقچى فورمىسى تار كېلىپ قالغان غوپۇر سوجاڭ.

— بىر ئاغىنەم «بۆرە كۈچۈكى» دەپ تاغدىن ئالغاچ كەپتىكەن، ئىت بېقىپ يۈرگەندىن كۆرە بېقىپ قوياي‌تىم-دېسە، بىر يەرگە كېتىپ قالسام ئۆي-ۋاقنى قوغداپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بولمىسا خوتۇن بىلەن شۇنچە ئۆينى ئۇچچە تاشلاپ ماڭغىلى بولامدۇ؟

— راست، كا...مىل بىلەن بىر يەرگە مېڭىپ قالساق، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا قالغان بۇ جانىۋار، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلسەكمۇ شۇ جايدا شۇ پېتى تۇرغان، ئۆيگە بىرەر يات چىۋىننىمۇ يولاتمايدۇ جۇمۇ بۇ ئىت.

مەمەت چاڭجاڭ بىردەم خۇشامەتكۈيلۇق بىلەن كامىلغا قارىسا، بىردەم رازىمەنلىك بىلەن بۆرە ئىتقا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن كۈلۈمسىرەيتى. بۆرە ئىت مەمەتنىڭ كۆزلىرىدىكى مەسخىرە ئىپادىسىنى ئېنىق سەزگەن بولسىمۇ، خوجايىنىنىڭ بارا-بارا نۇرىنى يوقىتىۋاتقان ئىپادىسىز كۆزلىرىگە قاراپ زوۋۋان سۇرمەي تۇرىۋەردى.

— كاشياڭجاڭ، بۇ ئىتقا ئادەتتىكى نەرسىلەرنى يېگۈزمەسلا-ھە؟

— مەن نېمە يېسەم، ئۇمۇ شۇنى يەيدۇ، مەن بولمىسام خوتۇنۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىزنىڭ ئاغزىمىز تەگمىگەن نەرسىنى ئۇمۇ يېمەيدۇ.

كامىل سۆزىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئالدىدىكى تەخسىدىن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، بىراق ئىت بۇنى كۆرمىگەندەكلا جىم تۇرىۋەردى. كامىل ئالدىدىكى تەخسىدىن يەنە بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ، ئۆزى بىر چىشلەم يېگەندىن كېيىن ئىتقا قاراپ ئاتقاندى. ئۇ ئېتىلغان پېتى گۆشنى كاپپىدە چىشلەپ تۇتۇپ ئىككى يالماپلا يۇتۇۋەتتى.

— ۋاھ، ئەجەب چاققانكەن-ھە؟! — دېيىشتى ئۈچ مېھمان بىر ئېغىزدىن ئۇنى ماختىشىپ.

— خوشتۇر، قېنى غوسوجاڭ ئۆزلىرىدىن گە... — دەپ خام تۇخۇم ئىلەشتۇرۇلگەن بىر چىنە پىۋىنى غوپۇر سوجاڭغا ئىككى

قوللاپ ئۇزاتتى مەمەت.

— ئابلىز بىرەرنى بولسىمۇ ئىچىپ قويىمامسىز ئۇكام؟ — دېدى غوپۇر سوجاڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئابلىزغا قاراپ، — قىز باللار چېغىدا ئىچىپ يۈرىمىشقۇ؟ قويۇڭا شۇنداق...

— رەھمەت سوجاڭ، پەقەت ئىچىپ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى... — ئابلىز دۇدۇقلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. تۇرقىدىن قاتتىق خىجىلچىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بولدىلا غو سوجاڭ، ئۆزىمىز ئىچەۋېرەيلىلا، — دېدى كامىل ئابلىزنىڭ ئەپتىگە مەنىستىمەستىن نەزەر تاشلاپ قويۇپ، — زورلىمىسىلا بۇنداق...

— خوش قېنى كا شياڭجاڭ، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن!

— خوش غو سوجاڭ، خىزمەتتىكى نەتىجىمىز ئۈچۈن!

— خوشتۇر قېنى!!

بۇلۇڭدا توختاۋسىز ئايلىنىۋاتقان «خانتەڭرى» ماركىلىق شامالدۇرغۇچنىڭ قۇۋۋىتى دىمىقىپ كەتكەن ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ھېچ سوۋۇتالمايتتى. چېكىلىۋاتقان چەت ئەل تاماكىلىرىنىڭ تۈتۈنى بىلەن ئۆي ئىچى كۆكۈچ تۇمانغا تولۇشماقتا ئىدى.

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئىككىنچى يەشىكتىكى پىۋا ئەمدى يېرىملاشقانىدى. ئىچى سىقىلىپ، ئەسنىگىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان ئابلىز ساقىيلىق قىلىۋاتقان مەمەتنىڭ ئۆزى ئىچمەي، پىۋا بىلەن خام تۇخۇم ئىلەشتۇرۇلگەن چىنىنى باشقا ئىككىيلەنگە تەڭلەۋېرىشىدىن ئەجەبلەندى.

— غو سوجاڭ، كاشياڭ...جاڭ، ياق-ياق، كاشياڭجاڭ ئەمەس، مېنىڭ كا...مىل ئاغىنەم مەست بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى بىر كەمدە مەمەت قوللىرىنى ھەرەڭ-سەرەڭ سوزۇپ-يەغىپ، — مەست بولمىسا ئۇخلامدۇ-ھە؟ مەست بولغان ئوخشايدۇ. بىزمۇ، ھە... كېتەيلى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سى...لەرنى ئۇزىتىپ قوياي.

— ھەي ئۇكا، قويە پىۋاڭنى، ئىچمىز تېخى، ئىچىمىز-ھە، ئابلىز؟

— سوجاڭ، بەك كەچ بولۇپ كەتتى. سىلىمۇ ئۆيگە كەتمەي بىزنىڭ ياتاقتا قونۇپ قالسىلا، قايتايلى، — دېدى ئابلىز غوپۇرغا يېقىنراق سۇرۇلۇپ.

— قويە ئابلىز، كېتىمىز، بېرىپ سېنىڭ ياتىقىڭدا ئىچىمەن تېخى، — غوپۇر سوجاڭ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماقۇل سوجاڭ، كېتەيلى-كېتەيلى، ياتاققا بېرىپ ئاندىن...

مەمەت ئىككىيلەننى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەندە، مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدا تىككىدە ئولتۇرغان بۆرە ئىت يېشىل نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزىنى ئاۋۋال ئۇنىڭغا تىكىپ، ئاندىن ئىتتىك ئىگىسىگە قارىدى. كامىل شۇ تۇرقى غەرق مەست ھالدا ئۇخلاپ ياتاتتى. مەمەت ئىتنىڭ ئالدىدىن سەل ئەيمىنىپرەك ئۆتۈپ كامىلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى دەسلەپتە ئاۋايلاپراق، كېيىن قاتتىق-قاتتىق تۈرتۈپ بېقىپ، ئۇنىڭ راستىنلا «ئەرشكە چىقىپ كەتكەن»لىكىگە جەزم قىلدى-دە، يېنىك بىرنى تىنىپ ئىچكىرىكى ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىتىپ، ئەلەم بىلەن تولغىنىپ غىڭشىۋاتقان ئىت ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغاندا ياتاق ئۆيىنىڭ چىرىغى بىر قېتىم يېنىپ يەنە ئۆچتى.

چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ ياتاق ئۆيىدىن نازىلىق پىچىرلاشلار كېلىشكە باشلىغاندا بۆرە ئىت خۇددى ئۆزىنىڭ ئار-نومۇسى دەپسەندە قىلىنىۋاتقاندەك ئەلەم ئىچىدە تولغىنىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلىۋەتتى.

بۇ دەھشەتلىك سادادىن ئېسەنگىرەپ كۆزىنى يېرىم-يارتا ئاچقان كامىل بۆرە ئىتنىڭ قىپقىزىل قان تولغان كۆزلىرىنى ئۆزىگە قاداپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قولىغا چىققان بىر پىۋا بوتۇلكىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئىگىسىدىن «ئال!» دېگەن بىر ئېغىز بۇيرۇقنىلا كۈتۈپ تۇرغان بۆرە ئىت بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. بوتۇلكا نەق ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تەگدى، بۆرە ئىت ئەلەم بىلەن تولغاندى، لېكىن قاچمىدى، ئۇ خىرىلدىغان ھالدا ئېتىلىپ بارغىنىچە كامىلنىڭ كېكىردىكىدىن ئېلىپ، بىرلا سىلكىپ كرېسلودىن يەرگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى!

تاشقىرىدىكى پاتپاراقچىلىقتىن چۆچۈگەن دىلبەر روباشكىسىنى تەتۈر كىيگىنىچە مېھمانخانىغا چىقىپ ھوشىدىن كەتكىنىچە تاس قالدى. ئالىبۇرۇن ھويلا تېمىدىن ئىرغىپ ئارتىلىپ سىرتقا چىقىپ بولغان بۆرە ئىت ئارقىسىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى-دە، ئايال خوجايىنىنىڭ ئېچىنىشلىق سەت چىرقىرىغان ئاۋازىغا جاۋابەن قان يۇقى تۇمشۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۇرەكنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ھۇۋلىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئايغا قاراپ بىر پەس تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن بىردىن تۈگۈلدى-دە، خۇددى كىرىچتىن ئېتىلغان يا ئوقىدەك شۇڭغۇپ جاڭگالغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يارىلانغان تۇمشۇقىدىن ئاققان قان جاڭگالغا تۇتىشىپ كەتكەن سەھرا يولىغا سىڭىپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئەخمەت خېۋىر

# پەرىشتە

(ھېكايە)

شوپۇر دېگەننىڭ يولدا جاپاسىمۇ، رىزقىمۇ جىق بولىدىكەن. ئاتام رەھمەتلىك ماڭا كۆپتىن-كۆپ دۇئا قىلغانمىدىكىن، جاپا تارتسامۇ قولۇمدىكى شۇ رولنىڭ بەرىكىتىدىن كۈنۈمنى بىر ئوبدان ئېلىۋاتىمەن. ھەر دائىم رولنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇشۇمغىلا بىرى كېلىپ، ۋاي ئۇستام، كىرانى قانچە ئالسىڭىز مەيلى، جىددىي ئىشىم بار ئىدى، پالانى يەرگىچە سېلىۋالغان بولسىڭىز، دەپ خۇشامەت قىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقىمغا 10 — 20 كوي كىرىپ تۇرىدۇ. يېمەك-ئىچمەككە كېتىدىغان ئۇششاق-چۈشەك چىقىملارمۇ يەنە شۇ سېخىي ھەمراھتىن بولىدۇ.

ئالدىمغا كەلگۈچىلەر جىددىي ئىشى چىقىپ قالغان، ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانلار بولغاچقا قانچىلىك كىرا دېسەم شۇنچىلىكنى ئايانماي بېرىۋېرىدۇ. بولۇپمۇ يىراقا يۈرتلۇق سەھرالىقلار دېگىنىمدىن ئوشۇقمۇ بېرىۋېتىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن شەھەرلىكلىكى بىلىنىپ تۇرغان بېخىل بىرى بىلەن باھادا كېلىشەلمەي ھەمراھسىز قالدىم. شوپۇر دېگەن يېنىدا ھەمراھى بولسا مەنزىلگە كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ. ھەمراھ دېگەننىڭ پۇلىلا ئەمەس ئۆزىنىڭمۇ لازىملىقىنى بۈگۈن تازا بىلدىم. ئەمدى بىرەر يولۇچى ئۇچراپ قالسا كىرامۇ ئالماي سېلىۋالاي دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. ئەتىگەندە يېگەن تاماق سەل ئوشۇق كەتتىمىكىن، قورسىقىم بىردەم-بىردەم مۇجۇپ ئاغرىپ، تولا ھاجەتكە توختاپ يولۇم ھېچلا ئاۋۇمىدى. شۇڭا دائىم مېڭىپ تۇرغان بۇ يول بۈگۈن باشقىچە ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. كۈن چۈش بولغاندا يول ياقىسىدىكى بىر مەھەللىگە كېلىپ، ئېرىق بويىدا توختىدىم. رادىياتورغا سۇ قۇيۇپ، باش كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ماشىنامنىڭ يېنىدا 25 — 26 ياشلاردىكى قەددى-قامىتى كېلىشكەن چىرايلىققىنا بىر چوكان پەيدا بولدى، قاراقاش، ئاق يۈزلۈك بۇ چوكان تارتىنىپقىنا يېنىمغا كېلىپ:

— ئۇستام، ئالدىمىزدىكى ناھىيە بازىرىغىچە سېلىۋالغان بولسىڭىز، — دېدى.

بۇ ساھىبجامال چوكان قەلبىمنى دولقۇنلىتىۋەتتى. دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ

بەردىم. ھەر كۈنى مۇشۇنداق ھەمراھ بىلەن سەپەر قىلىشقا توغرا كەلسە ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ كېتىۋەرگەن بولاتتىم.

تۇرۇپلا ئۇ شەھەرلىكمىدۇ، يېزىلىقمىدۇ، دېگەننى ئويلاپ قالدىم. توم، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىغا، كۆتۈرۈۋالغان قارا بېرېزېنت سومكىسىغا قاراپ سەھرالىقمىكىن، دېدىم. لېكىن ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى شەھەرلىكلەرگە ئوخشاپراق كېتەتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدىممەن سۆز باشلاپ.

— تۇراخان.

مەن سەل جىمىپ قالدىم.

مەن ئۇنى رازىيەگۈل، چىمەنگۈل دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق ئىسمى بار چوكانمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولۇپ قالغان بولسا ئىسمىنى يۆتكىۋەتكەن بولاتتىم.

— ئۆيىڭىز ناھىيە بازىرىدىمۇ؟ — دېدىممەن.

— ياق، ئارقىمىزدا قالغان مەھەللىدە، ناھىيە بازىرىدا ئاكام بار، ئاپتوبۇسقا كېچىكىپ قاپتىمەن.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

— دېھقان. دېھقان بولغاندىن كېيىن ئېتىزدا ئىشلەيمەن شۇ.

— تۇرقىڭىز دېھقانغا ئوخشىمايدىكەن.

— قانداق دەيسىز. ياماق كىيىملەر بىلەن يۈرسەك دېھقانغا ئوخشايتتۇقمۇ؟

— ياق، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. سىزنى مۇئەللىممىكىن دەپتىمەن.

— مۇئەللىمچىلىك بىزگە نېسىپ بولمىدى.

— ئېرىڭىز باردۇ؟

— بار، سىزگە ئوخشاش شوپۇر، ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدۇ.

— مۇنداق دەڭ، خېلى باي ئوخشىمامسىلەر؟

— ئانچە ئەمەس.

— باي بولغاندىكىن يول كىراسىغا 30 كوي بېرەرسىز؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئاپتوبۇستا ماڭساق يەتتە كويلۇق يول بۇ.

— مېنىڭ ماشىنام ئاپتوبۇسقا ئوخشىمايدۇ.

— نېمىلا بولسا ئىنساپ بىلەن بىر نېمە دەڭ.

— ھېلىمۇ ئىنساپ بىلەن شۇنچىلىك دېدىم.

— ئىنساپ بىلەن دېمىگەن بولسىڭىز 60 كوي دەيتتىڭىزمۇ؟

— نەچچىلا دېسەك بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساب-تە.

— بوپتۇ، ئون كوي بېرەي.

— ئونبەش كوي بېرىڭ ئەمىسە.

— ئاپتوبۇسنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق تۆلەمدىمەن؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

— بولدى، ماشىنىڭىزنى توختىتىڭ! مۇشۇ يەردىلا چۈشۈپ قالاي.

— ئەخمەق بولماڭ، مەھەللىڭىزدىن 10 — 20 كىلومېتىر ئۆزاپ كەتتىڭىز.

— باشقا ماشىنا توسۇپ ماڭىمەن.

— بايكەن دېسەم پۇلغا خوپلا ئامراق-كەنسىز جۇمۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، پۇل ئالمايمەن.

— مۇۋاپىق دېسىڭىز مەنمۇ ئانچە بېخىل ئەمەس.

— ئىشىڭىز ئالدىراش بولسا ئەللىك كوي دېسەممۇ بېرەتتىڭىز، — دېدىم. قورسىقىم يەنە تولغاپ ئاغرىپ كەتتى. ماشىنىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىر ھازا ئولتۇرۇپ يەنە مېڭىپ كەتتىم.

— سىز بۇرۇن بۇ يولدا مۇشۇنداق

يۈك ماشىنىدا مېڭىپ باققانمۇ؟

— ياق، بىز ئۇ مەھەللىدىكىلەر بازارغا بارماقچى بولساق كىرا تۆلەپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىمىز.

— بىزدەك شوپۇرلارنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق قاتتىق.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. يول ئازابى گۆر ئازاۋى دەيدۇ ئەمەسمۇ.

— بەزىدە سىزدەك خېنىملار ھەمراھ بولغاندا يول ئازابى بىلىنمەيدۇ.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ جىمپىلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ. گەپ قىلغاچ ئولتۇرمامسىز.

— نېمە دەيمەن، دېگۇدەك گەپ بولمىسا.

— سىزنى قىزىق-قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىدۇ، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدۇ، دەپ سىلىۋالغانمەن.

— ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز.

— يول دېگەندە كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ ماڭمىساق ئاسانلا زېرىكىپ قالىمىز، قارىغاندا شوپۇرغا ھەمراھ بولۇپ مۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە چىقمىغان ئوخشايسىز.

— ئېرىم بىلەن ماڭغان.

— ئېرىڭىز سىزنى ئېلىپ ماڭغىنىغا تازا پۇشايمان قىلغاندۇ.

— نېمىشقا؟

— باشقا ئاياللارنى ماشىنىغا سىلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ-دە.

— مېنىڭ ئېرىم ئۇنداق ئادەم ئەمەس.

— ناۋادا سىز شوپۇر بولۇپ قالغان بولسىڭىز، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۇچراپ قالسا ئىككىلەنمەي ئەرنى سېلىپ ماڭاتتىڭىز. ئېرىڭىزمۇ شوپۇر بولغاندىكىن مۇنداق ئىشلاردىن خالىي ئەمەس.

— ئىشقىلىپ بىز بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىمىز.

— ھازىرچە ئېرىڭىزگە ئىشىنىپ تۇرۇڭ. بىز بىردەم كۆڭۈل ئاچايلى.

— تېتىقسىز گەپنى قىلماڭا. ئاياللىڭىز باردۇ.

— بار. ئايالىم بىلەن پات-پات بىرگە بولالمىغاچقا سىزدەكلەرگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ سەھرالىق بوش ئەمەستەك قىلاتتى. ھە دېگەندە مېنى گەپتە ئوسال قىلىپ، ھېچلا تۇتۇق بەرمەي تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قورسىقىم ئاغرىپ كېتىپ ماشىنىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى سەل-پەل ياخشىلانغاندا ماشىنىغا چىقتىم.

— بىر قارارغا كېلىپ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدىمەن.

— نېمە قارار ئۇ، — دېدى چوكان ئەندىكىپ.

— نېمە بولماقچى، كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان ئىشچۇ؟

— سىزنى خېلى دۇرۇس ئادەممىكىن دەپتىكەنمەن. نېملەرنى دەپ يۈرىسىز.

— بۇ سايدا دۇرۇس ئادەم بىلەن دۇرۇس ئەمەس ئادەم ئوخشاش. ئەمدى قۇرۇق گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن."

مەن چوكاننى بوينىدىن قۇچاقلاپ تارتتىم. شۇ پەيتتە يۈزۈمگە چاڭلا قىلىپ بىر شاپىلاق تەگدى. كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— ھەي سەھرالىق تومپاي! يۈزى ئېچىلمىغان قىزمىدىڭ سەن ئۇنچىلىك قىلىپ، ئاغزىدىن ئانىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان قىزلارمۇ مۇنچىلىك قىلمىغان.

— مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىمىدىڭ سەن. بۈگۈن مېنىڭ دېگىنىم دېگەن. كىرامۇ ئالماي

ماشىنىغا سېلىشۋالغىنىم قېنى.

— مانا پۇلۇڭنى ئالمامسەن، — ئۇ ئونبەش يۈەننى ئورۇندۇققا تاشلىدى.

— قوشلاپ ھەق تۆلەي دەمسەن. بوپتۇ پۇلنىمۇ ئېلىپ تۇراي، يەنە 15نى چىقار.

— پۇلدىن قورقۇتماقچىمۇ سەن مېنى؟ مانا ئال، — ئۇ يەنە ئون كويلۇقتىن ئىككىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى. مەن پۇللارنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، يەنە ئايالغا تاشلاندىم. ئۇ تەييارلىق قىلىپ تۇرغانىكەن، چاققانلىق بىلەن يەرگە چۈشۈپ قولىغا ياپىلاق بىر تاشنى ئالدى. قاش قەلىمى بىلەن ماشىنامنىڭ نومۇرىنى ھېلىقى ياپىلاق تاشقا يېزىۋالدى.

— بىلىپ قوي، ئاكام ناھىيە بازىرىدا، سەن بېرىپ ئالدىدىن ئۆتتىدىغان تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ساقچىسى. ئەگەر يەنە ئەسكەلىك قىلدىغان بولساڭ مەن سېنىڭ بىلەن شۇ جايغا بېرىپ سۆزلىشىمەن.

— ئەگەر سېنى مۇشۇ سايدا تاشلەۋېتىپ كەتسەم كىم بىلەن سۆزلىشەسەن؟

— ماشىناڭنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالدىم. خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتسەڭلا كۆنلەرنىڭ بىرىدە سۆزلىشىۋالىمىز. ئەگەر تىنچ ماڭساڭ بۇ ئىشلارنى ئۇ يەرگە بارغاندا تىلغا ئېلىپ يۈرمەيمەن.

مەن سەل بوشاپ قالدىم.

بۇ بوش سەھرالىق ئەمەسكەن. چۈنكى، مەن ئالدى بىلەن شۇ قاتناش پونكىتىغا بېرىپ تېزىمغا ئالدۇرىمەن. يەنە كېلىپ بۇ يولدا دائىم مېڭىپ تۇرىمەن.

— چاقچاق قىلىپ قويسام قىلىقلىرىنى كۆرۈڭ بۇنىڭ. سېنىڭدەك تېزەك دەسسەپ يۈرىدىغان تومپايلارغا ئۈنچىلىك قىلىپ كەتمەيمىز ھوي، — دېدىممەن ئۇنتۇرغىنىمەنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن.

ئۇ يەنە ماشىنىغا چىقتى. ئەمدى ھەر ئىككىمىز گەپ-سۆز قىلىشماي جىمجىت ماڭدۇق. بۇگۈن بىر سەھرالىقنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ئېھتىمال ئۇ ئوقۇتقۇچى ياكى شۇ قاتناش ساقچىسىنىڭ ئايالى بولۇشى مۇمكىن. سەھرالىق چوكانلارنىڭ ئىچىدىن بۇنىدىقى ئاسان چىقمايدۇ.

ئون نەچچە كىلومېتىر مېڭىپلا قورسىقىم مۇجۇپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. بۇ قېتىم ھاجەت قىلىشمۇ كار قىلمىدى. ئاخىر بولماي يول ياقىسىدىكى شىغىللىق يەردە تۇگۈلۈپ يېتىپ قالدىم. ئاغرىق توختاش ئۈياقتا تۇرسۇن بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى شۇ ھالدا يېرىم سائەتچە ياتتىم.

— سېنىڭ مەقسىتىڭ نېمە؟ — دېدى چوكان يېنىمغا كېلىپ.

— قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— يالغان. شۇنداق قىلىپ مېنى يالۋۇرتماقچىسەن.

— ئىشەنمىسىڭىز ماشىنا توسۇپ مېڭىپ تۇرۇڭ، مانا سىز بەرگەن پۇل، — دېدىممەن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، ئۇ پۇلنى ئالمىدى.

ئارقامدىن بىر ماشىنا كەلدى. چوكان ماشىنىغا قول كۆتۈرۈپ توختاشقا ئىشارە قىلدى. شوپۇر مېنىڭ تونۇشۇم ئىكەن. ئۇ توختاش ئۈياقتا تۇرسۇن:

— ياشاپ كەت بارات! — دەپ چاقچاق قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. خىيالىدا ئۇ مېنى كۆڭۈل ئېچىۋاتىدۇ دېگەن چېغى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەممىسنى توسىدى، بەزىلەر چوكانغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، بەزىلەر كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بىر ئەر كىشى مۇنداق غىلىڭ سايدا سوزۇلۇپ يېتىۋالسا ئايال كىشگە ماشىنا توختامدۇ.

سەن ماڭامسەن، ماڭمامسەن؟ — دېدى چوكان غەزەپلىنىپ.

— مىدىرلىغۇچىلىكىم يوق، — دېدىممەن

(ئاخىرى 160-بەتتە)

مۇھەممەتئىمىن جاپپار

# ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى ساھەسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە شائىر. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشتى.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئاساسلىق ئىجادىي پائالىيىتى شېئىرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۈمىد دولقۇنلىرى» (1951-يىلى ئالما-ئاتىدا نەشر قىلىنغان)، «كۈرەش دولقۇنلىرى» (1957-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋە «يېڭىش دولقۇنلىرى» (1986-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) قاتارلىق توپلاملىرى بار.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي ھاياتىغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىنى مۇنداق تۆت دەۋر — باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، 1940-يىلدىن 1950-يىلغىچە بولغان دەۋر، ئىككىنچىسى، 1950-يىلدىن 1966-يىلغىچە بولغان دەۋر، ئۈچىنچىسى، 1966-يىلدىن 1976-يىلغىچە بولغان دەۋر، تۆتىنچىسى، 1976-يىلدىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يىللار. ئۇنىڭ «ئۈمىد دولقۇنلىرى»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېزىلغان بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەرد-ئەلەملىرى، زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشلىرى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىسال ئۈچۈن ئۇنىڭ 1945-يىلى يېزىلغان «سىڭلىمغا» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

غەمكىن ھەم مۇڭلۇق مىسكىن سىڭلىم سەن،

تۈتقۇن بوپ ياتتىڭ يىشىگنى تۆكۈپ.
مەن دەيمەن ساڭا سىگلىم كۆيۈنۈپ،
بەخت تۇردۇ سىنىڭدىن مۆكۈپ.
ئاھ دەپ يىغلايسەن، قاراپ ئاسمانغا،
كۆرۈنمەس ساڭا، تۇمان ئارا ئاي؛
سۈرۈلمەيدۇ ھېچ كۆكتىكى بۇلۇت
ياكى ئامەتلەر ئاچمايدۇ چىراي
زەپ بولدۇڭ سىگلىم، جىگىرىم - باغرىم،
ھەسرەتكە پاتتىڭ، تاپماستىن ئىلاج؛
مىنىڭ دىلىمدا ئۆچمەس شۇئارىم
كىيسەن بىر كۈن بەختىڭ سەن تاج.

1949 - يىلى جۇڭگودا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى «ئۈچ چوڭ تاغ» نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى. شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆز قەلەمداشلىرى قاتارىدا ئازادلىقتىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا قىزغىن تەنتەنە قىلدى، بۇ زور غەلبىنىڭ كاپالەتچىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، ماۋزېدۇڭنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلىدى. ئۇنىڭ 1950 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان شېئىرلىرى ئاساسەن سىياسىي لىرىكىلار ۋە مەدھىيەلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاز بىر قىسمىنى تەبىئەت، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ 1950 - يىلى يازغان «ئاتقاندا تاڭ» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

داھىي ماۋزېدۇڭ قىلغاندا جاكا
سۈرۈلۈپ بۇلۇت يۈز ئاچتى ئاسمان.
بىيجىڭغا شۇدەم تىكلەنگەندە تۇغ،
جۇڭگودا ئىبلىگە ياغدى شەرەپشان.

شائىر 1952 - يىلى «بىيجىڭ» ناملىق شېئىرىدا:

بىيجىڭ جان دىلىم بىيجىڭ كۆز نۇرۇم،
بىيجىڭ مۇقەددەس بىزنىڭ تەختىمىز.
بىيجىڭدا سۆزۈم بىيجىڭدا كۆڭلۈم،
بىيجىڭدا دوستۇم بىزنىڭ بەختىمىز.

دەپ يازغان بولسا، 1963 - يىلى يازغان «ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدا:

ئۇلۇغ جۇڭگو ئانا ۋەتىنىم
دىلىدىن - يۈرەكتىن سۆيىمەن ھامان.
سەن چىن مېھرىبان كۆيىمەن ساڭا،
سىنىڭ يولۇڭدا پىدا قىلىپ جان.

دەپ يازدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەلقەم ئەختەم ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ (1950 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە) ئالدىنقى ئالتە يىلدا بىر قەدەر كۆپ شېئىر يازدى، كېيىنكى ئون يىلدا، يەنى 1957 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بىر قانچە پارچە شېئىر، ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ئەسلىمە ھەم باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «يىراقتىكى ئۈچقۇنلار» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يازدى، چۈنكى ئۇ بۇ يىللاردا كۆپىنچە ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى ۋە ش ئۇ ئا ز يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى سىياسىي، كەسپىي، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى.

1966 - يىل مايدىن 1976 - يىل ئۆكتەبىرگىچە بولغان 10 يىلدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئېلىمىزدىكى زور بىر تۈركۈم قەلەم ئىگىلىرى قاتارىدا قەلىمىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ يىللاردا ئۇ «زەپ ئەلەم چەكتىم بۈگۈن»، «دەر ماڭا تارىم شۇ دەم»، «دىلدا شۇ زات» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ «تۆت كىشىلىك گورۇھ» قا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەن يىللاردا يېگى باھاردىن چەكسىز سۆيۈنگەن ئەلقەم ئەختەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ قالغىنىغا قارىماي، قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر قاتار شېئىرلارنى يېزىپ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نى بىر يولىلا تارمار قىلغان كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

* * *

ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس شەكىلگە ئىگە.

شائىر ئۆزىنىڭ پۈتكۈل شېئىر ئىجادىيىتىدە بارماق ۋەزنىنىڭ بەش بوغۇملۇق سەككىز مىسرالىق شەكلىدىن پايدىلانغان (ھەر بىر مىسراسى بەش بوغۇمدىن، ھەر بىر كۇبلېتى سەككىز مىسرادىن شەكىللىنىدۇ، بۇ ھالدا تۆتىنچى ۋە سەككىزىنچى مىسرالار قاپىيىلىنىدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى مىسرا جۈپلەپ بىر مىسراغا ئايلاندۇرۇلسا، ھەر بىر مىسراسى ئون بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق شېئىر شەكلىگە كېلىدۇ، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ شېئىرىي رىتىم بۇزۇلماي ئاھاڭدارلىق ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ).

مەسىلەن:

داھىي ماۋزېدۇڭ (a) / قىلغاندا جاكا (b)

سۇرۇلۇپ بۇلۇت (C) / يۈز ئاچتى ئاسمان (b)

بېيجىڭغا شۇدەم (a) / تىكلەنگەندە تۇغ (b)

جۇڭخۇا ئېلىگە (C) / ياغدى شەرەپشان (d)

. . . . . . . . . . . . .

مەن مېڭىپ ئۆتتۈم (a )/ دەريا بويىدىن (b)
كەچقۇرۇن شامدا (C ) / ئايدىڭ ئاخشامدا (d )
ئېچىلىپ-يايراپ (a ) / خوش بولدى كۆڭلۈم (d)
ئاڭلا سەن دوستۇم (C ) / مۇڭ يوق ناخشامدا (d )

. . . . . . . . . . . . .

«ئۆتمۈشتە كۈنلەر (a) سۈرلۈك تۈن بولۇپ (d)
تۇراتتى دائىم (C) / مېنىڭ ئالدىمدا (d )
ئۇرۇپ يانچىلغان (a ) / قانچە-قانچە جان (d )
ئۇلار تېخى بار (C ) / مېنىڭ يادىمدا (d )

. . . . . . . . . . . . .

بۇ خىل شېئىرىي شەكىل ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسان قوبۇل قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئوقۇلدى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىغا كىرگۈزۈلدى.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئاددىي، يەڭگىل، ئاھاڭدار بولۇشىغا ئېتىبار بېرىپلا قالماستىن، ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش جەھەتتىمۇ باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۇ قەدەر چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب تىلىنىڭ ساپلىقىدىن ئىبارەت.

شائىرنىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىمۇ ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

مەنزىلگە ماڭدىم يوللارنى باستىم
تاغنىڭ باغرىدا قىرلارغا قاراپ.
ئالدىمدا شامال ئۈستۈمدە بۇلۇت
كۈننى قاپلىغان چۈشمەيتتى ئاپتاپ.
يوللار بەك ئۇزۇن مېڭىشمۇ قىيىن،
سوغدا دالادا ئېدىرلار ئارا.
كۈنلەر كۆڭۈلسىز نەپەس ئېلىش تەس،
ئالدىمدا تۇمان سۈرلۈك قاپقارا.

. . . . . . . . .

نۇرلىنىپ ھەم گۈللىنىپ كۈلدى ھايات كەلگەندە ياز،
دەل-دەرەخ كىمخاپ كىيىپ شوخ تولغىنىپ قىلماقتا ناز؛
كەڭ ئېتىز-گۈلشەن ئېتىزغا قارىدىم سۆيۈندى دىل،
قاقتى تورغايلار قانات سايراشلىرى ئەجەبمۇ ساز.

ئوينىشىپ ئەركىن ئۇزۇپ ئۆردەكلىرىم خۇش يايرىدى،
كۆللىرىم بولدى ئاۋات ياز مەزگىلى كەلگەندە غاز.
كەڭ ئېتىزنىڭ باغرىدا ئۆملۈك ھايات تەنتەنىسى
بوز ئېچىپ باشلاندى توي دېھقانلىرىم چالغاندا ساز.
ياز كېلىپ توي باشلىنىپ، بارلىق ھايات بولغاندا خۇش،
دېدى بوز يەرلەر ماڭا باغرىمدىكى سۇ تېخى ئاز.
قارىدىم، راست بۇ يەرلەر سۇغا بەك قانمايدىكەن،
دەيدىكەن بوز: ئارمىنىم دېھقانلىرىم ئۆستەڭنى قاز.
چاپتى ئۆستەڭنى دېھقانلار كۆلدى بوز سۇغا قېنىپ،
دېدى ئىلھام: قېنى شائىر بۇ يېڭى گۈلشەننى ياز.

* * *

«كۆز ئۇلىتىدۇ، ئاي يورۇتىدۇ.» كۆز بىلەن ئايدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزاتلار ئىنسانىيەت نەزەرىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ خاسىيەتلىكتۇر. ئەپسۇسكى ئايىنىڭمۇ دېغى بار. شائىر ئىنسانغۇ، ئۇمۇ ئەلۋەتتە بەزى «داغ»لاردىن خالىي ئەمەس، سېلىشتۇرمىغۇچە پەرقنى بىلگىلى بولمايدۇ. يولداش ئەلقەم ئەختەمنى يېتۈك شائىرلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ تارلىقى، مەزمۇن جەھەتتىكى تەكرارلىق، شېئىرىي پىكىردىكى تېيىزلىك، شېئىرىي شەكىلدىكى قاتماللىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى نەشر قىلىنغان «يېڭىش دولقۇنلىرى»نى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. «يېڭىش دولقۇنلىرى» توپلىمىغا جەمئىي 48 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى پارچىسى «سائادەتخان»، «ئالۋاستى» قاتارلىق داستان، 11 پارچىسى ئاساسەن «تاڭ»، «تاڭ ئاتتى»، «تاڭ ئاتقاندا»، «كومپارتىيىگە»، «بىيجىڭ»، «ۋەتەن»، «ئاتمىغاندا تاڭ»، «ئاتقاندا تاڭ»، «ئۇلۇغ پارتىيە» قاتارلىق تەكرار شېئىرلاردىن ئىبارەت.

* * *

يۇقىرىدا شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزدۇق. شائىر ئەلقەم ئەختەم ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سېلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولدى. كېيىنكى دەۋرلەردە سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىرىك ھەم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتالمىدى. شائىرنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىش يولىدا قوشقان تۆھپىلىرى تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئۇ ئورۇنداپ كېتەلمىگەن ۋەزىپىلەرنى ئۇنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار جەزمەن ئورۇندايدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

بارىجان زەپەر

# «دەرۋازىۋەن» نىڭ خاسىيىتى

ھېلىھەم ئېسىمدە، مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان، ئەدەبىياتقا نىسبەتەن سەبىي قەلبىمدە ئەمدىلەتىن ئىشتىياق قوزغىلىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئەدەبىي ژۇرناللارنى ئاجايىپ ھېرىسمەنلىك ئىلكىدە ئوقۇيتتۇم. شۇ چاغلاردا «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلى)نىڭ 1977-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان غوپۇر نۇرنىڭ «جۇزۇڭلى مەڭگۈ ھايات» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى كۆچلۈك دىققىتىمنى قوزغىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى تېخنىكا يېڭىلاش تېما قىلىنغان «مۆجىزە» («شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» نىڭ 1979-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان)، تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «يول» («شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» نىڭ 1980-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ھېكايىلىرىنى ۋە قانۇن ئېڭى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جىنايەت» («ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق دىرامىسىنى ئوقۇپ، ئاپتوردا بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان ئىنتىلىش بىلەن يالقۇنلاۋاتقان قىزغىن بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، مەن يەنە غوپۇر نۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 11-سانىدا ئېلان قىلىنغان «دەرۋازىۋەن» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىشقىدا لاۋۇلدىغان يۈرىكى ھېلىھەم يېنىۋېتىپتۇ. ئۇ سەبىيلەرنى تەربىيەلەش، ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىشتەك ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىشلار بىلەن ھەمىشە ئالدىراش يۈرسىمۇ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئۇنتۇماپتۇ.

پارس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئدى: «ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال، بەس-مۇنازىرىسىز ئىلىم، سىياسەت-قانۇنى بولمىغان دۆلەت» دەپ ئېيتقانىدى. بۇنىڭدىن قانۇن-تۈزۈمنىڭ دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. غوپۇر نۇر «دەرۋازىۋەن» ناملىق ھېكايىسىدە دەل.ئەنە شۇ مۇقەددەس قانۇن ئېڭىنى تېما قىلىپ تۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزدىكى «ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويىدىغان» بىر

قىسىم كىشىلەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغان...

بۇ ھېكايىنى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش يېقىدىن خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، دېيىشكە بولىدۇ. ھېكايىدە ئاساسەن بىر ئىدارىدىكى خوجىلىق بۆلۈم مەسئۇلى ھەسەن، قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئالىم، يەنى « مەن » ، دەرۋازىۋەن رەخىم، ئىدارە باشلىقى نىياز ۋە ھەسەننىڭ ئوغلى قۇدرەت قاتارلىق بىر قانچە شەخسنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەسەن ۋە رەخىم ئوبرازلىرى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ھەسەن دىلى زەھەر، شەخسىيەتچى، ھوقۇقپەرەس شەخس. ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئۇستازى رەھمىتۇللا ئەپەندىنى كۆرەش قايىنمىغا ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ ناھەق ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ئاشۇ رەزىل تەبىئىتىدىن يانماستىن، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان رەخىمگە ھە دېگەندە قارا چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇقىرىغا ئەرز بېرىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۇنى ئامال قىلىپ ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە، كۆزدىن يوقىتىشقا ئورۇنىدۇ... ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئۇنىڭ مەقسىتى خوجىلىق بۆلۈم مەسئۇللىقىدىن ئىبارەت قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئوغلى بىلەن شېرىكلىشىپ ئىدارىنىڭ پولات-ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاپ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ بىنورمال ھەرىكەتلىرىنى ئۇزمەي داۋاملاشتۇرالىشى نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ يولىنى توسماسلىقى، ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقى كېرەك. مانا بۇ ئۇنىڭ ئازغۇن، ناپاك خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسى. بۇ تەرىپى ھېكايىدە ناھايىتى ئەپچىل ئېچىپ بېرىلگەن.

ھەسەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا باشقىلارغا قالپاق كىيدۈرۈپ، يالا چاپلاپ ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، چوڭىلىدا توختىمايدىغان، تۇتامى يوق بىر تالاي گۇناھلارنى رەخىمنىڭ ئۈستىگە توقۇپ، ئۇنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى چاكىنا، زەئىپ ئامىللارنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.... ئاخىرىدا ھەسەننىڭ رەخىم ئۈستىدىن يۇقىرىغا يازغان ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈلۈپ، پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىدۇ. ئەكسىچە تۆھمەت چاپلىغۇچى ھەسەننىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇ چاغدا يېقىلغاق چېلىشقا تويماپتۇ، دېگەندەك، ئۇ يېڭى كەلگەن يۇقىرى رەھبەرلىكنى ئىزدەپ، پىتنە-پاسات تېرىشقا ماڭىدۇ. بۇ ئۇنىڭ رەزىللىكىگە ياندىشقان ئۆزگەرىشنى خالىمايدىغان، سەممىيەتسىز خاراكتېرىنىڭ ئىسپاتى.

ھېكايىدىكى يەنە بىر پېرسوناژ — دەرۋازىۋەن رەخىم ھەققانىيەتچىل، ئادىل، مىننەتسىز بىر يىگىت. ئەسەردىكى پۇتكۈل دراماتىك توقۇنۇش مۇشۇ دەرۋازىۋەن يىگىتنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئۇ ھەسەننىڭ ئوغرىلىقلىرىنى كۆرمىگەنگە سالسا، ئۇنىڭ

بىلەن ھەپىلەشمىسە، تىنچ، دىشۋارسىز ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى يول قويمايدۇ. ئۇنىڭدا كۈچلۈك قانۇن-تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش تۇيغۇسى، شۇنداقلا دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئالىيجاناب بىر روھ بار. شۇڭا ئۇ ناتوغرا ئىشلارنى كۆرسە، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ توسىدۇ، چەكلەيدۇ. شۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچرىسىمۇ چېكىنمەيدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قەتئىيلىك، ھەققانىيلىق ۋە ئادالەت روھى بىزگە شۇنچە چىن، شۇنچە يېقىن تۇيۇلىدۇ، شۇنداقلا قەلب تارىمىزدا كۈچلۈك بىر تەسىر پەيدا قىلىدۇ. رەخىم بىزگە خۇددى قانۇن دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن پوستىتا تۇرغان قەيسەر بىر جەڭچىدەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر سۆيۈملۈك يېرى شۇكى، ئۇ ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ قاراشقا تېگىشلىك ئىدارە دەرۋازىسىغا ئۆزى يالغۇز قارايدۇ. تېخى ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، مەجرۇھ بولسىمۇ ۋايسىمايدۇ، ئىدارىدىن ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېسىل پەزىلىتى ھېكايىدە ھەسەننىڭ شەخسىيەتچى، رەزىل خاراكتېرى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان.

ھېكايىدىكى باشقا پېرسوناژلار ئوبرازلىرىمۇ لايىقىدا، تەبىئي يارىتىلغان بولۇپ. بەدىئي ئەدەبىياتنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى چىن، ھەققىي يارىتىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن.

ئاپتور ھېكايىسىدە بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم تېما — قانۇن-تۈزۈم تېمىسىنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. يېڭىچە بەدىئي تەپەككۇر يولى بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنى تاۋلاپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، قىسقىغىنا بىر ھېكايە ئارقىلىق كەڭ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇننى كىتابخانلار ئالدىغا قويغان. جەمئىيىتىمىزدە قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھوقۇق، بايلىق ئارقىلىق قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. «دەرۋازىۋەن» نى دەل ئاشۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن بىر دەرسلىك، بىر خاسىيەتلىك دورا دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

«دەرۋازىۋەن» ھېكايىسىدىكى مۇھىت تەسۋىرلىرى ئىخچام، ئوبرازلىق بولۇپ، ئاپتور ئارتۇقچە يېزىشتىن ساقلانغان. قوللىنىلغان تىل توغرا، ئېنىق، تەسىرلىك. بولۇپمۇ پېرسوناژلار دىئالوگلىرى ئاددىي ھەم جانلىق، شۇنداقلا راۋان. شۇڭا كىشىنى خېلىلا جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ بەلگىلىك بەدىئي دىتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، «دەرۋازىۋەن» ياخشى يېزىلغان ھېكايە. بۇ ھېكايە بۈگۈنكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا قانۇننى قوغداش، قانۇن ئېڭىنى تۇرغۇزۇشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتورنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى، ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشمەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ماقالىلەر

ۋېن لىپىڭ

## «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» توغرىسىدا

**پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەدەنىيەت خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يۆنىلىشنى، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش فاڭجېنىنى، ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش فاڭجېنىنى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بېيجىڭ تىياتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى.**

يۇقىرىقى سۆز يولداش جياڭ زېمىننىڭ «مېي لەنفاڭ، جۇ شىنفاڭلار تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1994-يىل 27-دېكابىر جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»دىن ئېلىنغان. يولداش جياڭ زېمىن بۇ سۆزىدە «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش»نى ئوچۇق ۋە تەنتەنىلىك ھالدا پارتىيىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت فاڭجېنى قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ، ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلىنىشى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تۇرمۇشىدىكى زور ئىش.

«ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قويغان تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ يەنە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاڭلىق تەتبىق

قىلىنىش بولدى.

هەر بىر دەۋر، هەر بىر جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسىي ئېقىمى ۋە بۇ ئاساسىي ئېقىمنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەۋر روھى، شۇنىڭدەك ئىدىئولوگىيە ساھەسىنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولىدۇ. ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەتلا بولىدىكەن، ھامان دەۋر روھىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ. لۇشۈن: «ئەدەبىيات-سەنئەت خەلق روھىدىن چاقنىغان نۇر، شۇنداقلا خەلق روھىنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مەشئەل» دېگەنىدى. بۇ سۆزدە ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى چوڭقۇر يىغىنچاقلانغان. ئېلىمىزدە يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، باشتىن-ئاياغ خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىپ كەلدى. لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلار مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي گۈللىنىش ئىشلىرىغا ئۆز قەلىمىنى تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ھاياتىنى ۋە ئىسسىق قانلىرىنىمۇ تەقدىم قىلدى. دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى جارى قىلدۇرۇش ئەدەبىيات-سەنئەتكە تېگىشلىك ئارتۇق ۋەزىپە بولماستىن، بەلكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنىڭ ئېھتىياجى. ئەدەبىيات-سەنئەت دەۋردىن ئايرىلالمايدۇ، دەۋرنىڭ تەلىپىدىن ۋە خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، توڭگىشىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان سانسىز پاكىتلا بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى ئەھۋالدا «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» تېخىمۇ ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بىر قەدەر قالاق، تاۋار ئىگىلىكى تېخى تەرەققىي تاپمىغان «تۆۋەن باسقۇچ» تا تۇرماقتا، «كۆپ خىل شەكىلدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل غەيرىي ئومۇم مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا» دەپ ئۇچۇق كۆرسەتتى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇم مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك راۋاجلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەككە ئىگىلىك، مۇستەقىل مەبلەغ سېلىنغان ئىگىلىك ۋە چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار قاتارلىق ھەر خىل غەيرىي ئومۇم مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلانماقتا. «مۇئەييەن مەدەنىيەت — مەلۇم ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ئىنكاسى». ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ كۆپ خىللىقى مۇقەررەر يوسۇندا ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئەكس ئېتىپ، ئىدىيە ۋە

مەدەنىيەت جەھەتتە مۇرەككەپلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بىز ئىشىكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى ۋە پايدىلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كىرگۈزدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربنىڭ نۇرغۇن چىرىك ئىدىيىلىرىمۇ كىردى. بەزىلەر، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى مەۋجۇت بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئىدېئولوگىيە ساھاسىدە كۆپ مەركەزلىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنى يولغا قويساق بولامدۇ؟ دېيىشتى. بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىقكى، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە، باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىنغان ئىگىلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر-بىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كۆپ مەركەزلىك مۇناسىۋەت ئەمەس. دېمەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغانىكەن، ئۇنداقتا مەنىۋى ساھەدە كۆپ مەركەزنى تەكىتلىمەستىن، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغۇزۇش كېرەك. بىراق، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرمىساق ۋە زورايتمىساق، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئىدىيىۋى بازىسىنى چىرىتىشىنى توسمىساق، كۆپ مەركەز بارلىققا كېلىدۇ، ھەتتا كاپىتالىزمنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. غەربتىكى بەزى «ستراتېگىيە ئالىملىرى» كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ غايىسىنى ۋە ئەقىدىسىنى پارچىلايمىز، دەپ تەكرار داۋراڭ سېلىپ كەلدى، مەملىكەت ئىچىدىمۇ بەزىلەر ئاشكارا ماقالە ئېلان قىلىپ، «سەرخىللەر مەدەنىيىتى» بىلەن «ئاممىۋى مەدەنىيەت» نى، بىرلىشىپ، «ئاساسىي مەدەنىيەت» نى، يەنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى يوقىتىشقا چاقىردى. ھازىر ھەقىقەتەن يېڭى ئەھۋال كېلىپ چىقتى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋەزىيىتى ئىلگىرىكىگە زادى ئوخشىمايدۇ. خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى تۆرغۇن ھالەتتە تۇرماقتا. سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا. قانداق قىلغاندا ماركسىزمنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل يات ئېقىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ئىچىدە ساغلام يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ دېمەك، «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» مۇشۇنداق يېڭى ئەھۋالغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم تەدبىر.

ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىك مەخسۇس زور تېمىلارنى، ھازىرقى تېمىلارنىلا تۇتۇش دېگەنلىكمۇ؟ تېما مەسىلىسى كارايىتى چاغلىق مەسىلە ئەمەس. بىز كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى، كونا ئىشلارنى يېزىشنى

قوۋۋەتلمەيمز. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: « بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمز سوتسيالستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۇرۇش جەھەتتە تېخمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا. كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ: « ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەيدىغان، مەزمۇنى ساغلام، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش» كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، بىز زور تېمىلارنى ۋە ھازىرقى زامان تېمىلىرىنى يېزىشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىراق، بۇ ئىجادىيەت تېمىسىنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەپ قويغانلىق ئەمەس. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى تېمىنى يېزىشتا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە. زور تېما، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان تېمىلىرى دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، باشقا تېمىلارمۇ دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئوخشاش تېما ھەر خىل سەنئەتكارنىڭ پىششىقلىشى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدا مۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. يولداش جياڭ زېمىن 1992-يىلى: « ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسيالىزم ۋە كوللېكتىۋىزم جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامى بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەندى. يولداش جياڭ زېمىن ئۆتكەن يىلى يەنە: « ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرىمىز دېگەندە نېمىز، جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە سوتسيالىزمغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى، ھالال ئەمگىكى بىلەن باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، مەسىلە ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. « ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە تېما، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتە چەكلىمە قويغانلىق ئەمەس. ئۇ يازغۇچىلارنى دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېما، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدۇ ھەم يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۇرۇپلا

قالماستىن، كەڭ يولنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بەزىلەر، ئاساسىي مۇقامنى تەشەببۇس قىلغانلىق — پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى كونا يولغا قايتقانلىق، ئەدەبىيات-سەنئەتكە «ئەمەلدارلارنىڭ ئىرادىسى» بويىچە ئارىلاشقانلىق، دېيىشمەكتە. مۇنداق دېيىش ئاساسسىز. بىزنىڭ سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىمىز بازار ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى ھەممە ساھەگىچە كېڭەيتىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلسا، ئۇچاغدا ستىخىيلىك، تەرتىپسىز ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدۇ-دە، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىساد ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئىقتىسادىي ساھەدە ماكرولۇق باشقۇرۇشنى ئېلىپ بارىمىز دەۋاتىمىز. مۇنداق ئەھۋالدا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى قانداقمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولسۇن؟ مەيلى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشتا، بەزىلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەزىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ، ھەممىسىنىلا بولۇشىغا قويۇۋەتمەيدۇ. ماركس ۋە ئېنگېلس: «ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى — ھەر بىر دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىيە» دېگەنىدى. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىش ساختىپەزلىك بولىدۇ. فرانسىيىنىڭ بىر سابىق رەھبىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆز كۆز قارىشىنى قىلچە يوشۇرماستىن: «بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز شەخسلىكنى ئازاد قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىدۇ، كوللېكتىۋىزملىق جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئۇنۇمدارلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن. ئۇ تۈزگەن دۆلەت سىياسىتىمۇ كوللېكتىۋىزمدىن ئىبارەت بۇ «مەركەز»نى ئاشكارا چەتكە قاققان. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسيالىستىك دۆلەت. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئاساسىي مۇقامنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كىشىلەرنى بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە باي ئەسەرلەر ئارقىلىق دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسيالىستىك ئىدىيە بازىسىنى كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز ئاساسىي مۇقامنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى قەدىرلەيمىز، ئاساسىي مۇقامدىن باشقا يەنە ئاساسىي مۇقامغا ماس كېلىدىغان سادالارنىمۇ قارشى ئالىمىز. بۇ تەدبىرلەر ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق، ھەرگىزمۇ سولدىن چىقىپ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق ئەمەس.

1989-يىلى كۈزدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاساسىي مۇقام بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقاندىن بۇيان، «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ شوئار، ئەمەلىيەتتە، ئاكتىپ،

روشەن ئۇنۇم هاسىل قىلدى. ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئۇرغۇپ تۇرغان ياخشى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. هازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپە ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاجىز هالقىلارنى تولۇقلاپ، دەۋر روهىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشتىن ئىبارەت. جايلاردىكى يولداشلار بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، ئىجادىيەت پىلانلىرىنى تۈزدى، ئىجادىيەت تېمىلىرىنى بېكىتتى، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنى تۇرمۇش بازىلىرىغا ئىگە قىلدى، ئىجادىيەت مۇهاكىمە يىغىنلىرىنى ئاچتى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، هازىر زور كۈچ سەرپ قىلىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ئالاهىدە زۆرۈر.

1. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5-قېتىملىق يىغىنىدا: «توغرا دۇنيا قاراشنى ۋە كىشىلىك قاراشنى تىكلەش، مەيلى ئۆتمۈش، هازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، هەر بىر كادىر ۋە پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇهىم مەسىلە» دەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆز ئەدەبىيات-سەنئەت ساهەسىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيە ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنى بولۇشى كېرەك. بىر مەزگىلدىن بۇيان، كىشىلەر ئىدىيە جەهەتتە ناهايىتى جانلىنىپ كەتتى ۋە زور داۋالغۇشمۇ يۈز بەردى. «كۆز قاراشنى يېڭىلاش» جەريانىدا، بەزىلەر هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان بولسا، يەنە بەزىلەر ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى، جۈملىدىن ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىئىنەزەرلىرىگە دائىر تۈپ پرىنسىپلىرىنى كونا كۆز قاراش قاتارىدا ئىنكار قىلدى. ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلار ئىنسان روهىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇشى كېرەكمۇ-يوق، ئىنقىلابىي غايە ۋە ئەقىدىگە ئىگە بولۇشى كېرەكمۇ-يوق، دېگەن مەسىلىلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت ساهەسىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى هەر خىل بولدى. «غايە»، «ئەقىدە»، «بۇرچ» قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مەسخىرىلەر گېزىتلەردىمۇ پات-پات كۆرۈلۈپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا قاراش قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل جەهەتتىكى مەسىلىلەرنى هەل قىلىۋېلىشىغا، تۇرمۇشنى توغرا نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزىتىشىگە، ئىنكاس قىلىشىغا ۋە بىنايان دېگىزدا رولىنى توغرا تۇتۇپ مېڭىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. هازىر بۇ مەسىلىلەرنى تولۇق هەل بولۇپ كەتتى، دېگىلى بولمايدۇ.

2. ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زور مەسىلە. ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسىدە ئورگانلار

كېلەڭسىز، ئىش ئاز، ئادەم كۆپ بولۇش، باشقۇرۇش جانلىق بولماسلىق، داشقازاننىڭ تامقىنى يېيىشتەك ئىللەتلەر ساقلىنىپ كەلدى. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان بەزى تارماقلاردا باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، ئىنتىزام بوشىشىپ كېتىش، تەقسىمات ئادىل بولماسلىق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشتەك يېڭى ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ھازىر بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان نەرسە ئىقتىساد مەسىلىسى. بەزى چاكىنا، تېتىقسىز نەرسىلەر يۇقىرى پايدا قوغلىشىش تۈپەيلىدىن يامراپ، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى بازىرى ئىتتىك ماللارغا ئايلىنىپ قالدى. ئاساسىي مۇقامنى تەشەببۇس قىلىدىغان بەزى سۈپەتلىك نەرسىلەرنىڭ بولسا، ئىقتىسادىي ئارقا تېرىكى بولمىغاچقا، ئىجاد قىلىنىش ۋە تارقىلىش جەريانى ناھايىتى قىيىن بولماقتا. يېقىندىن بۇيان، بەزى تارماقلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە دائىر بەزى تۈرلەرگە مالىيە جەھەتتىن ئالاھىدە ئېتىبار بەردى، بۇنىڭدا بىر قىسىم مەسىلە ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل بولمىدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاشقا، ئەسەرلەرنىڭ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بارغانسېرى ئەدەبىيات-سەنئەت شۇنچە تاۋارلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ناھايىتى مۇھىم ھالقا. ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمىمىزنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ھەم زور كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەم-ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىگە تولۇق ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاساسىي مۇقام بويىچە ئىش قىلىپ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان، دەۋرگە مۇناسىپ نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

(«ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1995-يىل 20-ئۆكتەبىر سانىدىن)

**ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى**

# تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1995 - يىل 1 - دېكابىردا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن تەھرىر ھەيئەتلەرگە ژۇرنالنىڭ 1995 - يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ھەمدە ژۇرنالنىڭ 1996 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1995 - يىللىق «〈تارىم〉 ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن بەش پارچە ئەسەر ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۆزلىرىنىڭ سۆيەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۇزمەي تەمىنلەپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەش ئاپتورمۇ يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى.

تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىن جەريانىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەش، «تارىم» ژورنىلىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس - بەس بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، تەقدىرىگە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقىدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. تەھرىر ھەيئەتلەر بىردەك مۇنداق دەپ قاراشتى: «تارىم» — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان نوپۇزلۇق ئانا ژۇرنال. شۇڭا ئۇ تەشەببۇسكارلىق، باشلامچىلىق بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل ھالدا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى، ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بىز ھازىر كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. «تارىم» مۇ رىقابەتكە يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈشى، كىتابخانلار ئارىسىغا، تۆۋەنگە، رېئال تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، سۈپەتلىك ئەسەرلەر كەم بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشى؛ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى پەيدىنپەي يېڭىپ، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشى لازىم. ھازىرغىچە بىزدە بىرەر رومان دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ

باقمىدى. « تارىم » ژۇرنىلى ھەرقايسى
نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلان-
غان نادىر رومانلاردىن پارچىلارنى بېرىش
ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. يازغۇچىلارنىڭ
ساپاسى ئۆسسە، ئىجادىيەتنىڭمۇ ساپاسى
ئۆسىدۇ. شۇڭا، يەنىلا دادىللىق بىلەن
يېڭىشنى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى تەكىتلەش-
كە توغرا كېلىدۇ. يازغۇچىلارنى تۇرمۇشقا
چۆكۈشكە، ئىسلاھاتنىڭ قاينام-تاشقىنلىق
ئالدىنقى سېپىگە بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش
جەھەتتە « تارىم » مۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك
رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. يازغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ 40 يىل جەريانىدا ئىجاد
قىلغان نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنى ژۇرنالدا
قايتا ئېلان قىلىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەق-
قىياتىغا، ئىز باسارلارنى يېتىلدۈرۈشكە
پايدىلىق. تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ رولىنى
ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، بەزى چىگىش،
مۇرەككەپ، ھەل قىلىش تەس بولغان
مەسىلىلەرنى تەھرىر ھەيئەتلەر بىلەن
بىرلىكتە ھەل قىلغاندا، « تارىم » نىڭ
خىزمىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن « بەش بىر قۇرۇلۇشى »
قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئاپتونوم
رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن
« تارىم » ئوتتۇرىغا كۆپرەك چىقىپ، يېڭى
تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

(بېشى 143-بەتتە)

ئۆزۈممۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك زەئىپ ئاۋازدا.
ئۇ پۈتۈن بەدىنىمدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتكىنى-
نى كۆرۈپ گېپىمگە سەل ئىشەندى بولغاي،
دىلغۇل بولۇپ پېشانەمنى تۇتۇپ باقتى.
— سوقۇرئۈچەي بولۇپ قالغاندەك
تۇرىمەن، — دېدىمەن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.
— ئەمدى قانداق قىلىمىز، راستىلا
سوقۇرئۈچەي بولۇپ قالغان بولسىڭىز دەرھال
دوختۇرغا بېرىشىڭىز كېرەك، بولمىسا ئۈچەي
يېرىلىپ كېتىپ قالسا ... — ئۇ سوقۇرئۈچەي
يېرىلىپ كەتسە ئۆلسەن دېمەكچى بولۇپ
يالتىيىپ قالدى. بۇ ئاقىۋەتنى ئويلاپ پۈتۈن
بەدىنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۈچ بالام،
ئايالىم كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى.
— تېزدىن بىر ئامال قىلىڭ ... —
دېدىمەن جىددىيلىشىپ.
چوكان مېنى يۆلەپ كەپىنىگە چىقار-
دى. ئۆزى رولىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.
— سىز نېمە قىلماقچى؟
— سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي
دەيمەن. ئۆلسىڭىزمۇ ئاشۇ يەردە ئۆلەرسىز.
— ماشىنىنى ھەيدىيەلەمسىز؟
— ئېرىم ئانچە-مۇنچە ئۆگىتىپ قويغان.
ئاستا ھەيدەپ ماڭارمەن.
ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، خوتقا
سالدى. ماشىنا بىر ئالدىغا، بىر ئارقىغا
سىلكىنىپ مېڭىپ كەتتى. ئاستا بولسىمۇ
بىرىنچى خوتتىلا ماڭسىكەن دەپ تۇراتتىم.
بىراق ئۇ 2-، 3-خوتلارغىمۇ سېلىپ بىر
ئوبدانلا كېتىۋاتاتتى. مەن بۇگۈن پەرىشتىگە
يولۇققان ئوخشايمەن. ئۇ مۇشۇ تۆمۈرنىمۇ
بويسۇندۇردى. مېنىمۇ بويسۇندۇردى. ھايا-
تىمنىمۇ ساقلاپ قالماقچى.

**مەسئۇل مۇھەررىر رۇزىمەھەممەت جۇمە**

# ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ژۇرنىلىمىز يېڭى يىلىڭىزنى قۇتلۇقلايدۇ.

سىز بىلىسىز، ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تىراژى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز يېڭى يىلدىن باشلاپ ئېلان كەسپىنىمۇ يولغا قويۇپ، سىزنى ئەۋزەل ئېلان مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە بىرلەشمە مەبلەغلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا كەڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپ، سىز ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ۋە يېزىق ئېلانلىرىنى بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ھەم يېزىق ئېلانلىرىمۇ ۋەكالىتەن بېجىرىلىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى، كارخانىچىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**«تارىم» ژۇرنىلى ئېلان بۆلۈمى**

ئالاقىلاشقۇچى: قېيۇم تۇرسۇن. تېلېفون: 4516214

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-نومۇر.

ئېلان كەسپى رۇخسەتنامىسى: 新工商广字 01005419 号

ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى نۇرلۇق يول باشقارمىسى

ھېسابات نومۇرى: 511261098

## 本刊欢迎刊登广告

尊敬的读者朋友，首先祝贺您新年欢乐！

您知道本刊是国内外公开发行。发行量大，发行范围广，影响较大的大型文学月刊。本刊从新年开始开展刊登广告业务，为您刊登广告开劈广阔天地·本刊原成为全民，集体，个体工商企业。乡镇企业和合资企业产品在国内外拓宽市场。进行宣传和交流信息的园地并热情为您服务。本刊将刊登各种内容，图文并茂的广告。代办个人各种内容图文并茂的广告。欢迎各企业，企业家和个人在本刊刊登广告。

«塔里木»杂志广告部

联系人：克尤木。吐尔逊

电话：4516214

地址：乌鲁木齐市友好南路 22 号

广告业务许可证：新工商广字　01005419 号

开户银行：乌鲁木齐市建设银行光明路分理处

帐号：　511261098





《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》　电子排版中心
正文印刷：　乌鲁木齐市印刷厂
封面印刷：　《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1996-يىل 1-سان (419-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002-9044
国内统一刊号：CN 65-1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 01005419 号